مەملىكەت بويىچە ئىجتىمائىي پەنلەر تۈردىكى مۇنەۋۋەر ئىلمىي ژۇرنال
3- ۋە 4- نۆۋەتلىك شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈردىكى مۇنەۋۋەر ئىلمىي ژۇرنال

ISSN 1005-5878

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى

## ئىلمىي ژۇرنىلى

( پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى )

# 新 疆 大 学 学 报

# JOURNAL OF XINJIANG UNIVERSITY

ISSN 1005-5878

2009. 3

www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

## (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

## پەسىللىك ژۇرنال


باش مۇھەررىر
**ئوسمان ئىسمايىل تارىم**
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر
**ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن**
**قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**
بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى
**ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن**
**مۇقىم سەھىپىلەرنىڭ مەسئۇللىرى**
«غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى
**ئوسمان ئىسمايىل تارىم**
«سىياسىي، ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىلمى تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى
**مۇسا روزى**
«تىل ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى
**تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى**
«ئەدەبىيات تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى
**ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن**
«قانۇن، تارىخ ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى
**قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

**2009 ـ يىللىق 3 ـ سان**
**(ئومۇمىي 119 ـ سان)**

بۇ ساندىكى مۇندەرىجە ۋە قىسقىچە مەزمۇنلارنى
خەنزۇچىغا تەرجىمەقىلغۇچى: مادىيوەن
ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: جوش
رۇسچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: زۇلھايات ئامانۇللا
بەت لايىھىلىگۈچى: ئەنۋەر مۇھەممەت



**تەھرىر ھەيئەتلەر**
ئابدۇكېرىم رەھمان بۇچى
ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان
ئارسلان ئابدۇللا تەھۇر
ئابدۇقادىر جالالىدىن
ئابلىكىم ھەسەن
ئابدۇشۇكۇر مۇللەك يۇرچى
ئابدۇۋەلى ھامۇت
ئادىل مۇھەممەت تۇران
ئابدۇبەسىر شۇكۇرى
ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن
ئاسىمە نىياز
ئەسەت سۇلايمان ئۇيغار
پەخىردىن ھىسامىدىن
چىمەن نەجمىدىن
دىلمۇرات ئۆمەر
رازراق تۆمۈر
راھىلە داۋۇت ئەلچىن
شېرىن قۇربان
غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر
قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى
كۇرەش مەھمۇتجان رەئىسى
كېرىمجان ئابدۇرەھىم
مۇختەر مەخسۇت
مۇھەببەت قاسىم
ئوسمان ئىسمايىل تارىم
ئۆمەر مەھمۇت

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى(پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

30 ـ يىللىق 3 ـ سان(ئومۇمىي 119 ـ سان)　　　2009 ـ يىلى سېنتەبىر


## بۇ ساندا

### غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى تەتقىقاتى


تارىخىي سېلىشتۇرما ئۇسۇل بىلەن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى توغرىسىدا ......
.......................................... ئۆمەر داۋۇت (1)

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ ھال كاتېگورىيىسى توغرىسىدا ... ئابدۇرېھىم راخمان (13)

مەكتىپىمىزنىڭ سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىدا يېڭىلىق يارىتىش توغرىسىدا مۇلاھىزە
............................ ئەركىن مۇھەممەتتۇرسۇن (20)

ئېكولوگىيىلىك مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىگە نەزەر ........
.......................................... چىمەن نەجمىدىن (27)


### سىياسىي، ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىلمى تەتقىقاتى


شىنجاڭنىڭ مۇلازىمەت كەسپىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە تەدبىرلەر..........
.......................... ئېلياس جالالىدىن، ئابلىمىت كېرەم (33)

نۆۋەتتە ئالىي مەكتەپلەردىكى ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر ۋە
ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ تەدبىرلىرى توغرىسىدا .................. زۇلھايات ئىسمائىل (41)


### تىل ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى


ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەكرارلانما سۆزلەر توغرىسىدا ............... رەشىدە ھېمىت (46)

باشقا تىللارنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىسىغا بولغان تەسىرى توغرىسىدا.........رۇقىيە ئوسمان (49)

قەدىمكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە ئۈزۈمنىڭ دورىلىقتا ئىشلىتىلگەنلىكى ھەققىدە قايتا ئىزدىنىش.......
.......................... ئابلىز مۇھەممەت سايرامى (53)

ئۇيغۇرلاردا رەڭ مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن سىمۋوللۇق مەنىلەر توغرىسىدا.........
.......................... ئابلىمىت مۇھەممەت يىلتىزلىق (64)


### ئەدەبىيات تەتقىقاتى


ئۆتۈملۈك تېمىلاردا يېزىلغان ئىجادىي ئەسەرلەر قانداق بولۇشى كېرەك ...مۇھەممەت ئابلىز بۆرەيار (71)

يېڭى دەۋر ئۇيغۇر پروزىلىرىدىكى ئەپسانىۋىي تۈس توغرىسىدا ..............باتۇر مەخسۇت (76)

زوردۇن سابىر پوۋېستلىرىدىكى ئاياللار ئوبرازى توغرىسىدا ............. شەرىپە ئابدۇغۇپۇر (88)


### قانۇن، تارىخ ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى


مۇلۇك ھوقۇقىغا توغرا نىيەتتە ئېرىشىش تۈزۈمى توغرىسىدا .............. غەيرەت نۇرەخمەت (97)

جۇڭگو قانۇن تۈزۈم تارىخىنى ئۆگىنىشكە قارىتا ئىلمىي مۇئامىلە قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا .....
.......................................... ئەركىن توختى (105)


### پېداگوگىكا ۋە كۇتۇپخاناشۇناسلىق تەتقىقاتى


چوڭلار مائارىپىنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا ........... مۇختەر ئەبەيدۇللا (111)

«ھازىرقى زامان جۇڭگو ئەدەبىياتىدىن تاللانما» دەرسلىكىنى خەنزۇ تىلىدا ئۆتۈشتە ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە
ئۇنى ھەل قىلىش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا.................. گۈلجامال ئابىت (115)

پسىخىكىلىق مەسلىھەت ۋە پسىخىكىلىق داۋالاش توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە....ئاسىيە ھېكىم (119)

چەتئەل تىلىنى ئۆگىنىشتە دەرسلىكنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا.................روشەن ئىمىن (125)

ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىدىكى كاتالوگ تۈزگۈچى خادىملارنىڭ كەسپىتىن زېرىكىش ئامىللىرى توغرىسىدا
.......................................... سالامەت سەمەت (131)

كۇتۇپخانىنىڭ ساپا مائارىپىدا تۇتقان ئورنى ۋە رولى توغرىسىدا................. رەنا ئالىم (137)



ژۇرنالنىڭ ئاساسىي پارامېتىرى: CN65-1034/G4-W*1980*Q*$A_4$*140*ug*P*¥6.00*700*21*2009-09

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

新疆大学学报（哲学社会科学维吾尔文版）

第 30 卷第 3 期（总 119 期）　2009 年 9 月

# 目　录

## 西域文化研究

论历史比较法与《突厥语大词典》中的比较方法……吾买尔·达吾提（1）
论现代维吾尔语动词体的范畴……阿布都热依木·热合曼（13）
论我校政治指导员教师队伍建设中的创新……艾尔肯·买买提吐尔逊（20）
从生态文化的视角看刀郎歌舞艺术……奇曼·乃吉木丁（27）

## 政治、经济与管理学研究

新疆服务行业发展状况、存在的问题及措施……伊力亚斯·加拉力丁、阿布力米提·克里木（33）
当前高校青年教师教学工作中存在的问题及解决的措施……祖拉亚提·司马义（41）

## 语言与文化研究

论现代维吾尔语的重叠词……热西达·伊米提（46）
论其他语言对维吾尔语语音的影响……茹克亚·奥斯曼（49）
再探古代维吾尔族医学中葡萄入药的史实……阿布力孜·买买提（53）
论维吾尔族的颜色文化及其表达的象征意义……阿布力米提·买买提（64）

## 文学研究

用通行题材创作的作品应该是什么样的……买买提·阿布力孜（71）
论新时期维吾尔散文中的神话色彩……巴图尔·买合苏提（76）
论祖尔东·沙比尔中篇小说中的妇女形象……谢丽帕·阿布都吾甫尔（88）

## 法律、历史与社会学研究

论善意取得产权的制度……海热提·努尔艾合买提（33）
科学地对待中国法制史学习的必要性……艾尔肯·托乎提（41）

## 师范与图书馆学研究

论成人教育面向农村的必要性……木合塔尔·艾拜都拉（111）
《中国现代文学作品选》汉语授课中存在的问题及解决的办法……古丽加玛力·阿比提（115）
简论心理咨询与心理治疗……阿斯亚·依克木（119）
论教材在外语学习中的重要性……茹先·伊明（125）
关于高校图书馆编目人员职业厌倦的因素……沙拉买提·赛买提（131）
论图书馆在素质教育中的地位和作用……热娜·阿里木（137）

〔期刊基本参数〕：CN65-1034/G4-W*1980*Q*$A_4$*140*ug*P*¥6.00*700*21*2009-09

30 ـ يىللىق 3 ـ سان
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
第 30 卷第 3 期
2009 ـ يىلى سېنتەبىر
新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)
2009 年 9 月

ماقالە نومۇرى: 12 ـ 001 ـ 03 (2009) 5878 ـ 1005

# تارىخىي سېلىشتۇرما ئۇسۇل بىلەن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىكى سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى توغرىسىدا*

ئۆمەر داۋۇت
(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى، 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە قوللىنىلغان سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىققا قوشقان ئاساسلىق تۆھپىسى مۇھاكىمە قىلىنىپ، مەھمۇد كاشغەرىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىسى، ـ دېگەن قاراش يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلىنىدۇ.

**摘要：** 本文对历史比较语言学的比较方法和“突厥语大词典”中所采用的比较方法的异同及麻氏对比较语言学所做出的主要贡献进行探讨与归纳，以求进一步佐证麻赫穆德.喀什噶里是比较语言学的奠基人的观点。

**Abstract:** This article attempts to contrast comparative similarities and differences of the comparative method in historical comparative linguists and comparative method in ***Divanu Lugahat-it Turk***, as well as it discuses Mahmud Kashkari's main contributions in the comparative linguistics. In doing so, it verifies Mahmud Kashkari's role as the founder of comparative linguistics.

**كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H0**
**ماتېرىيال بەلگىسى: A**

## 1. مەسىلىنىڭ قويۇلۇشى

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (تۆۋەندە «دىۋان» دەپ قىسقارتىپ ئېلىنىدۇ.) نىڭ بىردىن بىر قول يازما نۇسخىسى 1917 ـ يىلدىن 1919 ـ يىلغىچە تۈركىيىدە نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ تۈركىيە ئالىمى بەسىم ئاتالاي ئۇنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىپ، نەشر قىلدۇرغاندىن بۇيان، نۇرغۇن دۆلەت ۋە رايونلاردا بىر قىسىم ئالىملار «دىۋان» نىڭ تەرجىمىسى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. جۈملىدىن «دىۋان»نى كۆپ خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىشتى، بىرمۇنچە خاس ئەسەرلەر نەشر قىلدۇردى ۋە كۆپلىگەن ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. ئۇلار ئىچىدە بەزى ئالىملار مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تىلشۇناسلىققا قوشقان تۆھپىسىگە تۈرلۈك نۇقتىدىن باھا بېرىشتى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 ـ، 70 ـ يىللىرىدىلا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بەزى ئالىملىرى مەھمۇد كاشغەرىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىسى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئەزەربەيجان ئالىمى A.M دەمىرچىزادە «مەھمۇد كاشغەرىينىڭ سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى» دېگەن ماقالىسىدە «مەھمۇد كاشغەرىي تۈركىي تىللارنىڭ فونېتىكىسى، گرامماتىكىسى ۋە لېكسىكىسى جەھەتتە ئومۇمىي ۋە ئايرىم نۇقتىلار بويىچە سېلىشتۇرۇش ئېلىپ

* بۇماقالە 2008 ـ يىلى 5 ـ ئىيۇن تاپشۇرۇپ ئېلىندى.
ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى: ئۆمەر داۋۇت (1963 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، ئومۇمىي تىلشۇناسلىق ئوقۇتۇشى ۋە ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



بارغان. بۇ بەزى تۈركولوگلارغا مەھمۇد كاشغەرىينى سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىسى، ـ دەپ تونۇش ئىمكانىيىتىنى تۇغدۇردى» دەپ كۆرسىتىدۇ①:

«دىۋان» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەشرىنى تەييارلىغۇچىلار تەرىپىدىن ئالدىدا بېرىلگەن «ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ئۇنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى ‹ تۈركىي تىللار دىۋانى›» دېگەن ماقالىدە: «سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ياۋروپادا 19 ـ ئەسىردە باشلانغان بولسا، شەرقتە خېلى بۇرۇنلا ۋۇجۇدقا كەلگەن. 11 ـ ئەسىردە ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىي بۇ پەننى يېڭى باسقۇچقا كۆتەرگەن. مەھمۇد كاشغەرىي بۇ ئۆلمەس ئەسىرىدە تۈركىي تىللار بىلەن ئەرەب تىلىنى سېلىشتۇرغاندىن باشقا، يەنە تۈركىي تىللارنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغان.» دەپ كۆرسىتىلگەن②. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا «دىۋان» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۈچ تومى ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، «دىۋان» تەتقىقاتى، جۈملىدىن ئۇنىڭ تىلشۇناسلىق قىممىتى توغرىسىدىكى تەتقىقات ئومۇمىيۈزلۈك قانات يېيىپ، تەدرىجىي چوڭقۇرلىششقا قاراپ يۈزلەندى. بۇنىڭ ئارقىسىدا خېلى كۆپ ئالاقىدار نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى.

نەسرۇللا يولبولدى ئەپەندى «مەھمۇد كاشغەرىي — سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىسى» دېگەن ماقالىسىدە: «مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تىلشۇناسلىققا قوشقان تۆھپىسى بىر قەدەر ئەتراپلىق بايان قىلىنىپ مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: «مەھمۇد كاشغەرىي ‹دىۋان›ى ئارقىلىق ئەينى دەۋردىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ تارىخى، ئېتنوگرافىيىسى، جۇغراپىيىسى قاتارلىقلارنى ئەرەبلەرگە تونۇشتۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى تىلشۇناسلىق ئىلمىگە، بولۇپمۇ سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىققا ئاساس سېلىپ بەرگەن. ئۇ سېلىشتۇرما ئۇسۇلنى قوللىنىپ، تۈركىي تىللارنىڭ فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گراماتىكا جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلغان»③. ۋاڭ يۈەنشىن ئەپەندى «جۇڭگو مىللىي تىلشۇناسلىق تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە «دىۋان» نىڭ تۈركىي تىللار تەتقىقاتى ساھەسىگە قوشقان تۆھپىسى ئۈستىدە توختىلىپ: «مەھمۇد كاشغەرىي تۈركىي تىللارنى سېلىشتۇرۇشلا ئەمەس، تۈركىي تىللار بىلەن ئوخشىمايدىغان تىپلىق تىللارنى سېلىشتۇرۇشنىمۇ باشلاپ بەرگەن. ئۇ ‹دىۋان› دا تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكلىرى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يىراق ـ يېقىن بولۇشىغا ئاساسەن تۈركىي تىللارنى تۈرلەرگە ئايرىغان. دۇنيا مىقياسىدىن ئالغاندا، ‹دىۋان› بىر قەدەر بۇرۇن يېزىلغان سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ④. پەرىدە ھامۇت خانىم «‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› نىڭ لۇغەت تەركىبىمىزنى بېيىتىشتىكى رولى» دېگەن ماقالىسىدە «دىۋان» نىڭ تىلشۇناسلىق قىممىتىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «‹دىۋان› نىڭ قىممىتى ئالدى بىلەن دۇنيا سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقىنى بەرپا قىلغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بۇ نادىر ئەسىرى يىمىرىلمەس پاكىتلار بىلەن ئۇنىڭ سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاتىسى بولۇشقا تامامەن مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا»⑤. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى چېن باۋيا ئەپەندى «مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تارىخىي تىلشۇناسلىقتىكى ئىككى تۆھپىسى» دېگەن ماقالىسىدە مەھمۇد كاشغەرىينى تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ۋە تىللار ئۆچرىشىشى تەتقىقاتىنىڭ پېشىۋاسى، ـ دەپ كۆرسىتىدۇ⑥.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن كېيىن ئېلىمىزدە «دىۋان» تەتقىقاتىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىششى بىلەن، مەھمۇد كاشغەرىينى سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىسى دەيدىغان بايانلار بىر قىسىم ئالىملارنىڭ ئەسەر ۋە ماقالىلىرىدە كۆرۈلدى⑦. ۋەھالەنكى، ئىلىم ساھەسىدە بۇ خىل قاراشنى رەت قىلىدىغان پىكىر ـ قاراشلارمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى. بىراق ئېلىمىزدە نەشر قىلىنغان

«تىلشۇناسلىق تارىخىدىن ئوچېركلار»⑧، «جۇڭگو تىلشۇناسلىق تارىخى»⑨ قاتارلىق بىر قەدەر نوپۇزلۇق ئەسەرلەردە يۇقىرىقىدەك بايانلار كۆزگە چېلىقمايدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئىلىم ساھەسىدە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىسى ئىكەنلىكى تېخى ئېتىراپ قىلىنمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھەممىگە ئايانكى، «قەشقەر ــ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يۇرتى، جۇڭگو ئۇنىڭ ۋەتىنى، ‹دىۋان› تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت مىراسى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسى؛ ئۇ يەنە ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ئايرىلماس بىر تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ»⑩.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ دۇنيا سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقىشتا ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى بار. بۇ تېما ئېلىمىز دىۋانشۇناسلىق تەتقىقاتى، مىللىي مەدەنىيەت ئىگىلىك ھوقۇقى تەتقىقاتى، مىللىي تىلشۇناسلىق ۋە دۇنيا تىلشۇناسلىق تارىخى تەتقىقاتى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر قەدەر يۇقىرى نەزەرىيىۋى قىممەت ۋە ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىسى ئىكەنلىكىنى ئىلمىي، تولۇق ۋە ئەتراپلىق دەلىللەش ۋە بۇ ئارقىلىق ئىلىم ساھەسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشتە مۇنداق ئىككى نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىلىشى كېرەك دەپ قارايمەن.

بىرىنچىدىن، «دىۋان» نىڭ تىلشۇناسلىق قىممىتى، جۈملىدىن ئۇنىڭ دۇنيا سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقىغا قوشقان تۆھپىسى مىكرو نۇقتىلار بويىچە يەنىمۇ چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىنىپ يىغىنچاقلىنىشى كېرەك.

ئىككىنچىدىن، مەھمۇد كاشغەرىي دۇنيا سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىسى، ــ دېگەن قاراشنى ئادەتتە تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىسى، ــ دەپ قارىلىدىغان دانىيىلىك ئالىم راسمۇس كرىستىن راسك (Rasmus Kristian Rask)، گېرمانىيە ئالىمى فرانز بوپ (Franz Bopp)، گىرىم (Jacob Grimm) نىڭ ئىلمىي تۆھپىسى، جۈملىدىن ئۇلار قوللانغان نەزەرىيە ۋە ئۇسۇللارنى مەھمۇد كاشغەرىي قوللانغان نەزەرىيە ۋە ئۇسۇل بىلەن سېلىشتۇرۇپ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ئارقىلىق دەلىللەپ چىقىش مۇمكىن. تۆۋەندە تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن «دىۋان» دا قوللىنىلغان سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىققا قوشقان ئاساسلىق تۆھپىسى مۇھاكىمە قىلىنىپ، مەھمۇد كاشغەرىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىسى، ــ دېگەن قاراش يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلىنىدۇ.

## 2. تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن «دىۋان» دىكى سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى

سېلىشتۇرۇش ــ ئىنسانلارنىڭ شەيئىلەرنى بىلىش ۋە تەتقىق قىلىشىدىكى بىر ئاساسىي ئۇسۇل، ئۇ ھەم سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى بىر ئاساسىي ئۇسۇل. تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ــ تۈرلۈك ئالاقىدار تىللارنى بىر يەرگە قويۇپ سىنخرونىك (زامانداشلىق نۇقتىسىدىن) سېلىشتۇرىدىغان ياكى ئوخشاش بىر تىلنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك باسقۇچلىرىنى دىئاخرونىك (تارىخىي نۇقتىدىن) سېلىشتۇرۇپ، ئۇلار ئارىسىدىكى فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق ۋە گراماتىكىلىق ماسلىق مۇناسىۋىتى ۋە ئوخشاشلىق ھەم پەرقلەرنى تېپىپ چىقىدىغان پەن بولۇپ، تارىخىي تىلشۇناسلىق دائىرىسىگە كىرىدۇ. «تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ يادروسى بولغان تارىخىي سېلىشتۇرما ئۇسۇل تارىخىي تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ»⑪. كۆپلىگەن ئالاقىدار ئەسەرلەرنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا، تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق بىلەن سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئېنىق چەك-چېگرىسى يوق. لېكىن نامىدىنلا چىقىپ تۇرىدىكى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن پەرق بار. «سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ئاساسەن مەلۇم تىل

www.uyghurkitap.com



سىستېمىسى ياكى مەلۇم تىل ئائىلىسىگە كىرىدىغان قېرىنداش تىللار ئوتتۇرىسىدىكى فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق، گرامماتىكىلىق ۋە ئىستىلىستىكىلىق جەھەتلەردىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەرنى تەتقىق قىلىدىغان ھەمدە ئۇلارنى سىنخرونىك تەسۋىرلەپ سېلىشتۇرىدىغان تىلشۇناسلىق⑫. سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ قوللىنىلىشى تىل تەتقىقات مېتودولوگىيىسىدىكى زور بىر بۆرۈلۈش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تىل تەتقىقاتى كلاسسىك شۇناسلىقتا بېقىندى بولۇش ئورنىدىن مۇستەقىل پەنگە ئايلانغان. تىللارنى سېلىشتۇرۇش تەتقىقاتى ئەنئەنىۋى تىلشۇناسلىق تەتقىقات مېتودولوگىيىسىدىكى زور بۆسۈش بولۇپ، سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ بەرپا بولۇش ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئاساس سالغان⑬. مەھمۇد كاشغەرىي 11 - ئەسىردىلا سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئەينى زاماندىكى تۈركىي تىللار بىلەن ئەرەب تىلىنى سېلىشتۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە تۈركىي تىللار ۋە ئۇلارنىڭ دىئالېكتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەرنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغان. ئۇ تىل ۋە دىئالېكتلارنى سىنخرونىك سېلىشتۇرۇپ، ئەينى زاماندىكى تۈركىي تىللار ۋە ئۇلارنىڭ دىئالېكتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىق مۇناسىۋەتنى تېپىپ چىققان. سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق بىلەن ئوخشايدىغان بۇ نۇقتا سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق 11 - ئەسىردىلا پەيدا بولغان، - دېگەن قاراشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. سېلىشتۇرغاندىلا پەرقنى تاپقىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەسىلىلەرنى تېخىمۇ يېتەرلىك دەلىللەش ئۈچۈن بۇ يەردە تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن «دىۋان» دا قوللىنىلغان سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى سېلىشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ئادەتتە، دۇنيا تىلشۇناسلىق تارىخىغا ئائىت ئەسەرلەردە تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياۋروپادا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ھىندى - ياۋروپا تىللىرىنىڭ فونېتىكىلىق سىستېمىسى ئاساسلىق تەتقىقات نۇقتىسى قىلىنغان، - دەپ قارىلىدۇ. 19 - ئەسىردىكى تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق يەنە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق، - دەپمۇ ئاتىلىدۇ: ئەينى چاغدىكى سانسكرىت تىلى بىلەن ياۋروپا تىللىرىنى سېلىشتۇرۇش — سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ 1 - باسقۇچى بولۇپ قالغان⑭. ئەنگلىيە ئالىمى ۋىلليام جونس ( William Jones) سانسكرىت تىلىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، 1786 - يىلى سانسكرىت تىلى بىلەن لاتىن، گرېك تىللىرى ئارىسىدا ئىنتايىن سىستېمىلىق ماسلىق مۇناسىۋەتنى مەۋجۇتلۇقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئارقىدىنلا، دانىيىلىك ئالىم راسك، گېرمانىيە ئالىملىرى بوپ ۋە گرىم كۆپلىگەن تىللاردا بۇ خىل ماسلىق مۇناسىۋەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بايقىغان. ھەمدە بۇنداق سىستېمىلىق ماسلىق مۇناسىۋەتكە ئاساسەن، ئۇلارنىڭ ئورتاق مەنبىيى — ئىپتىدائىي ھىندى - ياۋروپا تىلىنىڭ ئىپادە شەكىللىرىنى پەرەز قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىپتىدائىي ھىندى - ياۋروپا تىلى بىلەن كېيىنكى تىللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئادەتتە ھەم ئېنىق قانۇنىيەت شەكلى بىلەن ئېنىقلاپ چىققان. راسك 1814 - يىلى تارىخىي سېلىشتۇرما ئۇسۇلىنى قوللىنىپ «قەدىمكى شىمالدىكى تىل ياكى ئىسلاندىيە تىلىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا تەتقىقات» دېگەن ئەسەرنى يازغان. بۇنىڭ بىلەن تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ تۇنجى ئاساسچىسى، - دەپ قارالغان. بوپ 1816 - يىلى «سانسكرىت تىلىدىكى پېئىللارنىڭ تۈرلىنىش سىستېمىسى بىلەن گرېك، لاتىن، پارس ۋە ئارىيان تىللىرىنى سېلىشتۇرۇش» دېگەن ئەسەرنى يازغان. گرىم 1819 - يىلى «گېرمان تىلى گرامماتىكىسى» نىڭ 1 - تومىنى نەشر قىلدۇرغان، ئۇ ئەمەلىيەتتە ئارىيان تىللىرىنىڭ سېلىشتۇرما گرامماتىكىسى ئىدى. بۇ ئۈچ ئەسەر تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ دەسلەپكى

مەزگىللىرىدىكى ئەڭ مۇھىم ئۇل سالغۇچى ئەسەرلەر ھېسابلىناتتى[15]. تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ بۇ ئاساسچىلىرى بىرىنچىدىن، سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، تىل ماتېرىياللىرىنى تەھلىل قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەن. ئىككىنچىدىن، تىل ماتېرىياللىرىنى زامانداشلىق ۋە تارىخىي نۇقتىدىن سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا ئۇلاردىكى فونېتىكىلىق ماسلىق مۇناسىۋىتىنى ئېنىقلاپ چىققان. ئۈچىنچىدىن، ھىندى-ياۋروپا تىللىرىدىكى قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتنى پەرەز قىلىپ چىققان.

19-ئەسىردىكى تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ بەرپا بولۇشى بىلەن، كىشىلەر ئۆز مىللىتىنىڭ تىلى دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ، ئۇنىڭ قېرىنداش تىللىرىنى تېپىش ۋە ئۇنىڭدا كۆرۈلىدىغان ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى ئېنىقلاشنى چۈشىنىپ يەتتى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى تىلنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشنى مەقسەت قىلغان ئەمەلىي تەكشۈرۈش پائالىيىتىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. كۆپىنچە تىلشۇناسلار شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سېلىشتۇرۇش ئېھتىياجى تۈپەيلى تەتقىق قىلىدىغان تىللارنى ئۇزۇن مۇددەتلىك تەكشۈرۈشنى باشلىغان. ئادەتتە، دالا تەكشۈرۈش ئۇسۇلى تىلشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەردىكى ئەڭ ئاساسلىق ئۇسۇل بولۇش سۈپىتى بىلەن 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرى 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بارلىققا كەلگەن،- دەپ قارىلىدۇ. لېكىن، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، بۇ خىل ئۇسۇل مىلادى 11-ئەسىردىلا شەرق تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىدا ئىلمىي يوسۇندا قوللىنىلغان. بۇ ئىشنى دەل داڭلىق ئۇيغۇر تىلشۇناسى مەھمۇد كاشغەرىي باشلاپ بەرگەن[16]. ئۇ خان جەمەتىدىن بولۇپ، ئەينى زامانغا نىسبەتەن بىر قەدەر ياخشى تىل تەكشۈرۈش شارائىتىغا ئىگە ئىدى. مىلادى 1056-يىلى مەھمۇد كاشغەرىي قەشقەردىن ئايرىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئون نەچچە يىللىق ئىلمىي سەپىرىنى باشلىغان[17]. بۇ مەزگىلدە، ئۇ تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ھەم ئەينى ۋاقىتتىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ مول تىل ماتېرىياللىرىنى كەڭ چۈشىنىش، ئۆگىنىش، توپلاش ۋە خاتىرىلەش ئىشىنى ئورۇنلاپ، «دىۋان» نى تۈزۈشتە سېلىشتۇرۇشقا بولىدىغانلىكى ماتېرىياللارنى تەييارلىغان. كېيىن ئەڭ ئىلمىي ئۇسۇللار ئارقىلىق بۇ ماتېرىياللار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان[18]. ئۇ «دىۋان» دا مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: «ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن - ئاياغ كېزىپ چىقتىم. تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىزلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە قاپىيىلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۇلاردىن پايدىلاندىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ تىلى مېنىڭ دىلىمغا ناھايىتى پۇختا ئورۇنلاشتى. مەن ئۇلارنى پۇختا رەتلەپ ئوبدان تەرتىپكە سېلىپ چىقتىم»[19].

ئىسلام دۇنياسىنىڭ دەسلەپكى ئەسىرلىرىدىكى ئەرەب فىلولوگلىرىغا ئوخشاش، مەھمۇد كاشغەرىيمۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىلى، شەجەرىسى، مەدەنىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ماتېرىياللارنى رەتلەش ۋە شەرھلەشتە ئۇتۇق قازانغان[20]. قىسقىسى، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ھاياتى، ئۇتۇقلىرى ۋە ئىلمىي كەچۈرمىشلىرى بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدىكى، ئۇ تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىلىرى،- دەپ قارالغان راسك، بوپ ۋە گرىم،- دېگەن ئالىملاردىن يەتتە ئەسىر بۇرۇنلا تىللارنى سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئەينى دەۋردىكى تۈركىي تىللارنىڭ فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گراماتىكىسىنى تەتقىق قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىغا ئاساسەن دۇنيا بويىچە تۇنجى بولۇپ ئوخشىمىغان تىل ۋە دىئالېكتلار ئوتتۇرىسىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ماسلىق مۇناسىۋىتىنى تېپىپ چىققان ھەم بۇ ئارقىلىق ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

فرانسىيە تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسى ئا. مېيې «تارىخىي تىلشۇناسلىقتىكى سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى» دېگەن ماقالىسىدە تارىخىي سېلىشتۇرما

تىلشۇناسلىقنىڭ سېلىشتۇرما ئۇسۇلىنى ئومۇمىيۈزلۈك بايان قىلغان㉑. تۆۋەندە بۇ ماقالىدە شەرھلەنگەن تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن «دىۋان» دا قوللىنىلغان سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى قىسقىچە سېلىشتۇرۇلىدۇ.

1) ئوخشاشلىق

بىرىنچى، تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى بويىچە ئوخشاش تىل ئائىلىسىگە كىرىدىغان تىللار سېلىشتۇرۇلغاندا تىل شەكىللىرى ئەمەس، ئۇلاردىكى ماسلىق قانۇنىيىتىگە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ㉒. مەھمۇد كاشغەرىي سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئەينى زامانىدىكى تۈركىي تىللاردىكى ئۆز ـ ئارا ماسلىق مۇناسىۋىتىنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئاساسىي ئالاھىدىلىكىنى يىغىنچاقلىغان.

A فونېتىكىلىق جەھەتتە:

(1) سۆز بېشىدىكى j تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىش ـ قالماسلىقى. مەسىلەن، jɛlkin ـ ɛlkin (مۇساپىر)، jiliʁ ـ iliʁ (ئىللىق، ئىلمان).

(2) سۆز بېشىدىكى m ـ b تاۋۇشلىرىنىڭ ماسلىقى. مەسىلەن، mɛn ـ bɛn (1 ـ شەخس ئالمىشى)، myn ـ byn (شورپا).

(3) سۆز بېشىدىكى ʤ ـ j تاۋۇشلىرىنىڭ ماسلىقى. مەسىلەن، jintʃy ـ ʤintʃy (ئۈنچە ـ مەرۋايىت)، juʁdu ـ ʤuʁdu (تۆگە جۇغدىيى).

(4) سۆز بېشىدىكى t ـ d تاۋۇشلىرىنىڭ ماسلىقى. مەسىلەن، dɛvɛj ـ tɛvɛj (تۆگە)، ød ـ øt (تۆشۈك).

(5) سۆز ئاخىرى ۋە ئوتتۇرىدىكى v ـ w تاۋۇشلىرىنىڭ ماسلىقى. مەسىلەن، ɛw ـ ɛv (ئۆي)، ɑw ـ ɑv (ئوۋ).

(6) بوغۇم ئاخىرى ۋە ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئارىسىدىكى z ـ j ـ ð تاۋۇشلىرىنىڭ ماسلىقى. مەسىلەن، azaq ـ ajaq ـ aðaq (ئاياغ، پۇت).

(7) سۆزنىڭ ئاخىرى ياكى ئوتتۇرىدا كېلىدىغان ʁ تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىش ـ قالماسلىقى. مەسىلەن، tʃumuq ـ tʃumʁuq (ئالا قاغا)، tamaq ـ tamʁaq (تاماق، بوغۇز).

(8) سۆز ئوتتۇرىسىدا كېلىدىغان ð ـ j تاۋۇشلىرىنىڭ ماسلىقى. مەسىلەن، qaðiŋ ـ qajiŋ (قېيىن دەرىخى)، qajin ـ qaðin (قېيىن ـ بويان).

B مورفولوگىيىلىك جەھەتتە:

(1) پېئىللارنىڭ 1 ـ شەخس، بىرلىك ئۆتكەن ئاددىي زامان قوشۇمچىسى «ـ دىم/ ـ دۇم» دىكى ماسلىق. مەسىلەن، mɛn bardum ـ mɛn bardim (مەن باردىم).

(2) زامان ۋە ماكاننى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان «ـ ʁu / ـ asI» قوشۇمچىسىدىكى ماسلىق. مەسىلەن، barasI jɛr ـ barʁu jɛr (بارىدىغان يەر)، turasI oʁur ـ turʁu oʁur (تۇرۇش ۋاقتى).

(3) كەلگۈسى زامان سۈپەتدىشى ياسايدىغان «ـ aʁan / ـ an» قوشۇمچىسىدىكى ماسلىق. مەسىلەن، خاقانىيە تۈركچىسىدىكى «ol ɛvigɛ baraʁan ol.» (ئۇ ئۆيىگە بېرىۋېرىدىغان ئادەم.) دېگەن جۈملىدىكى «baraʁan» دېگەن سۈپەتداش ئوغۇز تىلىدا «baran» دېگەن شەكىلدە كېلىدۇ. يەنە خاقانىيە تۈركچىسىدىكى «ol ɛr qolini uraʁan ol.» (ئۇ قولىنى ئۇرۇۋېرىدىغان ئادەم ئۇ.) دېگەن جۈملىدىكى «uraʁan» دېگەن سۈپەتداش ئوغۇز تىلىدا «uran» دېگەن شەكىلدە كېلىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئالاھىدىلىكلەر مەھمۇد كاشغەرىي خاقانىيە تۈركچىسى بىلەن ئوغۇز تىلىنى سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا ئېنىقلىغان ئەڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلەر بولۇپ، «دىۋان» ئاپتورىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇلار «ھەممە تۈركىي تىللاردىكى ئاساسىي قائىدىلەر» ھېسابلىنىدۇ㉓.

ئىككىنچى، تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقتىكى سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى بويىچە قارىغاندا، دىئالېكت، ـ دېگەن ئۇقۇم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، دىئالېكتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى زور ئەھمىيەتكە ئىگە. «دىۋان» نىڭ كىرىش قىسمىدا تۈركىي تىللارنىڭ ئەھۋالى ۋە تۈركىي تىللار دىئالېكتلىرىنىڭ پەرقلىرى مۇنداق

كۆرسىتىلگەن: «ئەسلى سۆزلەردە پەرق ئاز بولىدۇ. سۆزلەردىكى پەرقلەر بىر قانچە ھەرپلەر ئورنىغا باشقا ھەرپلەرنىڭ ئالمىشىپ قېلىشىدا ياكى چۈشۈپ قېلىشىدا كۆرۈلىدۇ»[24]. فونېتىكا تەتقىقاتى جەھەتتە، مەھمۇد كاشغەرىي تۈركىي تىللار ۋە ئۇلارنىڭ دىئالېكتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بولۇپمۇ تاۋۇشلاردىكى ئاسسىمىلياتسىيە، چۈشۈپ قېلىش، ماسلىق، نۆۋەتلىشىش، ئاجىزلىشىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى قائىدىلەرنى كۆپلىگەن مىساللار ئارقىلىق تەپسىلىي چۈشەندۈرگەن. ئۇ سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئەينى زاماندىكى تۈركىي تىللار ۋە ئۇلارنىڭ دىئالېكتلىرىنى سىنخرونىك سېلىشتۇرغان ۋە تۈرگە ئايرىغان. بۇ تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقتىكى يۈكسەك نۇقتىلار بىلەن بىردەك ئەھۋال ھېسابلىنىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىدا تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسى خەرىتە ئارقىلىق كۆرسىتىشكە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ؛ چۈنكى جۇغراپىيىلىك تەكشۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر تېخىمۇ قايىل قىلارلىق بولىدۇ، بۇنىڭدا دىئالېكتلارنىڭ چەك - چېگراسى جۇغراپىيە نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈلىدۇ. «دىۋان» ئاپتورى تەكشۈرۈش ۋە سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا يۇملاق شەكىللىك خەرىتە — «دائىرە» ئارقىلىق ئەينى دەۋردىكى تۈركىي تىللار ۋە ئۇلارنىڭ دىئالېكتلىرىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇ توغرىلىق مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان» دا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بالاساغۇنلۇقلار سوغدىچە ۋە تۈركچە سۆزلىشىدۇ. تىراز، بەيزا شەھەرلىرىنىڭ خەلقلىرىمۇ شۇنداق. قەشقەردە كەنچەكچە سۆزلىشىدىغان يېزىلار بار. شەھەر ئىچى خەلقى خاقانىيە تۈركچىسى بىلەن سۆزلىشىدۇ ... بۇلارنىڭ ئورنىنى ئېنىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ھەممىسىنى يەر يۈزى شەكلىدىكى دائىرە ئىچىدە كۆرسىتىپ ئۆتتۈم»[25]. بۇ جەھەتتىكى ئەھۋال تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقتىكى جۇغراپىيىلىك ئۇسۇلغا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن ئوخشايدۇ.

تۆتىنچىدىن، تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىدا، بىر خىل ئومۇملاشقان تىل ھەر قايسى رايونلارغا تارقالغاندا ھەممىشە بىر خىل ئەبجەش تىل بولۇپ قوللىنىلىدىغانلىقى تەكىتلىنىدۇ[26]. سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن مەلۇم تىلنىڭ ئەبجەش تىل ياكى مەلۇم دىئالېكتنىڭ ئەبجەش دىئالېكت ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈش جەھەتتە «دىۋان» نىڭ كىرىش قىسمىدا مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «ئەڭ ئوچۇق ۋە توغرا تىل پەقەت شۇ بىرلا تىلنى بىلىپ، پارسلار بىلەن ئارىلاشمايدىغان ۋە چەت ئەللىكلەر بىلەن بېرىش - كېلىش قىلمايدىغان كىشىلەرنىڭ تىلىدۇر. ئىككى تىل بىلىدىغان ۋە شەھەرلىكلەر بىلەن ئارىلىشىپ قالغان كىشىلەرنىڭ تىلىدا بۇزۇقلۇق بار. سوغداق، كەنچەك، ئارغۇ قەبىلىلىرى ئەنە شۇنداق ئىككى تىل بىلىدىغانلارغا كىرىدۇ ...»[27]. شەك - شۈبھىسىزكى، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بۇنداق يەكۈن خاراكتېرلىك بايانلىرى ئۇنىڭ ئوخشىمىغان تىل ۋە دىئالېكتلارنى ئۇزۇن مۇددەتلىك سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش نەتىجىسىنى ئاساس قىلغان.

2) پەرق

بىرىنچى، تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقتا سېلىشتۇرۇش ئىككى خىل شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ بىرى سېلىشتۇرۇشتىن ئومۇميۈزلۈك قانۇنىيەتنى ئېنىقلاش، يەنە بىرى سېلىشتۇرۇشتىن تارىخىي ئەھۋاللارنى تېپىپ چىقىشتىن ئىبارەت[28]. ئالدىنقى ئۇسۇل «دىۋان» دا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغان بولسىمۇ، كېيىنكى ئۇسۇل قوللىنىلمىغان. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا «دىۋان» دىكى سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقتىكىدەك ھەم سىنخرونىك سېلىشتۇرۇش ھەم دىئاخرونىك سېلىشتۇرۇش بولماستىن، ئەينى زاماندىكى تىللار ۋە دىئالېكتلارنى سىنخرونىك سېلىشتۇرۇش بىلەن چەكلىنىدۇ.

ئىككىنچى، تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقتا

www.uyghurkitap.com



سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق پەرەز قىلىنغان «ئورتاق تىل» ۋە ئەمەلىي مەۋجۇت ھالەتتە ئېنىقلانغان تىللار ئارىسىدا بىر ياكى بىر نەچچە ئۆتكۈنچى «ئورتاق تىل» بولىدۇ[29]. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ ئالدىنقىسى «دىۋان» دىكى سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىدا كۆرۈلمەيدۇ. «ئورتاق ئىپتىدائىي تىل» ياكى «ئۆتكۈنچى ئورتاق تىل» نى سېلىشتۇرۇپ ئېنىقلاش ــــ تارىخىي سېلىشتۇرۇش دائىرىسىدىكى مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي ئەينى زاماندىكى تۈركىي تىللار ئۈچۈن ئۆلچەملىك ياكى ئورتاق بولغان تىل ئۈستىدە توختىلىپ: «ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ساپ تۈركچە، تىللارنىڭ يېنىكى ئوغۇز تىلى، توغرىسى تۇخسى ۋە ياغما تىللىرى، شۇنىڭدەك ئىلى، ئېرتىش، يامار، ئېدىل ۋادىلىرىدىن ئۇيغۇر شەھەرلىرىگىچە بولغان جايلاردا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ تىلىدۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ پاساھەتلىك تىل خاقانىيىنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسىدىكى خەلقنىڭ تىلى ھېسابلىنىدۇ.» دەپ كۆرسىتىدۇ[30].

يۇقىرىقى بايانلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن «دىۋان» دىكى سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئوتتۇرىسىدا ھەم ئوخشاشلىق ھەم پەرق مەۋجۇت. ۋەھالەنكى، ھەر ئىككىلا سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىدا تىل تەركىبلىرىنى سىنخرونىك سېلىشتۇرۇپ، ئۇلاردىكى تاۋۇشلارنىڭ ماسلىق مۇناسىۋىتى ئېنىقلاپ چىقىلىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق تۈرلۈك تىل ۋە دىئالېكتلار ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت جەزملەشتۈرۈلىدۇ. «دىۋان» دا قوللىنىلغان سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقتىكى سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىدا ئوخشاشلا تىللار ۋە دىئالېكتلارنىڭ تۈرگۈن ھالىتىنى سېلىشتۇرۇپ، تەسۋىرلەشكە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ: تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقتا يەنە تىللار بىلەن دىئالېكتلارنىڭ ئۆزگىرىشچان ھالىتىنىمۇ سېلىشتۇرىلىدۇ. بۇ جەھەتتە ئىككى خىل سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى مەلۇم پەرققە ئىگە. لېكىن، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

### 3. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىققا قوشقان ئاساسلىق تۆھپىسى

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تىلشۇناسلىق ساھەسىگە قوشقان كۆرۈنەرلىك تۆھپىسى سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقتا ئىپادىلىنىدۇ. خۇددى «دىۋان» نىڭ كىرىش قىسمىدا «قەدەم ئىزى بىراۋنىڭ ماڭغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ»[31] دېگەندەك، مەھمۇد كاشغەرىي 11 ـ ئەسىردىلا سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلاپ بەرگەن. ئۇنىڭ «دىۋان» ى دەل سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئۈلتىپىشى ھېسابلىنىدۇ: بولۇپمۇ ئۇنىڭدىكى ئۇزۇن سەھىپىلىك كىرىش سۆز سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىققا ئائىت ئەڭ دەسلەپكى مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە شۇنداقلا سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ بەلگە خاراكتېرلىك نادىر ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي قوللانغان نەزەرىيە ۋە ئۇسۇللار ئەينى دەۋردىلا ناھايىتى ئىلغار ھېسابلىناتتى، ئۇ يەنە شۇ دەۋردە بولمىغان نەزەرىيە ۋە ئۇسۇللارنىمۇ يىغىنچاقلاپ قوللانغان. بۇ ھەقتە ئۇ «دىۋان» نىڭ كىرىش قىسمىدا «مەن ئىشنى يېنىكلىتىش ۋە كىتابنى ئىخچام قىلىش ئۈچۈن بۇ ئەسەرنى مەندىن بۇرۇن ھېچكىم ئىشلەتمىگەن ۋە ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان ئالاھىدە بىر تەرتىپتە تۈزۈپ چىقتىم. بىرمۇنچە قائىدىلەرنى تۈزۈپ، يىغىپ ـ يىغىپ ئۆلچەملەرنى قويدۇم.» دەپ كۆرسىتىدۇ[32]. قىسقىسى، مەھمۇد كاشغەرىي دۇنيا سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ تۇنجى ئاساسچىسى بولۇشقا مۇناسىپ. بۇنى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تۆۋەندىكى بىر قانچە ئالاقىدار تۆھپىلىرىدىن ئېنىق كۆرۈۋېلىش مۇمكىن:

بىرىنچى، سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئومۇمىي يۈنىلىشىدىن ئالغاندا ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭ بىرى يىغىنچاقلاش ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈش جەھەتتىكى سېلىشتۇرۇش بولۇپ، روشەن تەسۋىرلەش خاراكتېرىنى ئالغان. ئۇ قىسقارتىلىپ پاكىت سېلىشتۇرۇش،ـ دەپمۇ ئاتىلىدۇ: يەنە بىرى ئۇدۇللا سېلىشتۇرۇش بولۇپ،

قىسقارتىلىپ نەزەرىيىۋى سېلىشتۇرۇش،- دەپمۇ ئاتىلىدۇ[33]. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان» دا ئەينى دەۋردىكى تۈركىي تىل بىلەن دىئالېكتلارنى بىرىنچى قول ماتېرىياللار ئاساسىدا ئىلمىي سېلىشتۇرغان ۋە ئىنچىكە تەسۋىرلەپ چىققان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گراماتىكا جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكلىرى ۋە قائىدىلىرىنى تەھلىل قىلىش ئاساسىدا يىغىنچاقلىغان. بۇلار ھەم تەسۋىرلەش خاراكتېرىدىكى سېلىشتۇرۇش ھەم نەزەرىيىۋى خاراكتېرنى ئالغان سېلىشتۇرۇش ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى، سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقتا ماتېرىياللارنى توپلاش، پەرقلەندۈرۈش ۋە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، دىئالېكت ياكى قېرىنداش تىللاردىكى پەرقلىق شەكىللەردىن تاۋۇشلارنىڭ ماسلىق مۇناسىۋىتى ئېنىقلاپ چىقىلىدۇ ھەمدە بۇنىڭ بىلەن تىللار ئارىسىدىكى مەنبەداش تەركىبلەر ئېنىقلىنىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي تىللار ۋە دىئالېكتنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، تۈركىي تىللار ۋە ئۇلارنىڭ دىئالېكتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بىر قىسىم تاۋۇشلارنىڭ ماسلىق مۇناسىۋىتىنى ئېنىقلىغان. بۇ قېرىنداش تىللارنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشتىكى بىر ئۇلۇغ ئىجادىيەتتۇر. مەزكۇر ماقالىنىڭ ئالدىنقى مەزمۇنلىرىدا تۈركىي تىللارنىڭ مەھمۇد كاشغەرىي يىغىنچاقلىغان ئاساسلىق فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى بايان قىلىنغان ئىدى. ئۇلار دەل تۈركىي تىللار ۋە ئۇلارنىڭ دىئالېكتلىرىنىڭ پەرقلىق شەكىللىرىدىن تېپىپ چىقىلغان تاۋۇشلارنىڭ ماسلىق مۇناسىۋىتى ھېسابلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، مەھمۇد كاشغەرىي تىللار ئوتتۇرىسىدىكى مەنبەداش تەركىبلەرنى جەزملەشتۈرگەندە بىرقەدەر جانلىق ۋە ئۆزگىچە ئۇسۇلنى قوللانغان. ئۇ «دىۋان» دا دىئالېكت ۋە قېرىنداش تىللار ئوتتۇرىسىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ماسلىق مۇناسىۋىتى، قوش تىل ۋە ئۇنىڭ پاراكەندىچىلىكى، تىللار ئۇچرىشىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان تاۋۇشلارنىڭ ماسلىق مۇناسىۋىتى قاتارلىق ھادىسىلەرنى ئىنچىكە مۇھاكىمە قىلغان. ئۇ ماسلىق مۇناسىۋىتىنى مەنبەداشلىقنى جەزملەشتۈرۈشتىكى بىردىنبىر ئۆلچەم قىلمىغان. ئۇنىڭ مەنبەداشلىقنى جەزملەشتۈرۈشى مەدەنىيەت ۋە مىللەت جەھەتتىكى دەلىل-ئىسپاتلارنىمۇ ئاساس قىلغان[34]. مەھمۇد كاشغەرىي جەمئىيەتنىڭ بۆلۈنۈشى، مەدەنىيەت ۋە جۇغراپىيەنىڭ تىل ۋە دىئالېكتقا كۆرسەتكەن تەسىرىگە دىققەت قىلغان. ئۇ تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى ۋە دىئالېكت پەرقلىرىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلاردىكى پەرقلەرنى تېپىپ چىققان. شۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بۇ تىللارنى بىر پۈتۈن سىستېمىغا سالغان. ئۇ يەنە تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئەھۋالىغا دىققەت قىلغان ھەمدە تۈركىي تىللارنىڭ باشقا تىللار جۈملىدىن خەنزۇ تىلى، پارس تىلى، ئەرەب تىلى قاتارلىق تىللار بىلەن ئۇچرىشىش ئەھۋالىنى خاتىرىلىگەن. بۇلاردىن باشقا ئۇ يەنە يەر نامى، ماقال-تەمسىل، شېئىر-قوشاق قاتارلىق ماتېرىياللارنىڭ جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرۈشكىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن. بۇلار مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مەنبەداش تەركىبلەرنى بېكىتىشىدىكى قوشۇمچە ئاساس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تۆتىنچى، «دىۋان» ئاپتورى تۈركىي تىللارنىلا ئەمەس، تۈركىي تىللار بىلەن ئەرەب تىلىنىمۇ ئىنچىكە ۋە چوڭقۇر سېلىشتۇرغان. «دىۋان» دىكى فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق ۋە گراماتىكىلىق ھادىسىلەرنى بايان قىلىش ئىنچىكە ۋە سىستېمىلىق بولۇشىدىن ئالغاندا، ئۇنى شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، دېيىشكە بولىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي گەرچە «فونېما»، «فونېما ۋارىيانتى» دېگەندەك 20- ئەسىرگە تەۋە تىلشۇناسلىق ئاتالغۇلىرىنى ئىشلەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن تاۋۇشلارنى «ئاساسلىق تاۋۇش» ۋە «قوشۇمچە تاۋۇش» دەپ ئىككىگە بۆلگەن ھەمدە تۈركىي تىللاردىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتىنى «قاتتىق تاۋۇش»، «يۇمشاق تاۋۇش»

دېگەن ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىپ چۈشەندۈرگەن. ئۇزۇك تاۋۇشلاردىكى چۈشۈپ قېلىش، ئورۇن ئالمىشىش، قوشۇلۇپ قېلىش قاتارلىق ھادىسىلەرگە دىققەت قىلغان㉟. «دىۋان» دا يەنە ئىسىم، پېئىللاردىكى مورفولوگىيىلىك تۈرلىنىشلەر، ئىسىمداش، سۈپەتداش، رەۋىشداشلار ھەمدە ئۇلارنىڭ مەنىلىرى تۈرلۈك نۇقتىلاردىن بايان قىلىنغان.

بەشىنچى، مەھمۇد كاشغەرىي يەنە تىل تەكشۈرۈشتىكى دالا تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ ياراتقۇچىسى. ئۇ دالا تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۆلمەس ئەسىرى «دىۋان» نى يېزىشقا ئاساس سېلىپ، دالا تەكشۈرۈش تارىخىنى 7 ـ 8 ئەسىر ئالدىغا سۈرگەن. ئۇ دالا تەكشۈرۈشتىن ئېرىشكەن تۈركىي تىللارنىڭ بىرىنچى قول ماتېرىياللىرىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەرنى تېپىپ چىققان.

ئالتىنچى، دۇنيادا ئۇلۇغۋار ئىشلار مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ. خۇددى «دىۋان» دىكى «ɛkindɛ ɛmgɛk qalmas» (ئەمگەك بىكار كەتمەس) ㊱ دېگەندەك، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ سىڭدۈرگەن ئەمگىكىمۇ بىكار كەتمەي، بۈيۈك ئەسىرى «دىۋان» مۇ بۈگۈنكى كۈنگىچە يېتىپ كەلدى. بۇ ئەسەر تامام بولغاندىن كېيىن قايتا كۆچۈرۈلگەن ھەمدە تۈرلۈك دەۋرلەردە ئالىملار ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ كەلگەن. لېكىن دەۋر چەكلىمىلىكى بىلەن كۆپ تارالماي قالغان. پەقەت 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا ئۇ قايتىدىن تېپىلىپ ئېلان قىلىنغاچقا، 18 ـ، 19 ـ ئەسىردىكى تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ۋە ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىق نەزەرىيىسىگە تەسىر كۆرسىتەلمىگەن.

شۇنى بۇ يەردە ئالاھىدە تەكىتلەشكە ئەرزىيدۇكى، سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىققا ئائىت مۇھىم نەزەرىيە ۋە ئۇسۇللار «دىۋان» دا ئادەتتىكىدەكلا بايان قىلىنغان. بۇ مەھمۇد كاشغەرىي ياراتقان ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگەن سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق نەزەرىيىسى ھەم ئۇسۇلى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئەگەر ئۇ ئۆزى تەسۋىرلىگەن تاۋۇشلارنىڭ ماسلىق قانۇنىيىتى، تىللارنى سېلىشتۇرۇش، تۈرگە ئايرىش ۋە تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرىنى يىغىنچاقلاپ بىر خاس ئەسەر يازغان بولسا، ھەمدە ئۇنىڭ «تۈركىي تىللار نەھۋىسىنىڭ جەۋھەرلىرى»㊲ دېگەن گرامماتىكا ئەسىرى يوقالمىغان بولسا، ئۇنىڭ ئىلمىي ئىدىيىسى بەلكىم جاھان ئەھلى تەرىپىدىن بىر قەدەر مۇكەممەل ۋە سىستېمىلىق نەزەرىيە ـ دەپ قارالغان بولاتتى، مەھمۇد كاشغەرىيمۇ شۇنىڭ بىلەن ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىقىنىڭ بوۋىسى ـــ سوسسۇرغا ئوخشاش پۈتۈن دۇنيا ئېتىراپ قىلىدىغان تىلشۇناسلاردىن بولۇپ قالغان بولاتتى.

### 4. قىسقىچە خۇلاسە

ئېلىمىز ئىلىم ساھەسىدە مەھمۇد كاشغەرىينى سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىسى دەيدىغان قاراش بىر قىسىم ئالىملار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا نىسبەتەن تېخىچە قارشى پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى. بىر قىسىم ئالىملار ئۆز ئەسەرلىرى ۋە ماقالىلىرىدە مەھمۇد كاشغەرىينى سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ «ئاساسچىسى»، «ئاساس سالغۇچىسى»، «ئاتىسى»، «باشلامچىسى»، «پىرى» دېگەندەك مەنىسى يېقىن كېلىدىغان سۆزلەر بىلەن ئاتىماقتا. مېنىڭچە بۇ خىل قاراشنى تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقتىكى سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن «دىۋان» دىكى سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىش ۋە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىققا قوشقان تۆھپىلىرىنى يىغىنچاقلاش ئارقىلىق يەنىمۇ يېتەرلىك ئىسپاتلاش مۇمكىن. بۇنىڭ ئۈچۈن مىكرو ۋە ماكرو جەھەتتىكى تەتقىقاتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا مەھمۇد كاشغەرىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىسى ئىكەنلىكى ئىلىم ساھەسىدە ھەقىقىي ئېتىراپ قىلىنىپ، دۇنيا تىلشۇناسلىق تارىخىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئالالايدۇ.

**ئىزاھلار:**

① A. M دەمىرچىزادە: «مەھمۇد كاشغەرىينىڭ سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى»، ئەزەربەيجان پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى نەشىر قىلدۇرغان «سوۋېت ئىتتىپاقى تۈركولوگىيىسى»، 1972- يىللىق 1- سان، رۇسچە ، 31-42- بەتلەر؛ يەنە ئا . كونونوۋ: «سوۋېت ئىتتىپاقىدا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› ئەسىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 2009- يىللىق 1- سان، 112- بەت.

② ⑲㉓㉔㉕㉗㉚㉛㉜㊱㊲ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، ئۇيغۇرچە نەشرى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980- يىلى، 1- توم، كىرىش سۆز، 26-، 3-،46-، 45-، 41-، 41-، 39-، 40-، 7-، 149-، 26- بەتلەر.

③ نەسرۇللا يولبولدى: «مەھمۇد كاشغەرىي — سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىسى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1987- يىللىق 1- سان، 83-، 84- بەتلەر.

④ ۋاڭ يۈەنشىن: «جۇڭگو مىللىي تىلشۇناسلىق تارىخى»، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى نەشرىياتى، 1993- يىلى، 17-، 18- بەت، خەنزۇچە.

⑤ پەرىدە هامۇت: «‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› نىڭ لۇغەت تەركىبىمىزنى بېيىتىشتىكى رولى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1998- يىللىق قوشۇمچە سان، 64-، 65-بەتلەر.

⑥ ㉞ چېن باۋيا: «مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تارىخىي تىلشۇناسلىقتىكى ئىككى تۆھپىسى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە)، 2006-يىللىق 4-سان، 143-بەت.

⑦ شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئۇن ئىككى مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتى تۈزگەن: «مەھمۇد كاشغەرىي ۋە تۈركىي تىللار دىۋانى» (ئۇيغۇرچە)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2008-يىلى، 55-، 90-، 391- بەتلەر؛ بۇ ماقالىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن ئازاد سۇلتاننىڭ «‹تۈركىي تىللار دىۋانى› تەتقىقاتىنىڭ بۈگۈنى ۋە ئەتىسى»، مۇھەممەد سالىھنىڭ «‹تۈركىي تىللار دىۋانى› نىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى ۋە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى توغرىسىدا»، تاھىرجان مۇھەممەدنىڭ «‹تۈركىي تىللار دىۋانى› نىڭ ئېلىمىزدە تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالىدىن ئومۇمىي بايان» قاتارلىق ماقالىلەرگە قارالسۇن.

⑧ ⑮ سېڭ چىشياڭ: «تىلشۇناسلىق تارىخىدىن ئوچېركلار»، دۇنيا كىتاب نەشرىياتى شىركىتى، 2008- يىل، 38-، 57- بەتلەر، خەنزۇچە.

⑨ ۋاڭ لى: «جۇڭگو تىلشۇناسلىق تارىخى»، فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006-يىلى.

⑩ شياۋ جۇڭيى: «‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› تەتقىقاتى ھەققىدە بايان»، شياۋ جۇڭيى تۈزگەن «‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› تەتقىقاتى ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006-يىلى 4-بەت.

⑪ شۈ توڭچياڭ: «تارىخىي تىلشۇناسلىق»، سودا كىتابخانىسى نەشرى، 2001-يىلى، 2-، 7- بەتلەر.

⑫ چېڭ شىلياڭ: «تۈركىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997-يىلى، كىرىش سۆز، 1-بەت، خەنزۇچە.

⑬ شۈ تۇڭچياڭ: «تىل ۋارىيانتى تەتقىقاتى ۋە تىل تەتقىقات مېتودولوگىيىسىنىڭ بۇرۇلۇشى»، «تىل-يېزىق قۇرۇلۇشى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) ، 1988-يىللىق 3- سان.

⑭ ليۇ رۇنچىڭ: «غەرب تىلشۇناسلىق ئېقىملىرى»(خەنزۇچە)، چەت ئەل تىلى ئوقۇتۇش-تەتقىقات نەشرىياتى، 2002-يىلى، 33-، 36-، بەتلەر.

⑯ راھىلە داۋۇت: «مەھمۇد كاشغەريي ۋە دالا تەكشۈرۈش ئۇسۇلى» (خەنزۇچە) ، بۇ ماقالە شياۋ جۇڭيى تۈزگەن ««دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تەتقىقاتى ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن. 2006 ـ يىلى 334 ـ بەت.

⑰ پرىتساك: «مەھمۇد كاشغەريي كىم؟»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»(ئۇيغۇرچە)، 1986 ـ يىللىق 1 ـ سان.

⑱ جاۋ مىڭمىڭ: ««دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ تىلى ئۈستىدە تەتقىقات»(خەنزۇچە)، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى، 22 ـ بەت.

⑳ روبېرت دانكوۋ، جامېس كلارك تەرجىمە قىلغان «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە بېرىلگەن ئىنگلىزچە كىرىش سۆز، ئىبراھىم مۇتىئى، ئامىنە ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلغان، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1997 ـ يىللىق 1 ـ سان، 32 ـ بەت.

㉑㉒㉖㉘㉙ ئا . مېيې: «تارىخىي تىلشۇناسلىقتىكى سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى»، «چەت ئەل تىلشۇناسلىق ماقالىلىرىدىن تاللانما»، سېڭ چىشياڭ خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان، تىل ـ يېزىق نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى، 25 ـ ، 59 ـ ، 4 ـ ، 33 ـ بەتلەر.

㉝ گۋا شىچۈن، نىڭ چۈنيەن: «تىلشۇناسلىق مېتولوگىيىسى»، چەت ئەل تىلى ئوقۇتۇش ـ تەتقىقات نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى 64 ـ بەت.

㉟ مىرسۇلتان ئوسمانوۋ: «مەھمۇد كاشغەريي ۋە ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› تە بايان قىلىنغان ئەدەبىي تىل»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى(خەنزۇچە) ، 2007 ـ يىللىق 4 ـ سان، 94 ـ بەت.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى**

ماقالە نومۇرى:07 _ 013 _ 03 (2009) 5878 _ 1005

# هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ ھال كاتېگورىيىسى توغرىسىدا*

ئابدۇرېھىم راخمان

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى، 830046 ؛
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كومپيۇتېر ئىلمى ۋە تېخنىكىسى پوستدوكتور پەن - تەتقىقات كۆچمە پونكىتى،
ئۈرۈمچى، 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ئۇيغۇر تىلىدىكى فۇنكسىيىلىك كاتېگورىيە بولغان ھال كاتېگورىيىسىنىڭ زامان ۋە تۈس كاتېگورىيىلىرى بىلەن بولغان پەرقى ۋە مۇناسىۋىتى شۇنداقلا ئۇنىڭ ۋاقىت ئۇقۇمىنى ئىپادىلەش ئىقتىدارى ھەم رولى تەھلىل قىلىنىدۇ.

**摘要：**维吾尔语动词的“体”、“时”、和“貌”等概念指的是相互有关系和相互有区别三种范畴，本文探讨三者的相互关系及区别，并对动词的“体”范畴的时间指向功能和作用进行探讨。

**Abstract:** This article presents the relationship and differences between the aspect, tense and mood categories in Uyghur, and furtherly points out the time function of the aspect category.

**كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H04**　　**ماتېرىيال بەلگىسى: A**

## 1. ھال كاتېگورىيىسىنىڭ مەنىسى

ھال كاتېگورىيىسى دېگىنىمىز پېئىلنىڭ تۈرلەنگەن شەكىللىرى ئارقىلىق پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا مەلۇم بولىدىغان ۋاقىتقا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى ئىپادىلەيدىغان فۇنكسىيىلىك كاتېگورىيە. ھال كاتېگورىيىسى ئۆزىگە خاس گرامماتىكىلىق قوشۇمچىلارغا ئىگە ئەمەس. ئۇ تىلدىكى ۋاقىت ئۇقۇمىنى ئىپادە قىلىدىغان مەلۇم گرامماتىكىلىق كاتېگورىيىلەرگە تەۋە گرامماتىكىلىق شەكىللەرنىڭ ياردىمىدە ئەمەلگە ئاشىدىغان فۇنكسىيىلىك كاتېگورىيە. ھال ھەققىدە ئەڭ دەسلەپكى تەتقىقات قەدىمكى يۇناندا باشلانغان. مىلادى 4 - ئەسىردە ستوك (Stoic) ئېقىمىدىكىلەر گرېك تىلىنى تەتقىق قىلىپ ھال كاتېگورىيىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تونۇپ يەتكەن. ئۇلار ئىككى خىل ھال - زامانىنى ئايرىپ چىققان، بۇنىڭ بىر خىلى داۋاملىشىشنى، يەنە بىرى پۈتكەنلىكنى بىلدۈرىدۇ، - دەپ قارىغان[1]. ئېنىقكى ئۇ زامانلاردا ھال تەتقىقاتى زامان تەتقىقاتىدىن ئايرىلىپ چىقمىغان. ھالەت تىپى[2] تەتقىقاتىغا ئوخشاپ كېتىدىغان تەتقىقاتلار پلاتو (Plato، 347 _ 427 ) نىڭ ئەسەرلىرىدە كۆرۈلىدۇ. ئارىستوتىل (Aristotele، 322 _ 384)نىڭ «مېتافىزىكا» ناملىق ئەسىرىدىمۇ بۇ مەزمۇنلار ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ[3]. كومرىنىڭ «ھال» ناملىق ئەسىرى ھال كاتېگورىيىسىگە بېغىشلانغان تۇنجى مەخسۇس ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەر 2005 - يىلى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن ئىنگلىز تىلىدا نەشر قىلىنىدى[4]. بۇ ئەسەردە ھالنىڭ تەبىرى،

---


* بۇ ماقالە 2009 - يىلى 6 - ئاپرېل تاپشۇرۇپ ئېلىندى.

بۇ ماقالە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كومپيۇتېر ئىلمى ۋە تېخنىكىسى پوستدوكتور پەن - تەتقىقات كۆچمە پونكىتى تەتقىقات تۈرى (نومۇرى: 74150)نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىلىرىدىن بىرى.

ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى: ئابدۇرېھىم راخمان (1970 - يىلى 2 - ئايدا تۇغۇلغان)، لېكتور، ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئىپادىلىنىش شەكلى، تۈرلىرى ۋە زامان بىلەن ھالنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەر ئىلمىي ھەم سىستېمىلىق بايان قىلىنغان. كومرىنىڭ قارىشىچە: «ئىچكى ۋاقىت قۇرۇلمىسى بولسا سۆزلەۋاتقان ۋاقىت بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋىتى بولمىغان، ئىشنىڭ ئۆزىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا ئەكس ئەتكەن قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدۇ. سۆزلەۋاتقان ۋاقىت بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋاقىت <زامان>غا مۇناسىۋەتلىك. ... ئاساسلىق كۆزىتىش شەكىللىرىدىن پۈتكەن ھال ۋە پۈتمىگەن ھال⑤دېگەن ئىككى تۈرى بار. پۈتكەن ھال ھالەتنى سىرتتىن كۆزىتىدۇ ۋە ھالەتنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى پەرقلەندۈرمىسىمۇ بولىدۇ. پۈتمىگەن ھال ھالەتنى ئىچىدىن كۆزىتىدۇ، شۇڭا ئۇ ھالەتنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. پۈتمىگەن ھال تەكرار ھال⑥ۋە داۋام ھال⑦دەپ بۆلۈنىدۇ؛ داۋام ھال يەنە ئىزچىل ھال⑧ۋە غەيرى ئىزچىل ھال⑨دەپ بۆلۈنىدۇ»⑩.

كومرى ھال كاتېگورىيىسىنى تۆۋەندىكىچە سخېمىلاشتۇرىدۇ⑪:




ئۇيغۇر تىلىدا ھال كاتېگورىيىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تۇنجى قېتىم خەمىت تۆمۈر ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ بۇ تىل پاكىتىنى بايقىشى ۋە ئوتتۇرىغا قويۇشى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىكى مۇھىم بىر سەكرەش ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ بۇ قارىشى بىزدە تېخى ئىجادىي تەرەققىي قىلدۇرۇلمىدى. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەمەلىيىتىگە تېخى دېگەندەك تەتبىقلانمىدى. گەرچە خەمىت تۆمۈر ئەپەندىنىڭ زامان ھەققىدىكى قاراشلىرى قوبۇل قىلىنغان ۋە ئىستېمال قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھال ھەققىدىكى بايانلىرى دېگەندەك دىققەتكە ئېرىشەلمىدى. خەمىت تۆمۈر ئەپەندى گەرچە ھال كاتېگورىيىسىنى تىلغا ئالغان ۋە ھال كاتېگورىيىسىنىڭ تۈرلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن بولسىمۇ ئۇنىڭ تەبىرى، ئىقتىدارى، تۈس بىلەن بولغان پەرقى قاتارلىق مەزمۇنلارنى تىلغا ئالمىغان.

ئۇيغۇر تىلىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھال بىلەن تۈسنى ئايرىش ئۇيغۇر تىلىنىڭ ۋاقىت ئۇقۇمىنى ئىپادىلەش سىستېمىسىنى تەسۋىرلەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىز ئادەتتە «تۈس» دەپ ئاتاپ ئادەتلەنگەن گراماتىكىلىق كاتېگورىيە تىلشۇناسلىق لۇغەتلىرىدە خەنزۇ تىلىدا «体»، ئىنگلىز تىلىدا «aspect» دېگەن نامدا بايان قىلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ يەردىكى «体» دەل ھالنى كۆرسىتىدۇ⑫. ئۇيغۇر تىلىدا بۇ مەزمۇنلار گەرچە «ھال كاتېگورىيىسى» دېگەن نام بىلەن تەتقىق قىلىنمىغان، بەلكى تۈس نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىنغان. بۇ مەزمۇندىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى خېلى بار⑬. چەتئەللەردە ھال كاتېگورىيىسى ھەققىدىكى تەتقىقات مول نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن. 2006 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىگىچە بىننىك (R. I. Binnick)نىڭ تور بېتىدە ھال ـ زامان ھەققىدىكى ئىلمىي ماقالە 8000، ئەسەر 1000 پارچىغا يەتكەن⑭.

رۇس تىلىدىكى تۈس كاتېگورىيىسى نۇقتىسىدىن تۈركىي تىللارنى تەتقىق قىلغان سوۋېت ئىتتىپاقى تىلشۇناسى كىبىروف تۈركىي تىللاردا تۈس يوق، ـ دەپ خۇلاسە چىقارغان⑮. لىتىپ توختى ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ساددىچە رۇس تىلىغا ئوخشاش ياۋروپا تىللىرىدىكى پېئىللارنىڭ ئالدى قوشۇلغۇچىلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان پۈتكەن ۋە پۈتمىگەن تۈس مەنىسىدىن بۇ گراماتىكىلىق كاتېگورىيىنىڭ ئالتاي تىللىرىدىكى مۇناسىپ شەكىللىرىنى ئىزدىسەك، ئالتاي تىللىرىدا تۈس يوق، ـ دېگەن خۇلاسىگە كېلىمىز»⑯. ئەمما ئالتاي تىللىرىنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكىنى چىقىش

قىلىپ، ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا ئالتاي تىللىرىدا تۈس مەۋجۇت. بۇ تۈس شەكىللىرى فۇنكسىيە جەھەتتىن ۋاقىت ئۇقۇمىنى ئىپادىلەشكە قادىر بولسىلا ئۇ ھال كاتېگورىيىسىنى تەشكىل قىلىشقا قاتنىشىدۇ.

## 2. ھال كاتېگورىيىسى بىلەن تۈس كاتېگورىيىسىنىڭ پەرقى ۋە مۇناسىۋىتى

ئۇيغۇر تىلىنىڭ ۋاقىتنى ئىپادە قىلىش سىستېمىسىغا ئائىت تەتقىقاتلاردا پەقەت زامان ۋە تۈس كاتېگورىيىسى تىلغا ئېلىنىدى. بۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋاقىت ئۇقۇمى بىلەن زامان ئۇقۇمىنى ئايرىلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىمىزدىن، گراماتىكىلىق كاتېگورىيە بىلەن فۇنكسىيىلىك كاتېگورىيىنى پەرقلەندۈرمىگەنلىكىمىزدىن بولغان. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك ئۇيغۇر تىلىدىكى ھال كاتېگورىيىسى بىر خىل فۇنكسىيىلىك كاتېگورىيە. تۈس كاتېگورىيىسى بولسا گراماتىكىلىق كاتېگورىيە. بۇ ئىككىسى قارىمۇ-قارشىلىق مۇناسىۋەتتىدىمۇ ئەمەس، ئۆز ئىچىگە ئېلىش-ئېلىنىش مۇناسىۋەتتىدىمۇ ئەمەس، بەلكى ھال كاتېگورىيىسى تۈس كاتېگورىيىسىدىكى شەكىللەرنىڭ رولى، ئىقتىدارى نۇقتىسىدىن يىغىنچاقلانغان بىر كاتېگورىيە.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ھال كاتېگورىيىسى بىلەن تۈس كاتېگورىيىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم پەرقى شۇكى تۈس كاتېگورىيىسى ۋاقىت بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان، پەقەت سۆزلىگۈچىنىڭ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ داۋاملىشىش جەريانى ياكى دەرىجىسى ھەققىدىكى سۇبيېكتىپ قارىشىنى ئىپادىلەيدىغان كاتېگورىيە. ھال كاتېگورىيىسى بولسا ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا مەلۇم بولىدىغان ۋاقىتقا مۇناسىۋەتلىك ئۆچۈرلارنى ئىپادىلەيدىغان فۇنكسىيىلىك كاتېگورىيە. دېمەك تۈس ۋاقىت بىلەن مۇناسىۋەتسىز، ھال بولسا ۋاقىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك كاتېگورىيە. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، تۈس كاتېگورىيىسىنىڭ ئەزالىرى ۋاقىت ئۇقۇمىنى ئىپادىلەپ، جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ۋاقىت ئۆچۈرىنى يەتكۈزۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بولسا، بۇ شەكىللەر فۇنكسىيە نۇقتىسىدىن ھال كاتېگورىيىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

## 3. زامان كاتېگورىيىسى بىلەن ھال كاتېگورىيىسىنىڭ مۇناسىۋىتى

زامان كاتېگورىيىسى بىلەن ھال كاتېگورىيىسى ئوخشىمىغان ئىككى خىل گراماتىكىلىق كاتېگورىيە. ئادەتتە جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ۋاقىت ئۆچۈرى زامان، ھال ۋە راي كاتېگورىيىلىرىنىڭ كونكرېت گراماتىكىلىق شەكىللىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. گەرچە بۇلار ئوخشاشلا خەۋەر پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ۋاقىت ئۆچۈرىنى بىلدۈرسىمۇ، ئەمما بۇلارنىڭ كۆزىتىش نۇقتىسى ئوخشىمايدۇ. زاماننىڭ تەسۋىرلەيدىغىنى ھەرىكەت يۈز بەرگەن ۋاقىت، ھالنىڭ چۈشەندۈرىدىغىنى ھەرىكەت ئىجرا بولۇش جەريانىنىڭ قانداق باسقۇچىدا ياكى ھالىتىدە تۇرۇۋاتقانلىقى. شۇڭا زامان بىلەن ھالنىڭ چېگراسىنى ئاجرىتىۋالغىلى بولىدۇ. ھەرىكەتنىڭ قايسى ۋاقىتتا يۈز بەرگەنلىكىنى تەكىتلەشتە زامان شەكىللىرى ئارقىلىق ئىپادىلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر تىلىدا زامان بىلەن ھال دائىم ئارىلىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا بەزى تەتقىقاتچىلار ئۇيغۇر تىلىدىكى زامان كاتېگورىيىسىنى «ھال-زامان كاتېگورىيىسى» دېگەن نامدا تەتقىق قىلىدۇ.

زامان بىلەن ھالنىڭ پەرقى ئالدى بىلەن ئۇ ئىككىسىنىڭ جۈملىدىكى ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. بايبى (Baybee) ۋە ئۇنگېرېر(Ungerer)، شمىد (Schmid) قاتارلىقلار زامان ۋە ھال بەلگىلىرىنىڭ پېئىل ئۆزىكىدىكى ئوخشاش ئورۇنلۇق[17]مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىپ ئوخشاشلىق[18]نەزەرىيىسى بىلەن ئەنئەنىۋي گراماتىكا دىققەت قىلمىغان بىر مەسىلىنى چۈشەندۈردى. ئۇلارنىڭ بايقىشىچە، نۇرغۇن تىللاردا ھال بەلگىلىرى زامان قوشۇمچىلىرىغا قارىغاندا پېئىل ئۆزىكىگە يېقىنراق تۇرىدىكەن. زامان بەلگىلىرى بولسا، تۈس بەلگىلىرىگە قارىغاندا پېئىل ئۆزىكىگە يېقىنراق

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



تۇرىدىكەن⑲. مەسىلەن:

(1) a. She was working at that time.

b. She worked a lot at that time.

c. She could swim when she was there.※

(1) a جۈملىدە ھال بەلگىسى ing- زامان بەلگىسى beنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى was قا قارىغاندا، پېئىل ئۆزىكى workقا يېقىن تۇرغان؛ ھال بەلگىسى بولمىغان ئەھۋالدا b جۈملىدىكى زامان بەلگىسى ed- ئۆزەككە يېقىنلاشقان، تۇس يارەمچىسى زامان بەلگىسى ed-گە قارىغاندا، ئۆزەكتىن يىراق تۇرىدۇ. شۇڭا، b جۈملە قائىدىگە ئۇيغۇن جۈملە ھېسابلىنىدۇ، c جۈملىدە تۇس يارەمچىسى could ئۆزەككە بەك يېقىن تۇرۇۋالغان، شۇڭا بۇ جۈملە قائىدىگە ئۇيغۇن ئەمەس.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەھۋالمۇ ئىنگلىز تىلىدىكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

(2) a. مەن ماقالە يېزىۋاتىمەن.

b. مەن ماقالە يېزىپ بولدۇم.

c. مەن ماقالە يازدىم.

(2) a جۈملىدە ھال بەلگىسى [-(X)vat-] ھازىرقى زامان بەلگىسى {-i-} غا قارىغاندا، ئۆزەك «ياز-» غا تېخىمۇ يېقىن تۇرالىغان؛ b جۈملىدىكى ھال بەلگىسى [-(X)p bol-] ئۆتكەن زامان بەلگىسى {-D-} غا قارىغاندا ئۆزەك «ياز-» غا تېخىمۇ يېقىن تۇرالىغان؛ c جۈملىدە ھال بەلگىسى كۆرۈلمىگەن شارائىتتا ئۆتكەن زامان بەلگىسى {-D-} ئۆزەك «ياز-»دىن كېيىنلا كېلەلىگەن.

كېلىپىنىڭ قاراشلىرى بىلەن لىيتىپ توختى ئەپەندىنىڭ تۈرگۈن سۆزلۈك سۆز بىرىكمىسى ۋە INFL(زامان ۋە شەخس) ھەققىدىكى بايانلىرى ئوخشاپ كېتىدۇ، يەنى INFLنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان تۈرگۈن سۆزلۈك سۆز بىرىكمىسى ئىپادىلىگەن ۋاقىت دەل بەلگە ۋاقتى بولىدۇ، ئۇ ئىش ياكى ھالەتنىڭ مەۋجۇتلۇق ۋاقتىنى، ئىشنىڭ ئىچكى ۋاقىت قۇرۇلمىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا تۈرگۈن سۆز شەكىللىرىنىڭ (مەسىلەن، [-(A)r]، [-GAn] قاتارلىقلار) ئۆزىدە ئېنىق ھال مەنىسى بار، شۇڭا ئېنىق بەلگە ۋاقىت بولمىغان ئەھۋالدا ھال بەلگىسى بولغان تۈرگۈن سۆز تەركىبلىرى ئىپادىلىگەن ۋاقىت بەلگە ۋاقىت بولىدۇ، ئۇ زامان ئىپادىلىگەن سۆز ۋاقتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز، پەقەت ئىشنىڭ ئىچكى ۋاقىت قۇرۇلمىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، ئەگەر جۈملىدە باشقا بىر بەلگە ۋاقىت بولسا (مەسىلەن،ۋاقىت رەۋىشلىرى)، ھال بەلگىسى ئىشنىڭ مۇشۇ بەلگە ۋاقىتتىكى پۈتكەن، پۈتمىگەن، داۋام قىلغان، ئىزچىل داۋاملاشقان ياكى مەقسەت قىلىنغانلىقىدەك ئۆچۈرلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

مەسىلەن:

(3) تۈنۈگۈن بىز بازارغا بارغان (ئىدۇق).

(3) جۈملىدە ھال بەلگىسى [-GAn] ئىشنىڭ بەلگە ۋاقىت «تۈنۈگۈن»دىن ئىبارەت بىر ۋاقىت بۆلىكىدە پۈتكەن ھالىتىنى ئىپادىلەيدۇ، ئۇ ئىپادىلىگەن ئىش ۋاقتى بىلەن بەلگە ۋاقىت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، زامان بىلەن مۇناسىۋەتسىز. زامان ئىپادىلىگەن ئىش ۋاقتى بىلەن سۆز ۋاقتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بۇ جۈملىدىكى زامان بەلگىسى {-id-} ئىش ۋاقتى بىلەن سۆز ۋاقتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆرۈپ باقايلى:

(4) مەن مەكتەپكە باردىم.

```
----[-----]------•------->

      ET          ST
```

(5) مەن مەكتەپتە ئوقۇيمەن.

```
               ET
------[----•---]---->

              ST
```

بەلگە ۋاقىت بىلەن ئىش ۋاقتى ۋاقىت ئوقىدىكى ۋاقىت نۇقتىسى ياكى ۋاقىت بۆلىكىدۇر. شۇڭا ئىككى ۋاقىت بۆلىكىدە بىرى يەنە بىرىنىڭ ئالدىدا ياكى كەينىدە كەلگەن ۋە ياكى بىرى يەنە بىرىنى قىسمەن ياكى تولۇق ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. بۇ ئىككى ۋاقىت بۆلىكى بىلەن زاماننىڭ مۇناسىۋىتىنى تۆۋەندىكىدەك

ئىپادىلەش مۇمكىن:

(6) a. مەن بارغاندا تۇرسۇن كىتىپ قاپتۇ.

```
----[-----]----•--------•------>

      ET        RT       ST
```

b. تۇرسۇن كەلگەندە قايتىمەن.

```
------•-------•----[-----]----->

   ST      RT       ET
```

c. مەن مۇزىكا ئاڭلاۋاتىمەن.

```
---------[----•----]----------->
```

ST = RT=ET

سىخېمىدا كۆرسىتىلگەندەك، (6) a جۈملىدە ئىش ۋاقتى ھال بەلگىسى [ـGAn] ئىپادىلىگەن بەلگە ۋاقتى «بارغاندا» نىڭ ئالدىدا كەلگەن، يەنى بەلگە ۋاقتىنىڭ ئالدىدا ئىش (ھەرىكەت) يۈز بىرىپ بولغان. b جۈملىدە ئىش ۋاقتى ھال بەلگىسى [ـGAn] ئىپادىلىگەن بەلگە ۋاقتى «بارغاندا» نىڭ كەينىدە كەلگەن، يەنى ئىش (ھەرىكەت) بەلگە ۋاقتىنىڭ كەينىدە يۈز بېرىدۇ: c جۈملىدە، ھازىرقى ـكەلگۈسى زامان بەلگىسى[ـiـ] ئىپادىلىگەن سۆز ۋاقتى بىلەن [ـ(X)vatـ] ئىپادىلىگەن بەلگە ۋاقتى ئىش ۋاقتىنىڭ ئىچىگە ئېلىنىپ كەتكەن. بۇ جۈملىدە بەلگە ۋاقتى بىلەن سۆز ۋاقتى ۋاقىت ئوقىنىڭ بىر نۇقتىسىدا كۆرۈلگەن. بۇ ۋاقىتتا بەلگە ۋاقتى سۆز ۋاقتىغا تەڭ بولۇپ قالغان. دەل مۇشۇنداق بولغاچقا، ئەنئەنىۋي گرامماتىكا ئەسەرلىرىدە [ـ ـ(X)vat] ئىپادىلىگەن بەلگە ۋاقىت (ھازىرقى ۋاقىت بۆلىكىدىكى مەلۇم بىر نۇقتا) خاتا ھالدا زاماننىڭ بەلگىسى،ـ دەپ قارالغان، بۇنىڭ بىلەن بەلگە ۋاقىت، ئىش ۋاقتى ۋە سۆز ۋاقتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قالايمىقانلىشىپ كەتكەن.

زامان سۆز ۋاقتى مۇقىم ۋاقىت نۇقتىسىدىن ھەرىكەت ياكى ھالەتنى تونۇشنى بىلدۈرىدۇ، ئۇ ST بىلەن ET ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ: ھال بولسا مۇقىم بولمىغان بىر ۋاقىت نۇقتىسىدىن ھەرىكەت ياكى ھالەتنى تونۇشنى بىلدۈرىدۇ، ئۇ قانداق راۋاجلانغان ياكى راۋاجلانمىغان، راۋاجلىنىۋاتقان ياكى توختىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا ئۇ ET بىلەن RT ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئىككىسى ئوخشاشلا ۋاقىت ئۇچۇرىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما ئۇ ئىككىسىنىڭ پەرقىدىن قارىغاندا زامان مۇتلەق ۋاقىتنى، ھال نىسپىي ۋاقىتنى بىلدۈرىدۇ.

**4. ھال كاتېگورىيىسىنىڭ ۋاقىت ئىپادىلەش ئىقتىدارى**

ئۇيغۇر تىلىدا ھالنى ئىپادىلەيدىغان تەركىبلەر بىرقەدەر كۆپ ۋە مۇرەككەپ، ۋاقىت ئۇقۇمى «زامان» ۋە «ھال» قاتارلىق ۋاقىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر كاتېگورىيە، «زامان» ۋە «ھال» ۋاقىت ئۇچۇرىنى ئىپادىلەيدىغانلىقى ئېنىق، ئەمما ھال كاتېگورىيىسىنىڭ ۋاقىت ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى تۇنجى قېتىم دوكتور ئۆمەرجان قۇربان قەلەمگە ئالدى⑳.

ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىش كېرەككى، «ۋاقىتنى ئىپادىلەش» دېگەن ئۇقۇم بىلەن زامان كاتېگورىيىسىنىڭ ۋاقىتنى ئىپادىلىشى باشقا-باشقا ئىككى ئۇقۇم. بىر تەرەپتىن زامان ۋاقىتنى ئىپادىلەيدىغان بىر كاتېگورىيە، يەنە بىر تەرەپتىن زامان ئىش (ھەرىكەت)نىڭ يۈز بېرىشى بىلەن سۆز ۋاقتى ئوتتۇرىسىدىكى ئىلگىرى-كېيىنلىك مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە: «ۋاقىت ئىپادىلەش» بولسا مەلۇم گرامماتىكىلىق كاتېگورىيىنىڭ قوشۇمچە فۇنكسىيىسى بولۇپ، فۇنكسىيىلىك كاتېگورىيىگە تەۋە. زامان ھەرىكەت ياكى ھالەتنىڭ سۆز ۋاقتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرۈپ، ئۆتكەن زامان ۋە غەيرى ئۆتكەن زامان،ـ دېگەن ئىككى تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇ مۇتلەق ۋاقىتنى ئىپادىلەيدۇ: ھال بولسا ھەرىكەت ياكى ھالەتنىڭ ئىچكى ۋاقىت قۇرۇلمىسىنى كۆرسىتىدۇ ۋە نىسپىي ۋاقىتنى ئىپادىلەيدۇ. ۋاقىتنى ئىپادىلەش ھال بەلگىلىرىنىڭ قوشۇمچە فۇنكسىيىسى. شۇڭا ۋاقىتنى ئىپادىلەش «زاماندىن باشقا گرامماتىكىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كاتېگورىيىلەرنىڭ ۋاقىت ئۇچۇرىنى ئىپادىلەيدىغان قوشۇمچە فۇنكسىيىسى» دەپ چۈشەنسەك بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ھال بەلگىلىرى ۋە راي بەلگىلىرىنىڭ بىر قىسمى ۋاقىت ئىپادىلەش فۇنكسىيىسىگە ئىگە.

دال (Dahl) مۇنداق دەيدۇ: «ھال روشەن ھالدا ۋاقىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك»㉑. ئۇ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «تىلدا بىر خىل كۈچلۈك ئېغىش بولىدۇ. بۇ پۈتكەن ھالنى ئۆتكەن ۋاقىتنى ئىپادىلەشكە قىستايدۇ»㉒. لىبتېپ توختى مۇنداق دەيدۇ: «پۈتكەن ھال بىلەن ئۆتكەن زامان زىچ باغلانغان بولىدۇ، ئۇلار تەبىئىيلا ئۆتكەن زاماننى ئىپادىلەيدۇ»㉓.

ئۇيغۇر تىلىدا ھال كاتېگورىيىسى تۆۋەندىكى بىرقانچە خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ:

1) پېئىلنىڭ تۈرغۇن سۆز شەكىللىرى: [-(X)r]، [-GAn]، [-(X)p-]، [-GU-]؛

2) تۇس قوشۇمچىلىرى: [-(X)vat-]، [tur-]، [oltur-]، [yat-]، [yur-]، [-A/-yt-]؛

3) راي قوشۇمچىلىرى: [-GAy]، [-mAKči].

بۇ شەكىللەر بىۋاستە ياكى زامان شەكىللىرى بىلەن بىرىككەن ھالدا ھال ـ زامان كاتېگورىيىسىنى تەشكىل قىلىپ، ھال ـ زامان شەكىللىرىنى ياساشقا قاتنىشىدۇ.

مانا مۇشۇ گرامماتىكىلىق شەكىللەر ۋاقىت ئىپادىلەش فۇنكسىيىسىگە ئىگە. بۇ شەكىللەر ھال مەنىسىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەرخىل ۋاقىت ئۇچۇرلىرىنى ئىپادىلەيدۇ، يەنى مۇشۇ ھال بەلگىلىرى زامان بىلەن مۇناسىۋەتسىز ھالدا ۋاقىت ئىپادىلەش فۇنكسىيىسىگە ئىگە.

ناھايىتى ئېنىقكى، يۇقىرىقى ھال بەلگىلىرى زامان بىلەن مۇناسىۋەتسىز. ئۇلار ئۆتكەن زامان ۋە غەيرى ئۆتكەن زامان شەكىللىرىدە قوللىنىلىدۇ. يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەنىدەك، ھال بەلگىلىرى ئىشنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىدا ئىپادىلىنىدىغان پۈتكەن ھال، پۈتمىگەن ھال، ئىزچىل ھال، تەكرار ھال قاتارلىق ئۇچۇرلارنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇلار ئىپادىلىگەن بەلگە ۋاقىت ئىشنىڭ ئىچكى ۋاقىت قۇرۇلمىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، زامان بىلەن مۇناسىۋەتسىز. شۇڭا بەلگە ۋاقىت ۋاقىت ئوقىنىڭ خالىغان بىر يېرىدە كۆرۈلەيدۇ، ئۇ بىر ۋاقىت نۇقتىسى بولۇشىمۇ، بىر ۋاقىت بۆلىكى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

**ئىزاھلار:**

①Robert Binnick, *Time and the Verb: a Guide to Tense and Aspec*, Oxford University, 1991, p.159.

② بۇ يەردىكى «ھالەت تىپى» تىلشۇناسلىقتىكى بىر ئاتالغۇ سۈپىتىدە خەنزۇ تىلىدىكى «情状类型»، ئىنگلىز تىلىدىكى «situation type» غا توغرا كېلىدۇ.

③ Robert Binnick, *Time and the Verb: a Guide to Tense and Aspec*, Oxford University, 1991, p.143.

⑩④Bernard Comrie, *Aspect(《体范畴》)*, 北京大学出版社, 2005, pp.3-25.

⑤ بۇ يەردىكى «پۈتكەن ھال ۋە پۈتمىگەن ھال» تىلشۇناسلىقتىكى بىر ئاتالغۇ سۈپىتىدە خەنزۇ تىلىدىكى «完成体، 未完成体»، ئىنگلىز تىلىدىكى «perfective aspect, imperfective aspect» قا توغرا كېلىدۇ.

⑥ بۇ يەردىكى «تەكرار» تىلشۇناسلىقتىكى بىر ئاتالغۇ سۈپىتىدە خەنزۇ تىلىدىكى «惯常体»، ئىنگلىز تىلىدىكى «habitual aspect» قا توغرا كېلىدۇ.

⑦ بۇ يەردىكى «داۋام ھال» تىلشۇناسلىقتىكى بىر ئاتالغۇ سۈپىتىدە خەنزۇ تىلىدىكى «持续体»، ئىنگلىز تىلىدىكى «continuous aspect» قا توغرا كېلىدۇ.

⑧ بۇ يەردىكى «ئىزچىل ھال» تىلشۇناسلىقتىكى بىر ئاتالغۇ سۈپىتىدە خەنزۇ تىلىدىكى «进行体»، ئىنگلىز تىلىدىكى «progressive aspect» قا توغرا كېلىدۇ.

⑨ بۇ يەردىكى «غەيرى ئىزچىل ھال» تىلشۇناسلىقتىكى بىر ئاتالغۇ سۈپىتىدە خەنزۇ تىلىدىكى «非进行体»، ئىنگلىز تىلىدىكى «nonprogressive aspect» قا توغرا كېلىدۇ.

⑪B. Comie, *Aspect: an introduction to the study of verbal aspect and related problems*. Cambridge: Cambridge University Press, 1976.

⑫ خەنزۇ ۋە ئىنگلىز تىللىرىدىكى 体 ۋە aspect ئۇيغۇر تىلىدا ھالغا، (态)貌 ۋە mood تۈسكە توغرا كېلىدۇ.

⑬力提甫·托乎提：《阿尔泰语言中动词体的表达》，戴庆夏主编：《中国民族语言文学研究论集》，北京：民族出版社，2002年; 高丽琴：《试论维吾尔语动词的体》，《新疆大学学报》，1985(2); Xämit Zakir, *Problems of Turkic Morphology: Classificatuin of Suffixes, Case, Tense and Aspect,* PhD Dissertatuon, University of Washington, 1999;《突厥语族诸语言词法描写中尚待解决的若干问题》，《语言语翻译》，2002(2); 方晓华：《论维吾尔语的系词》，《新疆师范大学学报》，1995(3); 沈利德：《谈维语动词的体》，《语言与翻译》，1999(2); 吾买尔江·库尔班：《现代维吾尔语动词的时体范畴及其时间指向功能》，《语言与翻译》，2007(1); Ablähat Ibrahim, *Meaning and Usage of Compound Verb in Modern Uyghur and Uzbek*, PhD Dissertation, University of Washington, 1999.

خەمىت تۆمۈر: «ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى پېئىللار ۋە ئۇلارنىڭ مەنىسى توغرىسىدا»، «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» (2)، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى، «خەمىت تۆمۈر ئىلمىي ماقالىلىرى» (نەشرگە تەييارلىغۇچى: بارات رەجەپ)، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى: تۇردى ئەخمەت: «ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ تۈس كاتېگورىيىسى ھەققىدە»، «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» (1)، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى: جاۋ شاڭرۇ: «ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى پېئىللار ھەققىدە»، «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» (1)، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى: ئابدۇرېشىت ياقۇپ: «تۈركىي تىللاردىكى پېئىل تۈسلىرىنى ئىپادىلىگۈچى مورفولوگىيىلىك قۇرۇلمىلار توغرىسىدا»، «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1989 ـ يىللىق 3 ـ سان: ئابلەھەت ئىبراھىم: «ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ تۈس كاتېگورىيىسى ھەققىدە»، «ئۇيغۇر تىلى مەسىلىلىرى»، ئۈرۈمچى، 1984 ـ يىلى، «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» (3)، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى:

⑭http://www.scar.utoronto.ca/~binnick/TENSE/Bibliography.html

⑮ ش. كىبىروف: «تۈركىي تىللاردىكى پېئىل تۈسلىرى توغرىسىدا ـ ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2007 ـ يىللىق 1 ـ سان.

⑯力提甫·托乎提:《阿尔泰语言中动词体的表达》,戴庆夏主编:《中国民族语言文学研究论集》,北京:民族出版社,2002

⑰ بۇ يەردىكى «ئوخشاش ئورۇنلۇق» تىلشۇناسلىقتىكى بىر ئاتالغۇ سۈپىتىدە خەنزۇ تىلىدىكى «像似近位»، ئىنگلىز تىلىدىكى «iconic proximity» غا توغرا كېلىدۇ.

⑱ بۇ يەردىكى «ئوخشاشلىق» تىلشۇناسلىقتىكى بىر ئاتالغۇ سۈپىتىدە خەنزۇ تىلىدىكى «像似性»، ئىنگلىز تىلىدىكى «iconic» قا توغرا كېلىدۇ.

⑲Bybee, J. Perkins, R., and pagliuca, W., *The Evolution of Grammar __ Tense, Aspect, and Modality in the Languages of the World*, Chicago: University of Chicago, 1991.; Ungerer. F. & H. J. Schmid, *An introduction to cognitive linguistics*, Beijing: Beijing Foreign language Teacheng and Research Press, 1992.

⑳吾买尔江·库尔班：《现代维吾尔语动词的时体范畴及其时间指向功能》，《语言与翻译》，2007(1).

㉑㉒Dahl Osten, *Tense and Aspect Systems*, Basil Blackwell Ltd., New York, 1985, p.23, p.79

㉓力提甫·托乎提：《从短语结构到最简方案—阿尔泰语言的句法结构》, 北京：中央民族大学出版社,2004, p.115

جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

www.uyghurkitap.com

第 30 卷第 3 期 | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى) | 30 ـ يىللىق 3 ـ سان
2009 年 9 月 | 新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版) | 2009 ـ يىلى سېنتەبىر

ماقالە نومۇرى:07 ـ 020 ـ 03 (2009) 5878 ـ 1005

# مەكتىپىمىزنىڭ سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىدا يېڭىلىق يارىتىش توغرىسىدا مۇلاھىزە*

ئەركىن مۇھەممەتتۇرسۇن

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلار خىزمىتى باشقارمىسى، ئۈرۈمچى، 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ج ك پ مەركىزى كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ «ئىدىيىۋى ـ سىياسىي تەربىيىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدا پىكىر»، مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ «ئالىي مەكتەپلەرنىڭ سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلىرى، سىنىپ مۇدىرلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر» ۋە 2006 ـ يىلى ئېچىلغان مەملىكەتلىك ئالىي مەكتەپ سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىپ، مەكتىپىمىزنىڭ سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنىڭ تۈزۈم كاپالىتى توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**摘要:** 本文以中共中央、国务院《关于进一步加强和改进大学生思想政治教育的意见》和教育部《关于加强高等学校辅导员、班主任队伍建设的意见》以及 2006 年全国高校辅导员队伍建设工作会议精神为指导,研究探索了我校辅导员队伍建设的制度保证。

**Abstract:** In this article, a discussion will be carried out on the systemic guarantees of the structure of our school's political leader students group, in the spirit of the China Communist Party's Central Committee and State Council's "Ideas On Further Strengthening and Improving Ideological-Political Education," the Education Ministry's "Ideas on Strengthening the Structure of Colleges' Political Leader Students and Class Leader Groups," and the 2006 National College Political Leader Student Groups' Structural Affairs Meeting.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G41　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

ج ك پ مەركىزى كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ئالىي مەكتەپلەرنىڭ سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. مەركەز تارقاتقان [2004]16 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە: «سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار، سىنىپ مۇدىرلىرى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى ـ سىياسىي تەربىيىسىدىكى غوللۇق كۈچ، سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار پارتىيىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئاساسەن قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ئىدىيىۋى ـ سىياسىي تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرىدۇشى كېرەك» دەپ كۆرسىتىلگەن. 2005 ـ يىلى 2 ـ ئايدا مائارىپ مىنىستىرلىكى «ئالىي مەكتەپلەرنىڭ سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچى، سىنىپ مۇدىرلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر»نى تارقىتىپ: «سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچى، سىنىپ مۇدىرلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش — ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى ـ سىياسىي تەربىيىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مۇقىملىقىنىڭ مۇھىم تەشكىلىي كاپالىتى ۋە ئۇزاق مەزگىللىك ئۈنۈم مېخانىزمى، ئۇ پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك

* بۇ ماقالە 2009 ـ يىل 18 ـ ئاپرېل تاپشۇرۇپ ئېلىندى.

ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى: ئەركىن مۇھەممەتتۇرسۇن (1970 ـ يىلى 5 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، لېكتور، ماگىستىر، ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئىزچىللاشتۇرۇپ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيىگە دائىر تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە» دەپ كۆرسەتتى. 2006-يىلى 4-ئايدا مائارىپ مىنىستىرلىكى مەملىكەتلىك ئالىي مەكتەپلەر سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنىنى چاقىردى. يىغىندا مۇنەۋۋەر سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى يېتىشتۈرۈشنىڭ ئادەم تەربىيىلەش ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش، ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيە ۋە ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىملىقى تەكىتلەندى. باش شۇجى خۇ جىنتاۋ سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا دائىر مۇھىم كۆرسەتمە بېرىپ، چوقۇم ئىدىيىۋى تونۇش، تۈزۈم مېخانىزمى، سىياسەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىپ، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش قاتارلىق جەھەتلەردىن ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، كەڭ سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار خىزمىتىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرىدۇ، ئۇلار ئوقۇغۇچىلارنى مۇھىم سىياسىي مەسىلىلەرگە يولۇققاندا مەيدانى مۇستەھكەم، بايرىقى روشەن بولىدىغان قىلىپ تەربىيىلەپ، پارتىيە مەركىزى كومىتېتى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلىشى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەنپەئەتى ھەمدە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشتا چىڭ تۇرۇشى كېرەك. سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۈندىلىك ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيىچىسى، ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىنىڭ تەشكىللىگۈچىسى، يېتەكچىسى ۋە باشقۇرغۇچىسى. ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيە خىزمەتچىلىرى (سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار، سىنىپ مۇدىرلىرى) بەلگىلىمىگە ئاساسەن «ۋەزىيەت ۋە سىياسىي» دەرسى، «قانۇن ئاساسلىرى» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار ئالىي مەكتەپ پارتكوملىرىنىڭ يۇقىرى ساپالىق ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەيدىغان زاپاس كۈچى، شۇنداقلا مەكتەپنىڭ غوللۇق تايانچ كۈچى بولۇپ، ئۇلار ئوقۇغۇچىلارغا بىۋاسىتە يېقىنلىشىپ ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيىلەش ۋە باشقۇرۇش، ئوقۇتۇشقا مۇلازىمەت قىلىپ ئوقۇ-ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلاردۇر. مەكتىپىمىز كېڭەيتىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان، شۇنداقلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىسى كۈندىن-كۈنگە مۇرەككەپ بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، مەكتىپىمىزنىڭ سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى تەتقىقاتىدا يېڭىلىق يارىتىش، شەك-شۈبھىسىزكى، مەكتىپىمىزنىڭ مۇقىملىقى، بىخەتەرلىكىنى، مەكتىپىمىزنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىقلاردا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1. سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا دائىر تۈزۈم كاپالىتىنى ئورنىتىش — سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ ئاساسى

بىز تۈزۈم قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت مۇھىم خاراكتېرلىك، ئۇزۇن مەزگىللىك خىزمەتنى چىڭ تۇتۇشتا، سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارنى تاللاش، ئىشقا قويۇش مېخانىزمى، باشقۇرۇش مېخانىزمى ۋە تەربىيىلەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز كېرەك. مائارىپ مىنىستىرلىكى «ئالىي مەكتەپلەرنىڭ سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلىرى، سىنىپ مۇدىرلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر»نى تارقىتىپ: «سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار، سىنىپ مۇدىرلىرى خىزمەت نىزامىنى تۈزۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۇلارنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتى ۋە خىزمەتكە بولغان تەلەپلەرنى ئېنىق بەلگىلەش كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. «سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار، سىنىپ مۇدىرلىرى خىزمەت نىزامى» ئاساسلىقى، باشقۇرۇشتا قائىدە

www.uyghurkitap.com



بولماسلىق، مەسئۇلىيەت ئېنىقسىز بولۇش، تەكشۈرگەندە ۋە خۇلاسە قىلغاندا ئاساس بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ. پەقەت تۈزۈم كاپالىتى بولغاندىلا، سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. نۆۋەتتە مائارىپ مىنىستىرلىكى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا ئائىت بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ چىقتى. مائارىپ مىنىستىرلىكى «ئالىي مەكتەپلەرنىڭ سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلىرى، سىنىپ مۇدىرلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر»دە مۇنداق كۆرسەتتى: «سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار، سىنىپ مۇدىرلىرىنى تاللاش، تەربىيىلەش ۋە ئىشلىتىشكە خۇددى ئىلمىي ئىختىساسلىق خادىملارغا ئەھمىيەت بەرگەندەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنى ھەقىقىي ئىش بېجىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئۇلارغا بوشلۇق ۋە تەرەققىي قىلىش پۇرسىتى ھازىرلاپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ خىزمەتتىكى ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق قوزغاپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك تەرەپلەردە ئەتراپلىق يېتىشكەن سوتسىيالىزمنىڭ يارامىلىق قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىشەنچلىك ئىز باسارلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە تۆھپە قوشۇش كېرەك». سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىدا ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، كەسپىلەشتۈرۈش تەرەققىياتى روھىنى يېتەكچى قىلىپ، «ئېنىق مەسئۇل بولۇش، قاتتىق باشقۇرۇش، ياخشى تەربىيىلەش، ئەلالىرىنى تاللاش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. «ئېنىق مەسئۇل بولۇش» دېگەنلىك، سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ئورنى ئۈستىدە بەلگىلىمە چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى بەلگىلىمە بويىچە باشقۇرۇش دېمەكتۇر؛ «قاتتىق باشقۇرۇش» دېگەنلىك، ئىلمىي، قاتتىق باشقۇرۇش تۈزۈمىنى تۈزۈپ چىقىپ، سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى سىناپ ۋە باھالاپ، بىر تۇتاش باشقۇرۇش دېمەكتۇر؛ «ياخشى تەربىيىلەش» دېگەنلىك، تەربىيىلەشنى كۈچەيتىپ، سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قابىلىيىتى ۋە ساپاسىنى ئۆستۈرۈش دېمەكتۇر؛ «ئەلالىرىنى تاللاش» دېگەنلىك، سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ شەخسىي يېتىلىشىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ چىقىش يولىنى راۋانلاشتۇرۇش دېمەكتۇر. تۈزۈم مېخانىزمنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، مېخانىزم تۈزۈم كاپالىتىگە موھتاج.

1) سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تاللاش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، قانداق سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىنى تاللاشتا ئىنتايىن مۇھىم.

«سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك بولۇش، كەسپتە ماھىر بولۇش، ئىنتىزامدا قاتتىق بولۇش، ئىستىلى توغرا بولۇش» ئۆلچىمىگە بىنائەن، ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك، تۆھپە قوشالايدىغان، قېتىرقىنىپ ئادەم تەربىيىلەيدىغان، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى ـ سىياسىي تەربىيە ئىشلىرىنى قىزغىن سۆيىدىغان خادىملارنى سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلىرى، سىنىپ مۇدىرلىرى قوشۇنىغا تاللاش كېرەك. تاللاش ئۇسۇلى «تەشكىل تەۋسىيە قىلىش بىلەن ئاشكارا تاللاشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش شەكلىنى قوللىنىپ ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك». سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارنى تاللاشنىڭ كونكرېت شەرت ـ شارائىتلىرىنى پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىگە يۈزلەندۈرۈپ، ماگىستىرانتلار، پارتىيە ئەزالىرى ۋە مۇنەۋۋەر سىنىپ كادىرلىرىنى تاللاشنى ئاساسلىق شەرت قىلىش كېرەك.

2) سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى باشقۇرۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارنى دائىملىق باشقۇرۇش ۋە يىللىق باھالاشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

دائىملىق باشقۇرۇش دېگىنىمىز، ئاساسلىقى سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئەھۋالىنى كۆرسىتىدۇ، ئادەتتە ئۇ ئەخلاقىي، ئىقتىدارى، تىرىشچانلىقى، نەتىجىسى قاتارلىقلار جەھەتتىكى ئىپادىسىنى ۋە ئەھۋالىنى باشقۇرۇش

دېمەكتۇر. ئۇ ئاساسلىقى خىزمەتنى ئەستايىدىل ئىشلەش، ۋەزىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، خىزمەتتە يېڭىلىق يارىتىش قاتارلىقلاردا ئەكس ئېتىدۇ. يىللىق باھالاش دېگىنىمىز، سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، «تۆتنى بىرلەشتۈرۈپ» باھالاش پرىنسىپىنى تۈزۈپ، ئادەتتىكى باھالاش بىلەن يىللىق باھالاشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش، رەھبەرلەر باھالاش بىلەن ئوقۇغۇچىلار پىكىر بېرىشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش، سۈپەت جەھەتتىن باھالاش بىلەن سان جەھەتتىن باھالاشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش، باھالاش نەتىجىسى بىلەن ئىشلىتىش مۇئامىلىسىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈپ باھالاشنى كۆرسىتىدۇ. باھالاش نەتىجىسى سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارنى ئەلا باھالاش، ۋەزىپىگە قويۇشنىڭ مۇھىم ئاساسىي بولۇپ، ئۇ جازا بىلەن مۇكاپاتنىڭ بىرلىكىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئورنىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىنى تاللىماي ئىشلەيدىغان قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

3) سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تەربىيىلەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش نىشانىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مەركەزنىڭ 16-نومۇرلۇق ھۆججىتىدە: «ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيە قوشۇنىنىڭ كەسپىي، ۋەزىپىسى قاتارلىقلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيە مەخسۇس كەسپىي قوشۇنىنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ئۇلارنىڭ كەسپىي ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ئۇلارنىڭ بۇ خىزمەتنى خاتىرجەم قىلىشىغا ئىلھام بېرىپ، ئۇلارنى ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيە مۇتەخەسسىسلىرىدىن قىلىپ چىقىش كېرەك» دەپ كۆرسىتىلدى. مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ «ئالىي مەكتەپلەرنىڭ سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلىرى، سىنىپ مۇدىرلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر»دە: «بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ ئالاقىدار ئۇنۋان ۋە كەسپلەر بويىچە ئوقۇپ بىلىم ئاشۇرۇشىغا ئىلھام بېرىش، ئۇزۇن مۇددەت يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ كەسپلىشىش ۋە مۇتەخەسسىسلىشىش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى قوللاش كېرەك» دەپ كۆرسىتىلدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇتەخەسسىسلىشىش سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى، شۇڭا مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى، مەكتەپلەر سىياسەت تۈزگەندە، چوقۇم سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋەزىپىدە تۇرۇپ ئۇنۋان ئېلىشىغا، ئىش ئورنىدا تەربىيىلىنىشىگە، ۋەزىپىدە تۇرۇپ چېنىقىشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىدىكى يېتەكچىسى، ئوقۇتقۇچىسى، مائارىپ مۇتەخەسسىسى بولۇشىغا يول ئېچىپ بېرىشى كېرەك.

## 2. سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتى — سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ پۈتكۈل ساپاسىنىڭ ياخشى بولۇشىنىڭ كاپالىتى

مەكتىپىمىزنىڭ سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى ئومۇمەن بىرقەدەر ياخشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بىر قىسىم مەسىلىلەرمۇ ساقلىنىۋاتىدۇ. مەسىلەن، سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىدا مەخسۇس ۋەزىپىسى بارلار، قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتىگەنلەرمۇ بار، رەسمىي سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سانى بىر قەدەر ئاز، ۋەزىپىسى ئېغىر، بېسىمى زور، مائاش-تەمىناتى تۆۋەن، چىقىش يولى قىيىن بولۇشتەك بىر قاتار ئەمەلىي مەسىلىلەر مەۋجۇت. ئەگەر بۇ مەسىلىلەر ئەستايىدىل ھەل قىلىنمىسا، سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا زور تەسىر يېتىدۇ.

1) مەكتەپ مەخسۇس ۋەزىپىدىكى سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارنى ئىشلىتىشنىڭ سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ يەتمىگەن.

مەكتىپىمىزدە شتاتنىڭ كەمچىل بولۇشى ۋە باشقا تەرەپتىكى ئامىللار سەۋەبىدىن، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ 1 : 200 نىسبىتى بويىچە سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچى ئىشلىتىشكە ئامال بولمايۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ھەر 375 ئوقۇغۇچىغا ئاران بىر سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچى، ئىككى سىنىپقا بىر سىنىپ مۇدىرى، 2500 ئوقۇغۇچىغا بىر پسىخىكا يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى توغرا كېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇشتا ھەقىقەتەن قىيىنچىلىق پەيدا بولماقتا. شۇنداق بولغاچقا، بىز مەخسۇس ۋەزىپىدىكى سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارنى ئىشلىتىشنى سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىشىمىز كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىدىن سۆز ئېچىش قورۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ.

2) سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك.

نۆۋەتتە، يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە، كۆپىنچە ھاللاردا ئىنستىتۇت (فاكۇلتېت) رەھبەرلىك قىلىش ئاساس قىلىنماقتا، بۇ خىل تۈزۈلمىنىڭ پايدىسىمۇ، زىيىنىمۇ بار بولۇپ، قارىشىمچە، پايدىسىغا قارىغاندا زىيىنى كۆپرەك. ئىنستىتۇت (فاكۇلتېت)لار ئوقۇتۇش، پەن ـ تەتقىقات ئورنى بولغانلىقتىن، مەخسۇس ۋەزىپىدىكى ئىشخانا خىزمەتچى خادىملىرى ئىنتايىن ئاز، مەخسۇس ۋەزىپىدىكى سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار باشقا ئىشلارغا بۆيرۈلۈش ھادىسىسى ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت، يەنە بەزىلىرى ئاز بولمىغان كەسپىي دەرسلەرنى ئۈستىگە ئالىدۇ. سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارنى ئىنستىتۇت، فاكۇلتېت باشقۇرغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ يىللىق باھالىنىشى، تەقدىرلىنىشى ۋە بىلىم ئاشۇرۇشى تەسىرگە ئۇچرىماقتا. بولۇپمۇ كۆلىمى ۋە دائىرىسى چوڭ ئىنستىتۇتلاردا يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بۇ خىل تەسىرگە ئۇچراش ئېھتىماللىقى تېخىمۇ چوڭ بولماقتا.

شۇڭلاشقا، بۇ خىل ئەھۋالنى تۈگىتىش ئۈچۈن، سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىدا مەكتەپ بىلەن ئىنستىتۇت (فاكۇلتېت)لارنىڭ «قوش رەھبەرلىك» تۈزۈلمىسىنى ياكى پارتكوم بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئوقۇغۇچىلار خىزمىتى باشقارمىسى باشقۇرۇشنى ئاساس قىلىدىغان، ئىنستىتۇت (فاكۇلتېت)لار ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ باشقۇرىدىغان تۈزۈلمىنى يولغا قويۇش كېرەك.

3) سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سالاھىيىتىنى ئېنىق بېكىتىش — سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ «ئەلالىرىنى تاللاش» مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارنى قانداق بېكىتىش كېرەك؟ بۇنىڭدىكى نوپۇزلۇق قاراش شۇكى، سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارغا قارىتا قوش سالاھىيەتلىك باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش كېرەك. مائارىپ مىنىستىرلىكى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تارقاتقان «ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى ـ سىياسىي تەربىيىسىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر»دە: «ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قوشۇن ھەم پارتىيىنىڭ سىياسىي خىزمەت قوشۇنىنىڭ بىر قىسمى، ھەم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىر قىسمىدىن ئىبارەت» دەپ كۆرسىتىلگەن. ھالبۇكى، سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار ھەم ئوقۇتقۇچى، ھەم باشقۇرۇش كادىرى بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ خىزمەت ئۇنۋانى ھەم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرىجىسى بويىچە باھالىنىشى، ھەم باشقۇرۇش كادىرلىرىنىڭ دەرىجىسى بويىچە باھالىنىشى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن باشقۇرۇش كادىرلىرى بەھرىمەن بولىدىغان ماس ھالدىكى ۋەزىپە ۋە تەمىناتلاردىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشى كېرەك. قارىشىمچە، ئىختىساسلىشىش، كەسپىلىشىش، باشقۇرۇشتىن ئىبارەت تەربىيىلەش نىشانىنى چىقىش قىلىپ، مەخسۇس ۋەزىپىدىكى سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سالاھىيىتىنى يەنىلا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ

سالاھىيىتى بويىچە بېكىتىش كېرەك. باشقۇرۇش كادىرلىرىنىڭ سالاھىيىتى بويىچە بېكىتىش بىر قىسىم مەسىلىلەرنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەڭ ئالىي ئۇنۋانىنى پەقەت باشقارما دەرىجىلىك قىلىپ بېكىتىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەكتىپىمىزدە باشقارما دەرىجىلىك شتاتنىڭ سانىمۇ چەكلىك. شۇڭلاشقا سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سالاھىيىتى ۋە ئۇنۋانى، دەرىجىسى قاتارلىقلارنى بېكىتىشتە، ئۇلارغا ئادەتتىكى ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىشى كېرەك. بۇ سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ مۇقىملىقىغا ۋە سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىلىق.

### 3. سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ ساپاسى — سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش نىشانى ۋە ئۇلارنىڭ ئىختىساسلىشىشى، كەسپلىشىشى ۋە مۇتەخەسسىسلىشىنىڭ كاپالىتى

ئىختىساسلىشىش ئاساس، كەسپلىشىش ۋە مۇتەخەسسىسلىشىشنىڭ خىزمەت ئورنىدىكى ئاساسلىق ۋاستىسى ئىختىساسلىشىشتىن ئىبارەت. ئۇنداقتا ئىختىساسلىشىش دېگەن نېمە؟ ئىختىساسلىشىش ئەمەلىيەتتە سۈپەت بولۇپ، ئۇنى ئومۇم ئېتىراپ قىلىدىغان، مۇقىم بىر ئۆمۈر شۇغۇللىنىشقا بولىدىغان خىزمەت ئورنى، دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەتتە ئىختىساسلىشىشى، تۈپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئادەم تەربىيىلەش ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار خىزمىتىنىڭ ئۆتكۈنچى خاراكتېرلىك ۋە ۋاقىتلىق بولۇشىدەك ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىدۇ. مۇتەخەسسىسلىشىش سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار خىزمىتىگە دائىر نەزەرىيە تەتقىقاتىدا ۋە ئەمەلىيەتتە يېڭىلىق يارىتىش دېمەكتۇر. سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارنى ئىختىساسلاشتۇرۇش، كەسپلەشتۈرۈش ۋە مۇتەخەسسىسلەشتۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى — ئۇلارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە. شۇڭلاشقا سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئاساسىي ساپاسى، ئۇلار چوقۇم ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك ئىدىيە، سىياسىي، ئەخلاق، بىلىم، پسىخىكا قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ئاساسىي شارائىتلارنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ. سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارغا قارىتىلغان ساپا تەلىپى جەھەتتە، ئىمكانقەدەر تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك.

1) سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىدىكى يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلىرىدۇر، ئۇلار ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن، ئاۋۋال ئىلمىي دۇنيا قاراش، توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى تىكلىشى كېرەك. ئالىي مەكتەپ باسقۇچى — گۈزەل كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنىڭ باشلىنىش باسقۇچى، بۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ياش جەھەتتىن، تېخى ئەمدىلا ياش قۇرامىغا يەتكەن؛ ئوقۇش جەھەتتىن، جەمئىيەتكە چىقىشتىن ئىلگىرى بىلىمدە ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرىدىغان؛ ئىدىيە جەھەتتىن، ئىلمىي دۇنيا قاراش، توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى شەكىللەندۈرۈدىغان؛ تەربىيىلىنىش ئادىتى جەھەتتىن، ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ياخشى ئادىتىنى شەكىللەندۈرۈدىغان ئەڭ ياخشى مەزگىل. شۇڭلاشقا سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار ئالىيجاناب پەزىلەتكە ۋە كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە بولۇشى، ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان سېھرىي كۈچكە ۋە چوڭقۇر قايىل قىلىش كۈچىگە، ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتكە، ئۆزىگە خاس مېتودقا ئىگە بولۇشى ھەمدە بۇ ئارقىلىق كۆپ سانلىق ئوقۇغۇچىلارنى قايىل قىلىشى كېرەك.

2) مول بىلىم ۋە مول خىزمەت تەجرىبىسىگە ئىگە مۇتەخەسسىسلەردىن بولۇشى كېرەك. سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار ئۆزىنىڭ مول خىزمەت تەجرىبىلىرى ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكىسىنى كۆزىتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكا ئۆزگىرىشىدىكى ھەرخىل

ئۆزگىرىشلەرنى بايقاپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىدىيىسىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ئاكتىپ ھەل قىلىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، رەسىم، ھۆسنخەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، تەنتەربىيە قاتارلىق جەھەتلەردىن مول بىلىمگە ئىگە بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى مول جەمئىيەت بىلىمگىمۇ ئىگە بولۇشى كېرەك.

3) تەتقىقاتچى خادىملاردىن بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە جەمئىيەت فورماتسىيىسىدىكى ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىشلەرنى ئىگىلەپ مېڭىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار خىزمەتتە ئۆزىنى ئۆزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېڭى ساھەلەرنى تەتقىق قىلىشى كېرەك. تەتقىق قىلغاندا كۆز ئالدىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى نەزەردە تۇتۇپلا قالماستىن، چوقۇم تەپەككۇر ۋە پىكىردە يېڭىلىق يارىتىشنى خىزمەت نىشانى قىلىپ تەتقىق قىلىشى كېرەك.

4) ئوقۇغۇچىلار ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان كەسىپ ئەھلى بولۇش — سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار چوقۇم پىشقان كەسىپ ئەھلى بولۇشى كېرەك. مەسىلەن، يېڭى ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان ئوقۇشقا كىرىش تەربىيىسى، دۆلەت ئوقۇش مۇكاپاتى، دۆلەت ياردەم ئوقۇش پۇلى قاتارلىقلارنى باھالاپ بېكىتىش ۋە تارقىتىش، ئوقۇش مۇكاپاتىنى باھالاپ بېكىتىش، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكچىلىك قىلىش، ئوقۇش پۇتتۈرۈش خۇلاسىسى ۋە ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىنى تەشكىللەش قاتارلىقلارنى ئەتراپلىق بىلىشى كېرەك.

5) يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار پسىخىكا دوختۇرلىرىدىن بولۇشى، ئالىي مائارىپنى ئاممىۋىلاشتۇرۇش ۋە ئادەم تەربىيىلەش سەۋىيىسىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ستۇدېنتلارنىڭ پسىخىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى مۇھىم كۈندىلىك ئىشلار كۈنتەرتىپىگە قويۇشى كېرەك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەكتىپىمىز ستۇدېنتلىرىدا ساقلىنىۋاتقان پسىخىك توسالغۇ مەسىلىسى ۋە پسىخىك ئاجىزلىق مەسىلىسى كۈنسېرى ئېغىرلاشماقتا. مۇناسىۋەتلىك تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، مەكتىپىمىز ستۇدېنتلىرىنىڭ ئارىسىدىكى 10%دىن كۆپرەكىدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدىكى پسىخىك مەسىلىلەر ساقلانغان، ستۇدېنتلارنىڭ نۇرغۇن ئىدىيىۋى مەسىلىلىرىنى ئۇلارنىڭ پسىخىك ئامىللىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇڭا سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك دوختۇرلىرىدىن بولۇشى كېرەك. دېمەك، ئالىي مەكتەپ سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش خىزمىتىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشى، مەكتەپنىڭ مۇقىملىقى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى قاتارلىق جەھەتلەردە ئوينايدىغان رولىنى ھەقىقەتەن ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ.

## پايدىلانمىلار


[1] ۋاڭ تېمبې: «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىتىلغان پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنى كۈچەيتەيلى»، «نۇر گېزىتى» [N]، 2006 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىكى سانى، 7 ـ بەت.

[2] چېن سۇڭ، خې جۈن: «ئالىي مەكتەپلەر سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىش توغرىسىدا مۇلاھىزە»، «جۇڭچىڭ سودا ـ سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»[J]، 2004 ـ يىللىق 5 ـ سان.

[3] سەي گوچۈن: «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۇقۇمىغا تەبىر»، «ياڭجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئالىي مائارىپ تەتقىقاتى قىسمى) [J]، 2000 ـ يىللىق 2 ـ سان.

[4] شېن جۋاڭخەي: «ئىدىيىۋى ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى ئۇنۇملۇك ئىشلەيلى»، «ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»[J]، 2001 ـ يىللىق 4 ـ سان.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: مۇسا رۇزى**

ماقالە نومۇرى:06-027-03 (2009) 5878-1005

# ئېكولوگىيىلىك مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتىگە نەزەر*

چىمەن نەجمىدىن

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى، 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** تەبىئەت بىلەن ئىناق ئۆتۈش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش سىجىل تەرەققىي قىلىشتىن ئىبارەت ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. ماقالىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى ئولتۇراقلاشقان ئالاھىدە تەبىئىي شارائىتقا يارىشا ئۆزگىچە مەدەنىيەت ياراتقانلىقى، بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ سەنئەت مەدەنىيىتىدە، بولۇپمۇ دولانلىقلارنىڭ مەشرەپ-مۇقام مەدەنىيىتىدە روشەن ئىپادە قىلىنغانلىقى كۆرسىتىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەتنى سۆيىدىغان، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغدايدىغان ئەنئەنىگە ئىگە ئىكەنلىكى توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要**：与自然和谐相处、保护生态环境是可持续发展科学发展观的重要内容。本文指出维吾尔族适应自身所处的特殊自然环境创造了独具特色的文化生态，这种文化在维吾尔族的艺术文化中，尤其在刀郎人的麦西莱甫和木卡姆文化中得到了鲜明的表现，以此阐明维吾尔族具有热爱自然、保护生态环境的传统。

**Abstract:** Getting along with nature and protecting the ecological environment are an important part of the scientific view of development which guarantees constant development. In this article, by showing how Uyghurs have created a unique culture suited to the special natural environment in which they live, and how this is displayed in their artistic culture, particularly the meshrep and muqam culture of the Dolan Uyghurs, a discussion will be carried out on how the Uyghurs have a tradition of loving nature and protecting the environment.

**كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G122 ماتېرىيال بەلگىسى: A**

ئېكولوگىيىلىك مەدەنىيەت دېگىنىمىز — ئادەمنىڭ تەبىئىي مۇھىت ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەكلى ۋە ياشاش ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، بۇ رايوندا ناھايىتى مول بولغان ئېكولوگىيىلىك مەدەنىيەت بايلىقلىرى ۋە ئۇزۇن تارىخقا ئىگە مەدەنىيەت مىراسلىرى ساقلانغان. قۇملۇق، چۆللۈك، قارلىق تاغ، ئورمان، يايلاق، كۆل، يېزا-قىشلاق، شەھەر-بازار قاتارلىق تۈرلۈك-تۈمەن خىلدىكى تەبىئىي مەنزىرىلەر كىشىگە ئاجايىپ زوق بېغىشلاپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئېكولوگىيىلىك مەدەنىيەت شەكلىنىمۇ كۆز ئالدىمىزدا نامايان قىلىدۇ. گەرچە رايونلار ئېكولوگىيىسىنىڭ ناچارلىقى، كىشىلەرنىڭ ياشاش شارائىتىنىڭ بىرقەدەر جاپالىقلىقى مۇشۇ زېمىندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارغا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ ئەمما يەنە بىر جەھەتتىن

* بۇ ماقالە 2009-يىلى 6-ئاپرېل تاپشۇرۇپ ئېلىندى.

ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى: چىمەن نەجمىدىن (1958-يىلى 11-ئايدا تۇغۇلغان)، پروفېسسور، چېگرا-رايون مىللەتلەر تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



ئېلىپ ئېيتقاندا، مۇشۇنداق ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك مۇھىت ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان سەنئەت مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولغان . دولانلىقلارنىڭ تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بىلەن ماسلىشىپ ياشاش ئاساسىدا ئەسلى ھالەتتىكى دولان سەنئىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

«ئېكولوگىيە» — بۇ بىر خىل ماددىي ئۇقۇم، ئادەم بولسا مەدەنىيەتنىڭ سۇبيېكتى. ئەگەر «ئېكولوگىيە» ئۇقۇمى ئادەم بىلەن مۇناسىۋەتسىز دېيىلسە، ئۇنداقتا كائىناتتىكى بارلىق نەرسىلەر نوقۇل شەكىلگىلا ئىگە بولۇپ قالىدۇ، خالاس. تەبىئىي ئېكولوگىيە پەقەت ئادەم ئامىلىنى سۇبيېكت قىلغاندىلا ئۇ ئاندىن مەدەنىيەت ئېكولوگىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلەلەيدۇ ھەم ئورتاق ياشاش، ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش، بىر بىرىگە تايىنىش قاتارلىقلارغا ئىگە بولغان ھاياتلىق شەكلىگە ئىگە بولىدۇ. ئېكولوگىيە مەدەنىيىتىنىڭ قىممىتى كىشىلەرنىڭ ياشاش مۇھىتىنى كۆزىتىش ئوبيېكتى قىلىپ كىشىلەرنىڭ ھاياتقا بولغان تەلپۈنۈشى، ھاياتقا بولغان قىزغىنلىقىنى ئېكولوگىيىلىك مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق مەنىۋى كاپالىتى دەپ قاراپ، ئەقلىي ھەم لوگىكىلىق خۇلاسە چىقىرىش ئارقىلىق، ئادەم بىلەن تەبىئەت، ئادەم بىلەن ئىجتىمائىي مەدەنىيەت قاتارلىقلارنىڭ ئۆزئارا رولى ھەم قانۇنىيىتىنى بايقاپ ئوخشىمىغان مۇھىتتىكى مەدەنىيەتلەرنىڭ ئوخشىمىغان شەكىلگە، ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدىغانلىقىنى مۇلاھىزە قىلىشتىن ئىبارەت.

نۆۋەتتە جەمئىيەتنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشى، ئىنسانىيەتنىڭ ھەرخىل مەدەنىيەت ئېڭى ۋە ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ جۇغلىنىپ تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئوخشىمىغان دەرىجىدە خىرىسقا دۇچ كەلدى. ئۇزۇندىن بېرى بېكىنمە ھالەتتە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ھەتتا يوقىلىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان بىر قىسىم ئەنئەنىۋى سەنئەت شەكىللىرىنى كىشىلەر قايتىدىن تونىدى ۋە ئېتىراپ قىلدى، ئۇلار ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېكولوگىيىلىك مەدەنىيەتنىڭ قىممىتى زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇش شەكلى ۋە ياشاش ھالىتىدە ناھايىتى ئۇستۇن ئورۇن تۇتتى.

## 1. ماددىي مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن دولان ئۇيغۇرلىرى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئاساسىغا نەزەر

ئېكولوگىيىلىك مۇھىت جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق مەۋجۇت بولۇش شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتى قايسى خىلدىكى تەرەققىيات باسقۇچىدا بولۇشتىن قەتئىي نەزەر ھەرقانداق نەرسىنى ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدىغان بايلىق ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي شەكىل، ماددىي ھەم مەنىۋى مەدەنىيەت قاتارلىقلارنى مۇھىت ئىلمى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش تامامەن مۇمكىن.

يەر شارائىتى جەھەتتە ئاپتونوم رايونىمىز قۇرغاق، چۆللۈك رايونغا تەۋە. «ئۈچ چوڭ تاغ، ئىككى ئويمانلىق» تىن ئىبارەت جۇغراپىيىلىك شارائىت بۇ رايوندا قۇياش نۇرىنىڭ يېتەرلىك بولۇش، يەر ئاستى سۈيىنىڭ پارغا ئايلىنىش مىقدارى يامغۇر مىقدارىدىن كۆپ بولۇش، تاغ سۈيىگە تايىنىپ يەر سۇغۇرۇشتەك قۇرغاق ئىقلىم شارائىتىنى شەكىللەندۈرگەن. شۇڭا يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ئاز بولغان، قۇملۇق، چۆللۈكلەر ئايرىۋېتىلگەن ھەم بۇلار ئوراپ تۇرغان بوستانلىقلار دولانلىقلارنىڭ ياشىشىدىكى بىردىنبىر تاللىشى بولۇپ قالغان. گەرچە كىشىلەر ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنى تاللىيالمىسىمۇ، بىراق، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا ماس بولغان تۇرمۇش شەكلىنى تاللىيالايدۇ. بۇ خىل تۇرمۇش شەكلى كىشىلەر ئىگە بولغان ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت جۈملىدىن ياشاشتىكى ئەقىل پاراسىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەكىت ناھىيىسىدىكى دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى رايونىمىزنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت

شارائىتى چەكلىمىسى ئاستىدا ئەڭ دەسلەپ شۇغۇللانغان ئوۋچىلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىن كېيىنچە يېزا ئىگىلىكىگە تەرەققىي قىلىپ چارۋىچىلىق، ئاددىي ھالدىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىك، كىچىك تىپتىكى سودا ـ سېتىق قاتارلىقلار بىر گەۋدە قىلىنغان ماددىي مەدەنىيەت ھالىتىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ياشاش ھالىتى پاسسىپ ھالدىكى ماسلىشىش بىلەن ئاكتىپ ھالدىكى ئىنتىلىشتىن ئىبارەت ئۆزئارا قارىمۇ ـ قارشىلىقنىڭ بىرلىكى ئىدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئېپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتتىكى بارلىق مەۋجۇداتنىڭ روھىغا چوقۇنۇش ئېڭى يوشۇرۇن ھالدا ئىپادىلىنەتتى. ئەمما، بۇنداق ئىپادىلەر جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ماس ھالدا ئۆزگىرىپ، مەزمۇن جەھەتتىن مۇكەممەللەشتى.

ئالدىنقىلاردىن قېپقالغان كۆچمەن چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق دەۋرىدىكى ئەركىن پائالىيەت شەكلى بۈگۈنكى كۈندە بوستانلىقتا ياشاۋاتقان دولانلىقلارنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. يېشىللىقنى قوغداش، يېشىللىققا ھۆرمەت قىلىش، تەبىئەتكە كۆڭۈل بۆلۈش، تەبىئەتكە چوقۇنۇش دولان مۇقامى «چۆل باياۋان»نىڭ تېكىستلىرىدە تۆۋەندىكىدەك تەسۋىرلەنگەن:

خەلق بۇ جاينى چۆل دەيدۇ،
چۆل ئەمەس گۈلزار ئىكەن.
توغرىقى ئالمىغا ئوخشاش،
يۇلغۇنى مازار ئىكەن.

يۇقىرىقى تېكىستتە ئىپادىلەنگەن دولانلىقلارنىڭ ياشاش ئېڭى نۆۋەتتە پۈتكۈل دۇنيا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئېكولوگىيىنى قوغداش بىلەن ماسلاشقان ھالدا، ئادەم بىلەن تەبىئىي مۇھىت ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىقنى روشەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك مۇھىتى ـ بوستانلىق مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ. قەيەردە بوستانلىق بولىدىكەن، شۇ يەردە دولانلىقلارنىڭ ھاياتقا بولغان قىزغىنلىقى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. «ھەرىكەتچانلىق» تىن «جىمجىتلىق» قىچە بولغان تۇرمۇش شەكلى دولانلىقلارنىڭ پۈتكۈل تىرىكچىلىك جەريانىغا سىڭىپ كەتكەن بولۇپ دولانلىقلارنى باشتىن ئاخىر ھەر ۋاقىت باشقىلار ئاسانلىقچە ھېس قىلالمايدىغان خۇشاللىق، بەخت تۇيغۇسىغا چۆمدۈرگەن. مانا بۇ تېرىقچىلىق ئىگىلىكى ۋە چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىن ئىبارەت قارىماققا ئۆز ـ ئارا ماس كەلمەيدىغان ئىگىلىك شەكىللىرى ئارىسىدىكى بىر خىل بىرىكىش.

بوستانلىق ئىگىلىكى بوستانلىق مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بوستانلىق مەدەنىيىتى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە دولان سەنئىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تۈرتكە بولغان. بوستانلىق ئىگىلىكى پەقەت يەككە ھالدىكى ئىقتىسادى گەۋدە بولماستىن بەلكى، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، باغۋەنچىلىك، قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا ـ سېتىق قاتارلىق كۆپ قاتلاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىقتىسادىي ئىگىلىك شەكلىدىن ئىبارەت. مانا بۇلار دولان ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت ئاساسلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

دولانلىقلار يېشىللىقتىن زوقلىنىپلا قالماستىن، چۆل ـ باياۋان قوينىدىمۇ ئۆزگىچە خۇشاللىقنى ھېس قىلالايدۇ. ئۇلار خۇشال بولسىمۇ ناخشا ئېيتىشىدۇ، قايغۇرسىمۇ يەنىلا ناخشا ئېيتىشىدۇ. خۇشاللىق بىلەن غەم ـ قايغۇ ئۇلارنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى بىلەن ناھايىتى چىڭ گىرەلىشىپ كەتكەن. دولانلىقلار ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ ھاياتنىڭ گۈزەللىكىدىن ھۇزۇرلىنىۋاتقان چاغلىرىدا، چەككەن بارلىق جاپالىرىنى، كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇيدۇ، خۇددى پارچە ـ پارچە بوستانلىقلار ئۇلارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە جان بېرىۋاتقاندەك ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە خۇشاللىق، چېھرىدە كۈلكە ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

تەكلىماكان قۇملىرىنىڭ ئۇچۇشلىرى يەنە ئوخشاشلا ئۇلارنىڭ روھىنى ئۇرغۇتىدۇ. ئۇلاردىكى قىيىن ـ قىينىغا پاتمايدىغان خۇشاللىق ھېسسىياتلىرى ھاياتقا، ئانا تەبىئەتكە بولغان ئەشۇ ئەركىلەشلىرى چېچىلىپ تارقاق

www.uyghurkitap.com



ئۇلتۇراقلاشقان كىشىلەرنى بىر يەرگە جەم قىلىپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ئۆزئارا ئىلھام بېرىش يولى بىلەن كوللېكتىپنىڭ ئەقىل ـ پاراستىگە تايىنىپ ئۆز يۇرتىنى قۇرۇپ چىقىشقا يېتەكلەپ، ئاجرىتمۇتكىلى بولمايدىغان مەدەنىيەت توپىغا مۇجەسسەم قىلىدۇ. «چۆل باياۋان» مۇقامىدىكى تۆۋەندىكى تېكىستكە قاراپ باقايلى:

گۈل ـ گۈلىستان بولغىدەك،
ئالەم گۈلىستان بولغىدەك.
ياخشىلار بىر يەردە بولسا،
چۆلمۇ بوستان بولغىدەك.

دولانلىقلار ھاياتقا بولغان تەلپۈنۈشى، تۇرمۇشقا بولغان سەممىيىتى بىلەن مەيلى قەيەردە، قانداق ئىشتا بولمىسۇن، قولىلىرىغا ساز ئېلىپ يۈرەكنى تىترەتكۈدەك ئاھاڭلارغا چالىدۇ. ئۇلاردىكى ھەربىر ناخشا تېكىستى، ھەربىر ئۇسسۇل ھەرىكىتى پەقەت بىر خىل سەنئەت بولۇپلا قالماستىن، ھاياتلىقنىڭ چىن، ھەقىقىي ئىپادىسى. ئۇلارنىڭ ئىپادىلىگەن ھېسسىياتى شۇ قەدەر تەبىئىي، شۇ قەدەر ساپ بولۇپ، ئۇلار ئىزچىل ھالدا تەبىئەت بىلەن ماسلاشقان. ئۇلار كىشىلەر ئارا ماسلىشىشقا، سەنئەت بىلەن گىرەلەشكەن تۇرمۇشقا ئىنتىلىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئۆز سەنئىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ①.

**2. مەنىۋى مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن دولان ئۇيغۇرلىرى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇش ئاساسىغا نەزەر**

«ئادەمنىڭ ئىدراك ۋە بىلىش پائالىيىتى مۇھىتقا ماسلىشىش جەريانىدا شەكىللىنىدۇ»②.

تەبىئىي ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكنىڭ بىلەن مەدەنىيەتنىڭ يېتىلىش سەھنىسى. ئېكولوگىيىلىك مۇھىت كىشىلەرنىڭ ھاياتلىققا بولغان تەلپۈنۈشىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. دولانلىقلار ناچار ئېكولوگىيىلىك مۇھىتتىمۇ ئۈمىدۋارلىق روھىنى ئىپادىلىدى. نەچچە مىڭ يىللاپ كۆكلەپ تۇرالايدىغان توغراق روھى دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ سىمۋولى.

بىرىنچىدىن، دولان ئۇيغۇرلىرى ھاياتىنىڭ قىممىتىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ناچار ئېكولوگىيىلىك مۇھىتتىمۇ كوللېكتىپنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى نامايان قىلىش ئۇلاردىكى تۇغما خاراكتېردۇر. ئەمما، مەۋجۇتلۇق ۋە تەرەققىياتقا ماس بولغان تىرىكچىلىك يولىنى ئىزدەپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سودا ـ سېتىق بىرلەشكەن يېڭى ئىقتىسادىي شەكىلگە ئۆتكەندە، تۇغما خاراكتېردىن كۆرە خاسلىقنى تەكىتلەيدۇ. چۈنكى شەخسنىڭ قەدىر ـ قىممىتى كوللېكتىپ ئىچىدىكى مەۋجۇتلۇقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ئىجادچانلىقىغا ئىلھام بېرىش، باتۇرلۇقى، ئەقىل ـ پاراستىنى ئېتىراپ قىلىش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. فېيېرباخمۇ «سېنىڭ بىرىنچى مەسئۇلىيىتىڭ ئۆزەڭنى بەختلىك ئادەم قىلىش» دېگەن③.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئېلىمىزنىڭ غەربىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بىر گەۋدە سۈپىتىدە ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان تۇرمۇش شەكلى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىنى تاللاپ، رېئال تۇرمۇش داۋامىدا ئۆزلىرىنى تاۋلاپ كەلگەن. ئەلۋەتتە، مۇشۇنداق ھاياتىي كۈچكە تولغان كىشىلەر توپى بولغاندىلا، ئۆزگىچە خاس ئىتتىپاقلاشقان، ئۇيۇشقان روھىي ھالىتىنى نامايان قىلغىلى بولىدۇ.

دولانلىقلارنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى مانا مۇشۇنداق روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان. دولان ناخشىلىرىدا مۇنداق تېكىستلەر ئۇچرايدۇ:

قويسا ئۇسسۇل ئۇينىسا،
شۇنچە كۆپ جۈپ ـ جۈپ كىشى.
ئەھلى مەشرەپتە يايرىسۇن،
مۇقام ـ ئۇسسۇل نەغمىسى.

ئىككىنچىدىن، دولان ئۇيغۇرلىرى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا ناھايىتى تېز ماسلىشالايدۇ. بۇنى مەۋجۇدىيەت پەلسەپىسى بويىچە چۈشەندۈرگەندە ياشاش (ھاياتلىق) پەقەت ئادەمنىڭ ئېكولوگىيە سەھنىسىدىكى بىرلا خىل، پاسسىپ، مېخانىكىلىق ھالدا داۋاملىشىدىغان مەۋجۇتلۇقى بولماستىن، بەلكى ياشاشنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت. ھاياتلىق ھادىسىسى

پەلسەپىسى ئادەمنىڭ «چوڭ بولماسلىق» تىن ئىبارەت گۆدەكلەرچە خىيالىدىن هالقىپ، ‹بالاغەتكە يېتىش» ياكى «غايىۋى هاياتلىق» قا بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىشى بولۇپ، ئادەمنىڭ مۇكەممەل هاياتقا بولغان تەلپۈنۈشىنىڭ پىسخىكىلىق مايىللىقىدۇر. مۇشۇ نۇقتىدىن پەلسەپەنىڭ ئىپادىلەيدىغىنى ئادەمنىڭ ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش جەريانى، هاياتلىقنىڭ ماهىيىتىنى چۈشىنىشىدىن ئىبارەت④.

دولان ئۇيغۇرلىرى هاياتلىق پائالىيەتلىرى داۋامىدا، تەبىئەتنىڭ «رەھىمسىز سوۋغىلىرى» ۋە «شەپقەتسىزلىكى» گە نىسبەتەن يەنىلا بىر جۈپ قولىغا تايىنىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئەتراپتىكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئۆزگەرتىشتىن باشقىسىنىڭ كارغا كەلمەيدىغانلىقىنى چوڭقۇر هېس قىلىپ يەتكەن هەم بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ ئىشنىڭ بىر قانچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا يېشىللىقلار ئاز، سۇ كەمچىل. شۇڭلاشقا ئۇلار باغ ـ ۋارانلارنى بەرپا قىلىشقا ئەهمىيەت بېرىدۇ. سۇيىگە تايىنىپ ئېتىز ـ ئېرىقلارنى سۇغىرىدۇ، هاياتلىقتىكى كەم نەرسىلەرگە بولغان ئىنتىلىشلارغا نىسبەتەن ناخشا ـ ئۇسسۇل ئارقىلىق كەمچىلىكلەرنى تولۇقلاپ، ئىنسانلار ۋە تەبىئىي ئېكولوگىيەنىڭ ماسلىق نۇقتىسىنى (تەڭپۇڭلۇق نۇقتىسىنى) توختاۋسىز ئىزدەيدۇ . دولان ناخشا تېكىستلىرىدە مۇنداق مىسرالار بار:

باغۇ ـ بوستان قىلغىلى،

چۆل ـ باياۋان ياخشىدۇر.

يارنى چىللاپ كەلگىلى،

شۇڭا ئېيتقان ناخشىدۇر.

بۇ خىل تەڭپۇڭلىقنى پەلسەپە نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرگەندە، بىرى، بۇ تەڭپۇڭلۇق كىشىلەرنىڭ پائالىيىتىدىن ئىبارەت. يەنە بىرى، بۇ خىل تەڭپۇڭلۇق هاياتلىقنىڭ ئۆزىدە ئەسلىدىنلا بار بولغان بولىدۇ. هاياتلىققا نىسبەتەن چەكسىز ئىنتىلىش ئىچىدە بۇ خىل تەڭپۇڭلىق ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ.

### 3. هەرىكەت مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن دولان ئۇيغۇرلىرى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇش ئاساسىغا نەزەر

هەرىكەت مەدەنىيىتى ـــ مەدەنىيەتتە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر تارماقتۇر. كىشىلەر ئۆزئارا ئالاقە داۋامىدا بىلىپ ـ بىلمەي تۈرلۈك مەدەنىيەت هالەتلىرىنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنىڭ ئاشكارا ئىپادىلىنىشى بولۇپ ئۇنىڭ مەزمۇنى مىللەتنىڭ ئىقتىسادى تۇرمۇش شەكلىدىن تارتىپ، ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىگىچە بولغان مول مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى» دەپ تەرىپلىنىدىغان رايونىمىزدا بارلىققا كەلگەن دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى كىشىنى ناهايىتى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرىكى ئۇۋچىلىق تۇرمۇشىغا باشلاپ بارىدۇ. دولانلىقلارنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى ئۇزۇن يىللىق تەرەققىيات داۋامىدا مەزمۇن جەھەتتىن مۇكەممەللىشىپ يەككە هالدىكى مەدەنىيەت هادىسىسىدىن هالقىپ، كۆپ خىل شەكىلگە ئىگە، ئۇنىۋېرسال مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنى شەكىللەندۈرگەن. مەزمۇن جەھەتتىكى چېچىلاڭغۇ، كەمتۈك مەدەنىيەتتىن تەرەققىي قىلىپ مەزمۇنى مول، شەكلى كۆپ، بىر قەدەر مەركەزلەشكەن مەدەنىيەت شەكلىگە ئايلاندى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، هەم ماددىيلىقتا هەم مەنىۋىيلىكتە ئىگە بولغان بىر نەرسە بار دېيىلسە، ئۇ دەل ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىدىن ئىبارەت.

ئەمەلىيەتتە، هاياتلىقنىڭ ماهىيىتى «هەرىكەت» تە. ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى ئاۋاز، تىل، بەدەن هەرىكىتى قاتارلىقلارنىڭ ياردىمىدە مۇئەييەن رىتىم، ئۇدارغا ئىگە بولغان هەرىكەتنى ئىپادىلەيدۇ. بىزگە مەلۇم، ناخشا ـ ئۇسسۇل كىشىلەرنىڭ هاياتىنىڭ هەممە تەرەپلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئەڭ ياخشى شەكىللەرنىڭ بىرى. دولانلىقلار ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ هاياتقا بولغان هېسسىياتى، دۇنيا قارىشىنى ئىپادىلەپلا قالماستىن،

www.uyghurkitap.com



ئەڭ مۇھىمى مۇھىتقا ماسلىشىش ۋە ئۇنى بويسۇندۇرۇش ئىقتىدارىنى ئىپادىلەپ كەلگەن.

ئالاھىدە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ سەۋەبىدىن دولانلىقلارنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى ئالدى بىلەن ناخشا تېكىستلىرىنىڭ ئەينەنلىكى، ئۇسسۇل ھەرىكىتىنىڭ مەردانىلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. يەنە بىر نۇقتىدىن دولان ئۇسسۇلى ھەرىكەتلىرى ئاساسلىقى بەلنىڭ يۇقىرى قىسمىغا مەركەزلەشكەن. يەنە كېلىپ ناخشا ئاھاڭىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى بىلەن ئۇسسۇلدىكى پۇت ھەرىكىتى ناھايىتى ماسلاشقان. بولۇپمۇ، دولان ئۇسسۇلىدا ئىپادىلەنگەن ئىنچىكىلىك بىلەن مەردانىلىق، ئۆزگىچە جۇشقۇن ھەرىكەتلەر ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. روشەنكى، بۇ ھەرىكەتلەر ئوۋچىلىق، دېھقانچىلىق تۇرمۇشىدىكى ھەرىكەتلەرگە تەققاس قىلىنغان. داپ، قالۇن قاتارلىق چالغۇلاردىن چىققان يۈرەكنى تىترىتىدىغان ئۇدار، رىتىملار دولانلىقلارنىڭ كۆتۈرەڭگۈ ھەم جۇشقۇن روھىنى، تىرىكچىلىك يولىدىكى ئالغا ئىنتىلىشىنى، تۇرمۇشقا بولغان قىزغىنلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ دولان مۇقامىنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ بىر مۇھىم ئاساسىدۇر. دولانلىقلار ھاياتقا بولغان ئەڭ ساپ تونۇشى بىلەن يۇقىرى بەدىئىي ئالاھىدىلىككە ھەم زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغان بۇ سەنئەتتىن ھۇزۇرلىنىپ كەلمەكتە.

«ئېقىن سۇ سېسىمايدۇ، ئىشىك ئۆلگۈچىگى چىرىمايدۇ» دېگەن تەمسىل بەلكىم دولانلىقلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ماھىيىتى، ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ سىرى بولسا كېرەك.

**ئىزاھلار:**

① خۇاڭ بىڭشېڭ، يۈەن دىڭشېڭ تۈزگەن: «مىللىي ئېكولوگىيە ئېستېتىكىسى»، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى نەشرى، 8 ـ بەت.

② لىن تۇڭ خۇا تۈزگەن: «ئېستېتىكا مەدەنىيەتشۇناسلىقى»، شاڭخەي: دۇڭفاڭ نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى نەشرى، 129 ـ بەت.

③ خۇا جىنمۇ، لىياڭ يۈن: «ئۇيغۇر مەشرەپلىرىدىكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدە ئىپادىلەنگەن مىللىي مەدەنىيەت روھى»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»، 2007 ـ يىلى 4 ـ ئاي.

④ چېن يوڭجيۇ، ««ھاياتلىق» تىن مەۋجۇدىيەت پەلسەپىسىگە نەزەر»، گۇيجۇ مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2007 ـ يىللىق 4 ـ سان.

**پايدىلانمىلار**

[1] مۇھەممەت ئوسمان: « دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى» (1) [M]، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى 9 ـ ئاي نەشرى.

[2] مۇتەللىپ سىبىيت قاتارلىقلار: «دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى» (2) [M]، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى 9 ـ ئاي نەشرى.

[4] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»[M]، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى.

[5] خې خۇيخۇاڭ: «ئېكولوگىيە ئىلمى»[M]، شىجياجۇاڭ: خېبېي ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى.

[6] فەن گۇاڭرۇڭ، يى شياۋتىڭ: « ئېكولوگىيە ئىنسانشۇناسلىقى»[M]، كۇنمىڭ: يۈننەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 3 ـ ئاي نەشرى.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل كېچىكئاخۇن**

30-يىللىق 3-سان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 第 30 卷第 3 期
2009-يىلى سېنتەبىر 新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版) 2009 年 9 月

ماقالە نومۇرى:08-033-03 (2009) 1005-5878

# شىنجاڭنىڭ مۇلازىمەت كەسپىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە تەدبىرلەر*

ئېلياس جالالىدىن، ئابلىمىت كېرەم

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى، 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** مۇلازىمەت كەسپى خەلق ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى، ئۇنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى بىر دۆلەت ياكى رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم بەلگىلەرنىڭ بىرى. مۇلازىمەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتى باشقا كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتىنىڭ ئاستا بولۇشى، باشقۇرۇش سەۋىيىسىنىڭ ۋە كىشىلەرنىڭ ساپاسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، كەسىپ ئىچكى قۇرۇلمىسىنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇلازىمەت كەسپىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ئاستا بولماقتا. بۇنىڭدىن كېيىن تونۇشنى ئۆستۈرۈش، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، يېڭىلىق يارىتىش، بازارغا كىرىشنى تېزلىتىش، شەھەرلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇلازىمەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە بولىدۇ.

**摘要：**服务行业是国民经济的重要组成部分，其发展状况是衡量一个国家或地区经济发展水平的重要标准之一。服务行业的发展对其他行业的发展具有重要的意义。由于经济发展速度缓慢、管理水平和人员素质低下、行业内部结构不合理等原因，我区服务行业发展速度缓慢。今后采取提高认识、调整行业结构、不断创新、加快进入市场、加快城市化步伐等措施，可以加快我区服务行业的发展。

**Abstract:** The service trades are an important component part of the people's economy, and one of the important measures of a country or region's level of economic development. The development of the service trades is of relatively great importance in comparison to that of other trades. Because of the slow pace of economic development, the low level of management and of people's training, the inappropriateness of trades' internal structure, and other factors, the service trades are currently developing slowly in our autonomous region. From now on, it should be possible to speed up the development of the service trades in our autonomous region by employing a number of measures, including increasing awareness, improving the inner structure of trades, increasing the speed of innovation and entrance into the market, making urbanization more rapid, and others.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: F124 ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇلازىمەت كەسپىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ مۇلازىمەت كەسپى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. مۇلازىمەت كەسپىنىڭ ئاشقان قىممىتىنىڭ GDPدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 2007-يىلى 1978-

* بۇ ماقالە 2008-يىلى 7-ماي تاپشۇرۇپ ئېلىندى.

**ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى:** ئېلياس جالالىدىن(1968-يىلى 7-ئايدا تۇغۇلغان)، لېكتور، رايونلار ئىقتىسادى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
ئابلىمىت كېرەم (1965-يىلى9-ئايدا تۇغۇلغان)، دوكتور، لېكتور، رايونلار ئىقتىسادى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



يىلىدىكى 23%دىن 1%. 40گە يەتتى. لېكىن ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مۇلازىمەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا ئاستا بولماقتا. ئېلىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى دۇنيادىكى مۇتلەق كۆپ دۆلەتلەردىن يۇقىرى بولسىمۇ، لېكىن مۇلازىمەت كەسپىنىڭ GDPدا ئىگىلىگەن نىسبىتى دۇنيانىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى بولغان 64%دىن تۆۋەن بولۇپلا قالماستىن، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ 45%لىك سەۋىيىسىدىنمۇ تۆۋەن.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادى تېز راۋاجلىنىپ، خەلقنىڭ كىرىمى ئۆزلۈكسىز ئاشتى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىمۇ ئۆستى، تۇرمۇش رىتىمى تېزلەشتى. ئاھالىلەرنىڭ ئاممىۋى مۇلازىمەت، ئائىلە مۇلازىمىتى، رېمونت مۇلازىمىتى، يەسلى مۇلازىمىتى، ياشانغاندا كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى، ساغلاملىق مۇلازىمىتى، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش مۇلازىمىتى قاتارلىقلارغا بولغان ئېھتىياجى ئۆزلۈكسىز ئاشتى. كىشىلەرنىڭ پۇل خەجلەپ مۇلازىمەت سېتىۋېلىش ئېڭى ئۆزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئىجتىمائىي ئىشلار مۇلازىمىتىمۇ بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلدى. بالا باققۇچىلىق، سائەتلىك ئىشلەمچىلىك، ئۆي كۆچۈرۈش قاتارلىق مۇلازىمەت بازارلىرى بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تېخنىكا سىجىللىقىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلىشىگە ئەگىشىپ، پۇل مۇئامىلىنىڭ ئېلېكترونلىشىشى، ئۇچۇر مۇلازىمەت كەسپى، ھەرخىل تېخنىكا تەرەققىياتىنى سۈرۈشتۈرۈش، كارخانا باشقۇرۇشنى سۈرۈشتۈرۈش قاتارلىق مۇلازىمەت كەسپلىرى راۋاجلاندى. شىنجاڭ ستاتىستىكا يىلنامىسىغا ئاساسلانغاندا، 2007 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 352 مىليارت 316 مىليون يۈەن، 3 ـ كەسىپنىڭ ئاشقان قىممىتى 105 مىليارت 816 مىليون يۈەن بولۇپ، ئۇنىڭ رايون ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 35.4%گە يەتكەن. 1 ـ جەدۋەلدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 3 ـ كەسىپنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى، مەملىكىتىمىزنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى بىلەن ماس قەدەمدە ئۆسكەن.

**2. مۇلازىمەت كەسپىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى رولى**

مۇلازىمەت كەسپى كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ

**1 ـ جەدۋەل: شىنجاڭنىڭ مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى بىلەن سېلىشتۇرۇلغان كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى (بىرلىكى:%)**

| يىللار | 1 ـ كەسىپ | | 2 ـ كەسىپ | | 3 ـ كەسىپ | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | پۈتۈن مەملىكەت | شىنجاڭ | پۈتۈن مەملىكەت | شىنجاڭ | پۈتۈن مەملىكەت | شىنجاڭ |
| 1978 | 28.1 | 35.8 | 48.2 | 46.7 | 24.7 | 17.3 |
| 1980 | 300 | 40.4 | 48.5 | 40.3 | 21.5 | 19.3 |
| 1985 | 28.3 | 38.2 | 43.1 | 36.1 | 28.6 | 25.7 |
| 1990 | 270 | 34.5 | 41.6 | 30.5 | 31.4 | 350 |
| 1995 | 20.5 | 29.2 | 48.8 | 36.7 | 31.1 | 34.1 |
| 2000 | 15.9 | 21.1 | 50.9 | 43 | 33.2 | 35.9 |
| 2007 | 11.3 | 17.8 | 48.6 | 46.8 | 40.1 | 35.4 |

ئۇنۇملۇك چارىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بېسىمىنى يېنىكلىتىش، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭمۇ مۇھىم تەلىپى. شۇڭا مۇلازىمەت كەسپىنى كۈچەيتىشنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم رولى بار.

1) ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدىكى رولى

مۇلازىمەت كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش خەلق ئىگىلىكىنى سىجىل، ساغلام راۋاجلاندۇرۇشتىكى مۇھىم ئۆتكەل. ئۇ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش دەرىجىسى ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەملەرنىڭ بىرى. 3-كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇش بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىجتىمائىي بايلىقلارنىڭ تەقسىملىنىشىنى ئەلالاشتۇرۇپ، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم ئۆتكەل. كۆپلىگەن تەرەققىي تاپقان دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىقتىساد راۋاجلىنىپ مەلۇم سەۋىيىگە يەتكەندە 3-كەسىپنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ئادەتتە 1- ۋە 2-كەسىپنىڭ تەرەققىياتىدىن يۇقىرى بولىدۇ، مىللىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىدا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

2) ئىشقا ئورۇنلىشىشتىكى رولى

مۇلازىمەت كەسپى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان تۈرلەر بىر قەدەر كۆپ ، ئۇ ھەرقايسى قاتلامدىكى ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرالايدۇ. شۇڭا مۇلازىمەت كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بېسىمىنى يېنىكلىتىشتىكى مۇھىم يول. 1998-يىلىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز سانائەت قۇرۇلمىسىنى ئۈزلۈكسىز تەڭشەپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى قىسقارتىپ، ئۈنۈمنى ئۆستۈرگەچكە، ئىش ئورنىدىن قالغانلار كۆپەيدى. مۇلازىمەت كەسپى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم يولى بولۇپ قالدى. 2007-يىلىدىكى 3-كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىنىڭ سانى 1978-يىلدىكىدىن 2 مىليون

2-جەدۋەل:شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئۈچ خىل كەسىپ خادىملىرى ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى

| | كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىم(10مىڭ ئادەم) | | | قۇرۇلمىسى(ئومۇمىي=100) | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1-كەسىپ | 2-كەسىپ | 3-كەسىپ | 1-كەسىپ | 2-كەسىپ | 3-كەسىپ |
| 1978 | 353.99 | 70.42 | 66.84 | 72.06 | 14.33 | 13.61 |
| 1980 | 354.49 | 75.12 | 76.74 | 70.01 | 14.84 | 15.15 |
| 1985 | 363.24 | 89.64 | 112.93 | 64.2 | 15.84 | 19.96 |
| 1990 | 378.47 | 107.42 | 131.81 | 61.27 | 17.39 | 21.34 |
| 1995 | 388.16 | 124.21 | 163.63 | 57.42 | 18.37 | 24.21 |
| 2000 | 388.11 | 97.63 | 208.11 | 55.94 | 14.07 | 29.99 |
| 2001 | 388.19 | 92.19 | 205.56 | 64 | 13.45 | 29.91 |
| 2002 | 391.84 | 95.82 | 213.83 | 55.86 | 13.66 | 30.48 |
| 2003 | 379.2 | 95.69 | 228.38 | 55.07 | 13.27 | 31.66 |
| 2004 | 403.31 | 98.49 | 242.69 | 54.17 | 13.23 | 32.6 |
| 2005 | 408 | 122.81 | 260.81 | 51.54 | 15.51 | 32.95 |
| 2006 | 414.45 | 111.28 | 286.02 | 51.06 | 13.71 | 35.23 |

81 مىڭ 160 ئادەم كۆپەيدى (2 ـ جەدۋەلگە قاراڭ).

3) كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتىكى رولى

ئۈچ خىل كەسىپ ئىچىدە، 3 ـ كەسىپنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۇنىڭ سالمىقىنىڭ ئېشىشى، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش، ئىقتىسادنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم بەلگىسى. مۇلازىمەت كەسىپىنى راۋاجلاندۇرۇش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەشكە پايدىلىق. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەش، ئەمەلىيەتتە 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپلەرنى ماس قەدەمدە راۋاجلاندۇرۇش، كەسىپنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئەۋزەللىكلىرىدىن پايدىلىنىپ، بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ، ھەرقايسى كەسىپلەرنى ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. چەت ئەللەرنىڭ نۇرغۇن تەجرىبىلىرى ئىسپاتلىدىكى، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى، كەسىپلەر ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىشىشچانلىقتىن ئىبارەت.

**3. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇلازىمەت كەسىپىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر**

مۇلازىمەت كەسىپىنىڭ پۈتكۈل ئىگىلىكتىكى ئورنى بىر دۆلەت ياكى رايوننىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنىڭ مۇۋاپىق بولۇش دەرىجىسى، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى رىقابەت كۈچىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولۇشى، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ماسلىشىشچانلىق سەۋىيىسى قاتارلىقلارغا ھۆكۈم قىلىدىغان مۇھىم كۆرسەتكۈچلەرنىڭ بىرى. دۆلىتىمىزنىڭ شەرقىي ۋە ئوتتۇرا قىسىم رايونلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇلازىمەت كەسىپىنىڭ بىرقەدەر ئارقىدا قېلىش ھادىسىسى كۈنسېرى گەۋدىلىك بولماقتا. بۇ ئاساسىنىڭ ئاجىز بولۇشى، مۇلازىمەت سۈپىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، مۇلازىمەت ئىستېمال ئېھتىياجىنىڭ ئاجىز بولۇشى ۋە ئىستېمال سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى بىلەن باغلىنىشلىق. تېخىمۇ مۇھىمى، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىلىك تەپەككۇرنىڭ يېتەرسىزلىكى ۋە تاكتىكىلىق تەڭشەش ماھارىتىنىڭ يېتەرسىزلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇلازىمەت كەسىپىدە ساقلىنىۋاتقان ئاساسلىق مەسىلىلەرنى تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتىن تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ:

1) ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى تۆۋەن

ئىقتىسادنىڭ ئومۇمىي مىقدارىدىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 2007 ـ يىللىق GDP سىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 352 مىليارت 316 مىليون يۈەن بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 25 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. گەرچە GDP نىڭ ئومۇمىي قىممىتى يۇقىرى بولسىمۇ، لېكىن ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىغا تەۋە بولمىغان نۇرغۇن مەھسۇلاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. گۇاڭدۇڭ، شاڭخەي قاتارلىق تەرەققىي تاپقان رايونلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي پەرقى بارغانسېرى چوڭىيىپ، رىقابەت كۈچى تۆۋەنلىمەكتە. بۇ خىل پەرقنىڭ داۋاملىق چوڭىيىشىنى تېزگىنلەپ ئۇلارغا يېتىشىۋېلىش قەدىمىنى تېزلىتىشتە، مۇلازىمەت كەسىپىنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئۆستۈرۈش جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە (3 ـ جەدۋەلگە قاراڭ).

3 ـ جەدۋەلدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭكىنى ئېلىمىزنىڭ شەرقىي قىسىم ۋە ئوتتۇرا قىسىم رايونلىرىنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئىقتىسادىي ئومۇمىي كۈچى تۆۋەن بولۇپلا قالماستىن، مۇلازىمەت كەسىپىنىڭ تەرەققىياتىمۇ ئارقىدا، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسىمۇ شەرقىي ۋە ئوتتۇرا قىسىم رايونلارغا يەتمەيدۇ.

2) ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇلازىمەت كەسىپىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق ئەمەس

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئۈزلۈكسىز تەڭشىگەچكە، ئومۇمىي جەھەتتىن ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى. لېكىن

**3ـ جەدۋەل: شىنجاڭ بىلەن بىر قىسىم شەرقىي ۋە ئوتتۇرا قىسىم رايونلىرىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى، مۇلازىمەت كەسپىنىڭ ئاشقان قىممىتىنىڭ سېلىشتۇرمىسى**

| رايونلار | مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى (يۈزمىليون) | | مۇلازىمەت كەسپىنىڭ ئاشقان قىممىتى (يۈزمىليون) | |
|---|---|---|---|---|
| | 2000 | 2007 | 2000 | 2007 |
| بېيجىڭ | 2478.76 | 9353.32 | 1445.28 | 6742.66 |
| شاڭخەي | 4551.15 | 12188.85 | 2304.27 | 6408.5 |
| جېجياڭ | 6036.34 | 18780.44 | 2188.71 | 7645.96 |
| جياڭسۇ | 8582.73 | 25741.15 | 3115.67 | 9618.52 |
| لياۋنىڭ | 4669.06 | 11023.49 | 1821.22 | 4036.99 |
| جىلىن | 1821.19 | 5284.69 | 622.18 | 2025.44 |
| سىچۇەن | 4010.25 | 10505.3 | 1364.18 | 3832 |
| شىنجاڭ | 1364.36 | 3523.16 | 489.34 | 1246.89 |

بەزى مۇۋاپىق بولمىغان ئامىللارمۇ مەۋجۇت. مۇلازىمەت كەسپىنى ئەنئەنىۋى مۇلازىمەت كەسپى ۋە زامانىۋى مۇلازىمەت كەسپى دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇلازىمەت كەسپىنىڭ كۆپىنچىسى يېمەك ـ ئىچمەك، ئۆي ـ مۈلۈك، قاتناش ـ ترانسپورت، تۈپ ۋە پارچە سېتىش قاتارلىق ئەنئەنىۋى مۇلازىمەتنى ئاساس قىلغان، پۇل مۇئامىلە، سۇغۇرتا، ئۇچۇر، لاھىيىلەش قاتارلىق زامانىۋى مۇلازىمەت تۈرلىرى تەرەققىي قىلمىغان. بۇلارنىڭ سانى ئاز، كۆلىمى كىچىك بولۇپ، تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرماقتا. بۇ كەسىپلەرنىڭ ئارقىدا قېلىشى بايلىقلارنى تەقسىملەشنى ئەلالاشتۇرۇش، كىشىلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىقلارغا توسالغۇ بولۇۋاتىدۇ، كەسىپلەرنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش زۆرۈر بولماقتا.

3) ئىدىيە ۋە ئاڭدىكى توسالغۇلار بىر قەدەر كۆپ

ئۇزۇندىن بۇيان، بىز ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا مۇلازىمەت كەسپىنى يېڭى قىممەت يارىتالمايدىغان، غەيرىي ماددى ئىشلەپچىقىرىش تارمىقى دەپ قاراپ، مۇلازىمەت كەسپىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا قارىتا ئاكتىپ تۈرتكىلىك رولىغا سەل قارىدۇق.

مۇلازىمەت كەسپىنىڭ غەيرىي ئىقتىسادىي فۇنكسىيىسىنى تەكىتلەپ، ئۇنىڭ كەسپىي ئىقتىدارىغا سەل قارىدۇق. ھەتتا مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا، تەنتەربىيە، سەھىيە قاتارلىق بىر قاتار مۇلازىمەت تارماقلىرىنىڭ ئاممىۋى مۇلازىمىتىنى فۇنكسىيىلەشتۇرۇپ ھەممىسنى ھۆكۈمەت ئۆز ئۈستىگە ئالدى. پۇل مۇئامىلە، ئۇچۇر، ئالاقە قاتارلىقلارنىڭ بىخەتەرلىك رولىنى كۆچەپ تەكىتلەپ، ئۇنى سىرلىقلاشتۇرىۋەتتۇق. نەشرىيات، ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرىنىڭ ئىدېئولوگىيىلىك رولىنى نوقۇل گەۋدىلەندۈرىۋەتتۇق. شەخسىيلەرنىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ھەددىدىن زىيادە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدۇق. كۆپ يىللاردىن بۇيان، سانائەتنى ئالدىن راۋاجلاندۇرۇشنى نوقۇل ھالدا تەكىتلەپ، مۇلازىمەت ئۇل ئەسلىھەلىرىگە بولغان سېلىنمىغا سەل قارىدۇق. نورغۇنلىغان مۇلازىمەت كەسىپلىرىنى دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار مونوپول قىلىپ كەلدى. بازار ئارقىلىق بايلىق تەقسىم قىلىدىغان نورغۇنلىغان مۇلازىمەت تارماقلىرىنى دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار ئىگىلەپ، ئىشتىن ئادەم كۆپ، ئۈنۈم تۆۋەن بولۇپ كەلدى. بايلىقلار زور دەرىجىدە ئىسراپ بولۇپ، جەمئىيەتتىكى

www.uyghurkitap.com



تەڭپۇڭسىزلىقنى ئېغىرلاشتۇرىۋەتتى.

ھۆكۈمەت تارماقلىرى مۇلازىمەت كەسپىدىكى باھانى بىر قەدەر ئېغىر ھالدا كونترول قىلىۋېلىپ، ئەركىن رىقابەتنى چەكلەپ قويىدى. مۇلازىمەت تۈرلىرى ئاز، باھاسى يۇقىرى، سۈپىتى ناچار بولۇش ئەھۋالى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىگۈچى تەرەپنىڭ مۇلازىمەت ئاكتىپلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى چەكلەپلا قالماستىن، يەنە مۇلازىمەتنىڭ ئۈنۈملۈك ئىستېمال ئېھتىياجىنىمۇ چەكلەپ قويىدى. مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مونوپول قىلىنىشى دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان كارخانىلارنىڭ مۇلازىمەت كەسپىگە مەبلەغ سېلىشىنى چەكلەپ قويىدى. مەسىلەن: مەدەنىيەت ـ سەنئەت مۇلازىمىتى، مائارىپ قاتارلىقلارغا مەبلەغ سېلىش ئوبيېكتىنىڭ كۆپ خىل بولۇشىنى چەكلەپ قويۇپ، مۇلازىمەت كەسپىگە بولغان سېلىنمىنىڭ يېتىشمەسلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. نەتىجىدە، پۈتكۈل مۇلازىمەت كەسپىنىڭ گۈللىنىشىنى چەكلەپ قويىدى.

### 4. مۇلازىمەت كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تەدبىرلىرى

ئومۇمەن ئېيتقاندا، مۇلازىمەت كەسپى تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە كەسىپ. مۇلازىمەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئاستا بولۇشى باشقا كەسپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپلا قالماستىن، خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ قۇرۇلمىسى، ئۈنۈمى، سۈپىتى قاتارلىقلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇلازىمەت كەسپىنىڭ ئارقىدا قېلىشى، ئىجتىمائىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنى چەكلەپ تۇرماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۈنۈملۈك چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇلازىمەت كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش تولىمۇ زۆرۈر.

1) مۇلازىمەت كەسپىگە بولغان تونۇشنى ئۆستۈرۈش لازىم

21 ـ ئەسىردە، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىي رىقابىتى مۇلازىمەتنى ئاساس قىلغان رىقابەتكە يۈزلەنمەكتە. ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىي ئېشىشىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى، مۇلازىمەت كەسپلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە ئىپادىلەنمەكتە. دۇنيا بانكىسىنىڭ مۆلچەرىگە ئاساسلانغاندا، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئون خىل يېڭى ئىقتىسادىي ئېشىش نۇقتىسىنىڭ ھەممىسى مۇلازىمەت كەسپىگە تەۋە ئىكەن، يەنى ساياھەتچىلىك، ئۆي ـ مۈلۈك كەسپى، ئوبيورۇت كەسپى، ئۇچۇر مۇلازىمىتى، ئېلان، مەدەنىيەت ـ مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا مۇلازىمىتى، پۇل مۇئامىلە، سۇغۇرتا كەسپى قاتارلىق ساھەلەر. بۇ ساھەلەردە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنىلا كۆرۈپ قالماستىن، يەنە بازار مېخانىزمىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش تەكىتلەنمەكتە. پۇل مۇئامىلە، سۇغۇرتا كەسپىدە ئۇنىڭ ئىقتىسادنى تەڭشەش رولىنىلا تەكىتلەپ قالماستىن، بەلكى ئىقتىسادىي ئوبيېكتىنىڭ كەسپىي فۇنكسىيىسىنىمۇ جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

2) مۇلازىمەت قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش لازىم

مۇلازىمەت كەسپىگە دائىر ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەشنى تېزلىتىپ، مۇلازىمەت كەسپىنى ھەقىقىي بازار سوبيېكتىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. رىقابەت كۈچى بار كارخانىلار رايون چەكلىمىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، دۆلەت ھالقىغان، رايون ھالقىغان مۇلازىمەت كەسپىي گورۇھلىرىنى قۇرۇپ، ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات باسقۇچلىرىدا 3 ـ كەسپنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش لازىم. بۇنىڭدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئويلىشىپ، ئىككى تەرەپكە دىققەت قىلىش كېرەك. بىرى، ئەنئەنىۋى مۇلازىمەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى مۇۋاپىق رىغبەتلەندۈرۈپ، ئەمگەك كۈچىنى قوبۇل قىلىش فۇنكسىيىسىنى ساقلاش لازىم؛ يەنە بىرى، ھۆكۈمەت يېتەكلەش خاراكتېرلىك سىياسەتلەر ئارقىلىق يۇقىرى قاتلاملىق ۋە يېڭى مۇلازىمەت كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. مەسىلەن، پۇل مۇئامىلە، سۇغۇرتا كەسپى، ئۆي ـ مۈلۈك كەسپى ۋە ئۇچۇر مۇلازىمەت كەسپى قاتارلىقلار. لېكىن بەزى جايلارنى ئىقتىساد كۆلىمى بەك كىچىك بولۇش، يۇقىرى ساپالىق ئەمگەك كۈچلىرى ۋە تېخنىكىلىق

خادىملىرى يېتەرسىز بولۇش قاتارلىق شارائىتلار چەكلەپ تۇرىۋاتقاچقا، نۆۋەتتە بۇ تارماقلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش قىيىن بولۇۋاتىدۇ. ۋىلايەت، شەھەرلەرنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكلىرىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادىي كۆلەم شەكىللەندۈرۈش زۆرۈر، ئىقتىسادىي كۆلەم شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى كەسپىي ئىش تەقسىماتى ۋە ئومۇميۈزلۈك ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

3) كەسپىي مۇلازىمەت كارخانىلىرىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش روھىنى يېتىلدۈرۈش لازىم

چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى مۇلازىمەت كارخانىلىرىدا زامانىۋى كارخانا باشقۇرۇش تۈزۈمى ئورنىتىش، كىچىك تىپتىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مۇلازىمەت كارخانىلىرىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، يەككە ۋە خۇسۇسىي ئىگىدارلىقتىكى مۇلازىمەت كارخانىلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، كەسىپلەر مونوپولىيىسىنى بۇزۇپ تاشلاش، يەككە ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كارخانىلارغا دۆلەت مونوپول قىلىۋالغان مۇلازىمەت بازىرىنى ئېچىۋېتىش زۆرۈر.

رىقابەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ياخشىلاپ، كارخانىلارنى يېڭىلىق يارىتىشقا يېتەكلەش ئارقىلىق ئەلالىرىنى تاللاپ، ناچارلىرىنى شاللاش كېرەك. باشقۇرغۇچىلار يۇقىرىغىمۇ چىقالايدىغان، تۆۋەنگىمۇ چۈشەلەيدىغان بولۇشى، كارخانا خىزمەتچىلىرى ھەم كىرەلەيدىغان ھەم چىقالايدىغان بولۇشى، تېخنىكىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىشى زۆرۈر. مۇلازىمەت كارخانىلىرى ئادەم ئىشلىتىش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، يۇقىرى سەۋىيىلىك كىشىلەرنى باھالاش سىستېمىسى ئورنىتىپ، ياخشىلارنى رەھبەرلىك قاتلىمىغا ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، مۇكەممەل باشقۇرۇش سىستېمىسى بەرپا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. كارخانىلاردىكى مەمۇرىي دەرىجە ۋە كارخانا باشقۇرغۇچى خادىملىرىنىڭ كادىرلىق سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلاپ، مۇلازىمەت كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت تاكتىكىسىنى يېڭىلاپ، "خېرىدارلار ھەممىدىن ئەلا" دەيدىغان كارخانا مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىش زۆرۈر.

4) مۇلازىمەت كەسپىي بازىرىغا كىرىشنى قويىۋېتىش لازىم

كەسىپلەرنى مونوپول قىلىش ۋە ئىگىدارلىق قىلىشنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئادىل بازارغا كىرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇش كېرەك. جەمئىيەت مەبلەغ سېلىش ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا ئىلھام بېرىش، ھەرقانداق مەبلەغ سالغۇچىنىڭ مۇستەقىل مەبلەغ سېلىش، ھەمكارلىشىپ مەبلەغ سېلىش، شېرىكلىشىش، پاي قوشۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق بازارغا كىرىشىگە يول قويۇش كېرەك. جەمئىيەتنىڭ 3-كەسىپكە مەبلەغ سېلىشىنى قوللاشنى كۈچەيتىپ، دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ 3-كەسىپكە كىرىشىگە ئىلھام بېرىش كېرەك. بازارغا كىرىش، سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرىغا تىزىملىتىش، يەر ئىشلىتىش، ئامانەت-قەرز ئىشلىرى قاتارلىقلاردا ئاسانلىق يارىتىپ بېرىپ، ئۇلارغا دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىك بىلەن ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش كېرەك. ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ باشقۇرۇشىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، باشقۇرۇش شەكلى ۋە مەزمۇنىنى ئۆزگەرتىپ، مەمۇرىي جەھەتتىكى تەستىقلاشنى ئازايتىپ، رەسمىيەتلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇش كېرەك.

5) شەھەرلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىش لازىم

يېزا ئاھالىلىرىنىڭ شەھەر-بازارلارغا يۆتكىلىشىگە، بازارغا كىرىشىگە ئىلھام بېرىش — يېزا-بازار كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، خەلق ئىگىلىكىنى نورمال، ماس راۋاجلاندۇرۇشتىكى مۇھىم تەدبىرلەرنىڭ بىرى. مۇلازىمەت كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن شەھەرلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىش بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شەھەرلىشىش قەدىمىنىڭ ئاستا بولۇشى 3-كەسىپنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، شەھەرلىشىش تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان سىياسەتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، نوپۇس تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك. يېڭى نوپۇس

سىياسىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، رايونلارنىڭ ئۆز رايونىنىڭ نوپۇس ۋە ئولتۇراقلىشىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ كىچىك شەھەر ـ بازار قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش كېرەك.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، مۇلازىمەت كەسپى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ساھە ئىنتايىن كۆپ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇلازىمەت كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش بىر مۇرەككەپ سىستېما قۇرۇلۇشى. مۇلازىمەت كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش قەدىمىنى ھەقىقىي تېزلىتىش ئۈچۈن، جەزمەن تارماقلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بوشلۇق ئېغىزىنى تېپىپ چىقىش ئارقىلىق، مۇلازىمەت كەسپىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى تۈۋرۈك كەسىپكە ئايلاندۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئومۇمىي ئىقتىسادىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

## پايدىلانمىلار


[1] ليۇ ياۋىن، سۇڭ لىيىڭ: «جىلىن ئۆلكىسىنىڭ مۇلازىمەت كەسپىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە تەدبىرلەر»[J]، «سانائەت ـ تېخنىكا ئىقتىسادى»، 2005 ـ يىللىق 5 ـ سان.

[2] شيۇڭ شاڭپىڭ: «ھازىرقى زامان مۇلازىمەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەۋاتقان ئامىللار ۋە تەدبىرلەر» [J]، «ئەنخۇي دېھقانچىلىق ئىلمى»، 2007 ـ يىللىق 3 ـ سان.

[3] شىنجاڭ ستاتىستىكا ئىدارىسى: «شىنجاڭنىڭ پارلاق 50 يىلى» [M]، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى.

[4] دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسى: «2007 جۇڭگو ستاتىستىكا يىلنامىسى» [M]، بېيجىڭ: جۇڭگو ستاتىستىكا نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى نەشرى.


جاۋابكار مۇھەررىرى: مۇسا روزى

30-يىللىق 3-سان　　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　　第 30 卷第 3 期
2009-يىلى سېنتەبىر　　新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)　　2009 年 9 月

ماقالە نومۇرى:05-041-03 (2009) 5878-1005

# نۆۋەتتە ئالىي مەكتەپلەردىكى ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر ۋە ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ تەدبىرلىرى توغرىسىدا*

زۇلھايات ئىسمائىل

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي ۋە ئاممىۋى باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى، 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، نۆۋەتتە ئالىي مەكتەپلەردىكى ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر بىر قەدەر ئەتراپلىق تەھلىل قىلىنىپ، بۇنى ھەل قىلىشنىڭ تەدبىرلىرى قىسقىچە مۇھاكىمە قىلىنغان.

**摘要：** 本文比较全面地分析了当前高校青年教师教学工作中存在的一些问题，简要地阐述了解决这些问题的措施。

**Abstract:** In this article, some problems which have been preserved in the instructional work of young teachers at universities will be relatively thoroughly analyzed, and measures for resolving them will be briefly discussed and elaborated on.

**كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G40**　　**ماتېرىيال بەلگىسى: A**

مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئۈمىد ئوقۇتقۇچىلاردا. باش شۇجى خۇ جىنتاۋ 2007-يىلى چاقىرىلغان مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىدە ئالاھىدە تەكىتلەپ مۇنداق كۆرسەتتى: « ئوقۇتقۇچى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى. مائارىپنىڭ ھەم ياخشى، ھەم تېز راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، يۇقىرى ساپالىق ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى ئوقۇتقۇچىلاردا. يۇقىرى سەۋىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بولمىسا، يۇقىرى سەۋىيىلىك مائارىپنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس». بۇ كۆرسەتمە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى، بولۇپمۇ ياش ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئالىي مەكتەپلەر كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشى ۋە ئوقۇغۇچىلار سانىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ياشلارنى ئاساس قىلغان يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلار ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش - تەتقىقات ساھەلىرىگە تولۇقلىنىپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى كۈچىيىپ ۋە زورىيىپ، ئوقۇ-ئوقۇتۇشنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بەزى ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇش خىزمىتىدە بىر قىسىم مەسىلىلەرمۇ ساقلاندى.

## 1. ئالىي مەكتەپلەردىكى ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇش خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر

(1) ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىمىنى

---

* بۇ ماقالە 2009-يىلى 23-ئىيۇن تاپشۇرۇپ ئېلىندى.

ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى: زۇلھايات ئىسمايىل (1977-يىلى 9-ئايدا تۇغۇلغان)، دوكتور، لېكتور. جەمئىيەتشۇناسلىققا دائىر ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئاشۇرۇش، ئىدىيىۋى ـ سىياسىي جەھەتتە ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەكچىلىك قىلىش، ئوقۇتۇپ ئادەم تەربىيىلەشتىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارغا پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئوقۇغۇچىلارنى قانداق ئادەم بولۇش، قانداق ئىش قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش، توغرا دۇنيا قاراش، توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش قاتارلىق جەھەتلەردىن تەربىيىلەيدۇ ۋە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئەمما نۆۋەتتە بەزى ياش ئوقۇتقۇچىلار ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپلا ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش خىزمەت ئورنىغا قەدەم قويغان بولۇپ، ئىدىيىۋى ـ سىياسىي ساپا ۋە ئىش ئورنىنى سۆيۈش، كەسىپكە بېرىلىش روھى جەھەتلەردە چوڭقۇر تەربىيىلەنمىگەن بولغاچقا، غايە ـ ئېتىقاد تەربىيىسى، ئىلمىي دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشى تەربىيىسى، ئەخلاق تەربىيىسى قاتارلىقلارنى ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش جەريانىدا ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ كېتەلمەيدىغان، يەنە بەزى ياش ئوقۇتقۇچىلاردا خىزمەت مۇھىتى ۋە خىزمەت تەمىناتىغا ھەددىدىن ئارتۇق كۆڭۈل بۆلۈپ يۇقىرى تەلەپ قويىدىغان، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكىلا بېرىلىدىغان، مەسئۇلىيەتچانلىق ئېڭى ۋە ئىش ئورنىنى سۆيۈش، كەسىپكە بېرىلىش روھى كەمچىل بولىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت.

(2) كەسىپ ئەخلاقى ۋە كەسپىي ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ياش ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنىڭ جېنى. بىر لاياقەتلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى، ئالدى بىلەن، ئىدىيە ۋە ھەرىكەت جەھەتلەردە ئوقۇغۇچىلارغا ئۈلگە بولۇشى ۋە نەمۇنىلىك رول ئوينىشى كېرەك. كونكرېت ئېيتقاندا: بىرىنچىدىن، پارتىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى قىزغىن سۆيۈشى ۋە ئۇنىڭغا سادىق بولۇشى، ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشى كېرەك. بۇ ئوقۇتقۇچى بولۇشنىڭ بىردىنبىر ئاساسى؛ ئىككىنچىدىن، ئوقۇغۇچىلارنى قىزغىن سۆيۈشى ۋە ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك. بۇ ئېلىمىزدىكى مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن شەرەپلىك ئەنئەنە؛ ئۈچىنچىدىن، ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارغا ئۈلگە بولۇشى كېرەك. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە ئالغا ئىلگىرىلەشنى قوزغاشتىكى چەكسىز كۈچ؛ تۆتىنچىدىن، ئىلمىي دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگىيىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئوقۇتۇش جەريانىدا سەرپ قىلغان ئەمگىكى ئارقىلىق ئەڭ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. لېكىن نۆۋەتتە، كۆپلىگەن ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بۇ جەھەتلەردە ئوخشىمىغان دەرىجىدە يېتەرسىزلىكلىرى مەۋجۇت.

(3) ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۆستۈرۈش كېرەك. 21 ـ ئەسىر يەنىلا پەن ـ تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىدىغان دەۋر بولىدۇ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشتا كۈنسايىن يېڭى ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلمەكتە. ھەر قايسى پەنلەر يەنىمۇ يۇغۇرۇلماقتا. دۇنياۋى پەن ـ تېخنىكا رىقابىتى ۋە ھەمكارلىقى كېڭەيمەكتە ۋە چوڭقۇرلاشماقتا. بىلىم تارقاتقۇچى ۋە ياراتقۇچى سۈپىتىدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئاساسى چوڭقۇر ۋە پۇختا بولمىسا، يېڭى دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماسلاشقىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەش، ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت تارىخىي ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇندىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا نۆۋەتتە ئالىي مەكتەپلەردىكى ياش ئوقۇتقۇچىلارنى ئومۇمەن بىلىمىنىڭ موللۇق دەرىجىسى، بىلىم قۇرۇلمىسى، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە مېتودى شۇنىڭدەك مۇناسىۋەتلىك ئىقتىدار قاتارلىق تەرەپلەردىن يەنىمۇ تولۇقلاشقا، ياخشىلاشقا ۋە ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭلاشقا ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ ئاساسى.

(4) ياش ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدىكى بەزى تايانچ ئوقۇتقۇچىلاردا تۇراقلىق بولماسلىق ئەھۋاللىرى مەۋجۇت. ئىجتىمائىي چوڭ مۇھىتنىڭ تەسىرى سەۋەبىدىن، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى قارىشى، قىممەت يۆنىلىشى قاتارلىقلاردا ئۆزگىرىش بولماقتا. ئالىي مەكتەپلەردىكى ياش تايانچ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ چەتئەلگە چىقىپ كېتىشى، بەزىلىرىنىڭ مۇھىتى ۋە تەمىناتى ياخشى بولغان كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارغا بېرىپ خىزمەت قىلىشى پۈتكۈل ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا تەسىر يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بەزى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىختىساسلىق خادىملارنى باشقۇرۇش مېخانىزمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن: بايلىقتىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش، ئەۋزەللىك بويىچە بىر- بىرىنى تولۇقلاشنىڭ ياخشى ئىشقا ئاشماسلىقى، ۋەزىپە ۋە تەمىناتتىكى باقىمەندىلىك تۈزۈمى، بەزى ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرىشى؛ ئىش ھەققى، مۇكاپات، پاراۋانلىق، تەمىنات قاتارلىقلارنىڭ نىسبەتەن تۆۋەن بولۇشى قاتارلىقلارنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ. يۇقىرىقىلار ياش ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا بەلگىلىك تەسىر قىلدى.

**2. ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ تەدبىرلىرى**

ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىياسىي ساپاسى ۋە ئوقۇ- ئوقۇتۇش ئىقتىدارىنىڭ قانداق بولۇشى ئالىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك، ئۇلار ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەشنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. باش شۇجى شى جىنپىڭ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى شەرھلەپ مۇنداق كۆرسەتتى: «ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش كېرەك». شۇڭا ئالىي مەكتەپلەردىكى ياش ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ ئۇلارنىڭ ئوقۇتۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىر قانچە خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش زۆرۈر.

بىرىنچى، كەسىپ ئەخلاقى تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئالىي مەكتەپلەردىكى ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇقىملىق ئېڭى، مەسئۇلىيەت ئېڭى ۋە تارىخىي بۇرچىنى تۇيغۇسىنى ئۆستۈرۈش لازىم. ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىياسىي ساپاسى ۋە ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىقتىدارىنىڭ قانداق بولۇشى ئالىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك تەرەپلەردە ئەتراپلىق يېتىشكەن سوتسىيالىزم قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش، مائارىپنى خەلق رازى بولغۇدەك دەرىجىدە ياخشىلاشقا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا ياش ئوقۇتقۇچىلارغا قارىتا كەسىپ ئەخلاقى توغرىسىدىكى تەربىيىنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىپ، كەسىپ ئەخلاقى قارىشىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ خوجايىنلىق ئېڭى ۋە ئىش ئورنىنى سۆيۈش، كەسىپكە بېرىلىش روھىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئۇلارغا ئوقۇتۇپ ئادەم تەربىيىلەشنىڭ شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي تونۇتۇپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ كەسىپ ئەخلاقى جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىنى ۋە كەسپىي سەۋىيىسىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ يۇقىرى ساپالىق ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىدىغان قىلىش كېرەك. ئوقۇتۇپ ئادەم تەربىيىلەش تولىمۇ شەرەپلىك ئىش بولغاچقا، ياش ئوقۇتقۇچىلار ئۆزىنى قەدىرلەپ، ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىپ، ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ ۋە ئىلھاملاندۇرۇپ، كەسپىنى شەرەپ دەپ تونۇش تۇيغۇسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلار يەنە قانۇن- تۈزۈملەرگە ئاڭلىق رىئايە قىلىپ، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشى، سۆز- ھەرىكىتىنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا ئېلىپ كېلىدىغان تەسىرىگە دىققەت قىلىپ، «سۆزلەپ ئۆگىتىپ»لا قالماستىن، يەنە «ئەمەلىي ھەرىكىتى» ئارقىلىق تەربىيىلەشنى ئىشقا

www.uyghurkitap.com



ئاشۇرۇپ، ئوقۇتۇش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارغا قانداق ئۆگىنىش، قانداق ئادەم بولۇش، قانداق تۇرمۇش كۆچۈرۈش، جەمئىيەت ۋە تەبىئەت بىلەن قانداق ئىناق ئۆتۈشنى بىلدۈرۈشى كېرەك.

ئىككىنچى، ئاساسنى كۈچەيتىش جەھەتتىكى تەربىيىلەشنى ياخشى يولغا قويۇپ، ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش لازىم: بىرىنچىدىن، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، شارائىت يارىتىپ، ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. ئوقۇش تارىخى بىر ئادەمنىڭ تەربىيە ئېلىپ لاياقەتلىك بولغان تارىخى ھېسابلىنىدۇ. ئوقۇش تارىخى بىر ئادەم ھازىرلىغان بىلىم سەۋىيىسىنى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ، مەلۇم پەن بىلىملىرىنى ئىگىلىگەن ئادەملا ئوقۇغۇچىلارغا شۇ پەندىكى بىلىملەرنى ئىشەنچلىك ھالدا يەتكۈزۈپ بېرەلەيدۇ. بۇ بىزدىن تەدبىرلەرنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ياش ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ ئوقۇش تارىخىنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىككىنچىدىن، ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىياسىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ئۇلارنىڭ ئوقۇتۇشتىكى ئەمەلىي ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش لازىم. ياش ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىدا ئوقۇ-ئوقۇتۇش ھالقىلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئوقۇتۇش ئەندىزىسىدە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇشتىن سىرت، ئەڭ مۇھىمى ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ زامانىۋى بىلىملىرىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ زامانىۋىلاشقان ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىنى ئىگىلىۋېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. ئۈچىنچىدىن، ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇپ ئادەم تەربىيىلەش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئالىي مەكتەپلەر ئوقۇتۇپ ئادەم تەربىيىلەشكە قېلىپلاشقان تەلەپ قويۇشى، ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سۆز-ھەرىكىتىگە يۇقىرى تەلەپ قويۇشى كېرەك. ھەر بىر ياش ئوقۇتقۇچى ئوقۇ-ئوقۇتۇش جەريانىدا، ئوقۇتۇش مېتودىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، يېڭىلىق يارىتىپ، ئوقۇتۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىنى تىرىشىپ ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم.

ئۈچىنچى، ئوقۇتۇش بىلەن تەتقىقاتنى بىرلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇپ، ئالىي مائارىپنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش لازىم. ئالىي مائارىپنىڭ سۈپىتىنى قانداق ئۆستۈرۈش كېرەك؟ بۇ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ شۇنداقلا ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان مۇھىم تېما. ئالىي مائارىپنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئوقۇتۇش بىلەن تەتقىقاتنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، تەتقىقات ئارقىلىق ئوقۇتۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش لازىم. مانا بۇ ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىكە پائال بېرىلىپ، ئىلمىي تەتقىقاتنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى ئارقىلىق ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىگە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. تېما تەتقىقاتى ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم، ئۇ ياش ئوقۇتقۇچىلارنى نەزەرىيىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىدىغان، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ تەتقىقات تىپىدىكى ئوقۇتقۇچى بولۇپ چىقىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

تۆتىنچى، ياش ئوقۇتقۇچىلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، بىر يۈرۈش مۇكەممەل باشقۇرۇش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش لازىم: بىرىنچىدىن، ئىش ئورنىغا تەكلىپ قىلىش تۈزۈمىنى ئەستايىدىل يولغا قويۇپ، ئىش ئورنىنىڭ ئېھتىياجى ۋە ياخشىلارنىلا تاللاش پرىنسىپىغا ئاساسەن ياش ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، يۇقىرى ياردەم بېرىش تۈزۈمىنى، يەنى مۇنەۋۋەر، تالانتلىق ياش ئوقۇتقۇچىلارغا يۇقىرى ياردەم بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كېرەك. بۇ ئوقۇتۇش ياردىمى بىلەن ئىلمىي تەتقىقات ياردىمىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى لازىم. ئۈچىنچىدىن، ئاشكارا، باراۋەر رىقابەتلىشىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىلىم-پەن سەۋىيىسى ۋە خىزمەت نەتىجىسىنى ئاساس قىلىپ، ئۇنۋان باھالاش تۈزۈمىگە دائىر تۈرلۈك پرىنسىپلارنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ،

ھەقىقىي قابىلىيەتلىك ۋە ئەمەلىي بىلىمگە ئىگە ياش ئوقۇتقۇچىلار ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدىغان ياخشى مۇھىت يارىتىش لازىم. تۆتىنچىدىن، ياش ئوقۇتقۇچىلارنى قەرەللىك تەربىيىلەش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. بۇ ياش ئوقۇتقۇچىلارنى يېڭى ئىش ئورنىغا قەدەم قويۇشتىن بۇرۇن تەربىيىلەش بىلەن ئىش ئورنىدا كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بەشىنچى، ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاپ، ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك: بىرىنچىدىن، بىر قەدەر ياخشى بولغان ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش مۇھىتى يارىتىپ بېرىش لازىم. بۇ ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىياسىي ساپاسى ۋە ئوقۇتۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم ۋاسىتە. ئىككىنچىدىن، ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەت ئورنىنى بېكىتكەندە، ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۆزىنىڭ خاراكتېرى، ئىپادىلەش ئىقتىدارى، بىلىم قۇرۇلمىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۈچىنچىدىن، مائارىپ ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ، مەزمۇنى مول ئوقۇتۇش، تەتقىقات پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش لازىم، مائارىپ ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر لېكسىيە سۆزلىگەندە، بىر تەرەپتىن، ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئالىي مائارىپقا بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، ئالىي مائارىپنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغا قويغان تەلىپىنى چوڭقۇر چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تايانچ ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سالغىلى بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تېزراق ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن «ئاسما كۆۋرۈك» بەرپا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشىنى كۈچەيتىپ، سىياسىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش ئاكتىپلىقىنى قوزغىغىلى بولىدۇ.

دېمەك، ئالىي مەكتەپلەردە ياش ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش، ئوقۇتۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش — بىر سىستېما قۇرۇلۇشى، ئۇ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ۋە لاياقەتلىك ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەش بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك زور ئىش. شۇڭا بىز ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئادەم تەربىيىلەشنى ئاساس قىلىش، ئەخلاق تەربىيىسىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ساپا مائارىپىنى ياخشى يولغا قويۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ياش ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى تىرىشىپ كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي ساپاسى ۋە ئوقۇتۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگەندىلا، ئالىي مائارىپنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ. ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك تەرەپلەردە ئەتراپلىق يېتىشكەن سوتسىيالىزم قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش، مائارىپنى خەلق رازى بولغۇدەك ياخشىلاش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشقىلى بولىدۇ.

**پايدىلانمىلار**

[1] خۇ جىنتاۋ: «مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنىدا قىلىنغان سۆز»[N]، «شىنجاڭ گېزىتى» (ئۇيغۇرچە)، 2007-يىلى 9-ئاينىڭ 8-كۈنىدىكى سانى.

[2] يۈ يۈجۈن قاتارلىقلار تۈزگەن: «17-قۇرۇلتاي دوكلاتىنى ئۆگىنىش ئوقۇشلۇقى» [M]، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007-يىلى نەشرى.

جاۋابكار مۇھەررىرى: مۇسا رۇزى

www.uyghurkitap.com

30 ـ يىللىق 3 ـ سان　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　第 30 卷第 3 期
2009 ـ يىلى سېنتەبىر　新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)　2009 年 9 月

ماقالە نومۇرى: 03 ـ 046 ـ 03 (2009) 5878 ـ 1005

# هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەكرارلانما سۆزلەر توغرىسىدا*

رەشىدە ھېمىت

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى، 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەكرارلانما سۆزلەرنىڭ تۈرلىرى، ياسىلىشى، ئىشلىتىلىشى ۋە جۈملىدىكى رولى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要：**本文论述现代维吾尔语的重叠词的种类、构成、使用及其句法功能。

**Abstract:** In this article, the types, construction, use, and role in the sentence of reduplicating words in Modern Uyghur is discussed.

**كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H03**　**ماتېرىيال بەلگىسى: A**

تەكرارلانما سۆزلەر — سۆزلەرنىڭ تەكرارلىنىشى بىلەن ياسالغان يەنى بىر سۆزنىڭ تۈپ سۆز ھالىتىدە يەنى تۈرلۈك گرامماتىكىلىق شەكلىدە تەكرارلىنىپ كېلىشىدىن ھاسىل بولغان لېكسىكىلىق بىرلىك بولۇپ، بىرىكمە ۋە ياسالما سۆز ياساش ئۇسۇللىرىغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇ بىر خىل قوشۇمچە سۆز ياساش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى تەكرارلانما سۆزلەرگە ئىنتايىن باي بولۇپ، ئېغىز تىلى ۋە ھەر خىل ئەدەبىي سۆزلەردە دائىم قوللىنىلىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى سۆزلەرنى تەكرارلاش ئارقىلىق سۆز ياساش ئۇسۇلى ناھايىتى جانلىق ھاياتىي كۈچكە ئىگە. جايىدا ئىشلىتىلگەن تەكرارلانما سۆزلەر مول ھېسسىي تۈسنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، بەلكى ئەسەرنىڭ ئوبرازلىقلىقىنى كۈچەيتىپ، تىلنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ، شۇڭا، بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەكرارلانما سۆزلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىشكە پايدىلىق بولۇپلا قالماي، يەنە تىل ئوقۇتۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم.

## 1. تەكرارلانما سۆزلەرنىڭ تۈرلىرى

ئۇيغۇر تىلىدىكى تەكرارلانما سۆزلەرنى گرامماتىكىلىق تۈرلىنىشىگە قاراپ تۈپ سۆزلۈك تەكرارلانما سۆزلەر، قوشۇمچىلىق تەكرارلانما سۆزلەر ۋە جۈپ سۆزلۈك تەكرارلانما سۆزلەر، ـ دەپ ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1) تۈپ سۆزلۈك تەكرارلانما سۆزلەر

ئوخشاش بىر سۆزنىڭ ئەينەن تەكرارلىنىشىدىن ياسالغان سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: پات ـ پات، يول ـ يول، سىم ـ سىم، يىغى ـ يىغى، ئىلدام ـ ئىلدام، ئىتتىك ـ ئىتتىك، ئۇر ـ ئۇر، قاچە ـ قاچە، مە ـ مە، دۈۋە ـ دۈۋە، ساندۇق ـ ساندۇق، مىليون ـ مىليون، تۈمەن ـ تۈمەن، ۋاي ـ ۋاي، تۇ ـ تۇ، ئىگە ـ ئىگە قاتارلىقلار.

2) قوشۇمچىلىق تەكرارلانما سۆزلەر

مۇنداق تەكرارلانما سۆزلەردە بىر سۆز بىر قېتىم ۋە ياكى ئىككىلا قېتىمدا ئۆزىگە مۇئەييەن بىر قوشۇمچىنى

---

* بۇ ماقالە 2008 ـ يىلى 7 ـ نويابىر تاپشۇرۇپ ئېلىندى.

ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى: رەشىدە ھېمىت (1963 ـ يىلى 2 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، لېكتور، ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

قوشۇش ئارقىلىق ياكى سۆزلەردىكى سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشنى تەكرارلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ئارقىمۇ-ئارقا، ئاي-ئايلاپ، يىل-يىللاپ، كالدۇر-كۇلدۇر، قاس-قۇس، نان-پان، گۆش-پۆش، ئۇستەل-پۇستەل.

3) جۈپ سۆزلۈك تەكرارلانما سۆزلەر

ئۆز-ئارا ئوخشاشمايدىغان ئىككى سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ خىل سۆزلەردە گاھىدا ئەسلى سۆزگە پەقەت تاۋۇشقا ۋەكىللىك قىلىدىغان، ئايرىم تۇرغاندا ھېچقانداق مەنا ئاڭلاتمايدىغان سۆزلەرنى قوشۇپ تەكرارلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بۇنداق تەكرارلانما سۆزلەر كۆپ ئەمەس. كىيىم-كېچەك، خېيىم-خەتەر، ئاھۇ-زار، گۇلدۇر-تاراق، جان-جەھلى، ئۆز-ئارا قاتارلىقلار.

## 2. تەكرارلانما سۆزلەرنىڭ ياسىلىشى

1) ئەسلى سۆزنى تەكرارلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: چوڭ-چوڭ، قىزىل-قىزىل، ھاۋ-ھاۋ، يول-يول، كۆن-كۆن، داراڭ-داراڭ، تۇر-تۇر، بىر-بىر.

2) تەكرارلانغان سۆزلەرنىڭ ئارىسىغا «مۇ» نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: شەھەرمۇ-شەھەر، دەلمۇ-دەل، قاتلاممۇ-قاتلام، قاتمۇ-قات، يۈزمۇ-يۈز، يىلمۇ-يىل، ئۆيمۇ-ئۆي.

3) تەكرارلانغان سۆزلەرنىڭ كەينىگە ياكى ئارىسىغا «-دىن/-تىن»نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ئاز-ئازدىن، تەرەپ-تەرەپتىن، ئىچ-ئىچىدىن، كەمدىن-كەم، كۆپتىن-كۆپ، بىكاردىن-بىكار، ئۇچۇقتىن-ئۇچۇق قاتارلىقلار.

4) تەكرارلانغان سۆزلەرنىڭ ئالدىنقى بۆلىكىگە «-دىن/-تىن»، كېيىنكى بۆلىكىگە «غا/قا/گە/كە»نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: كۈندىن-كۈنگە، يىلدىن-يىلغا، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا، تاغدىن-تاغقا، يۈرەكتىن-يۈرەككە، ئىشىكتىن-ئىشىككە، ئۆيدىن-ئۆيگە قاتارلىقلار.

5) تەكرارلانغان سۆزلەرنىڭ كەينىگە «-ئا/-ئە/-پ» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: يېرىپ-يېرىپ، ئاڭلاپ-ئاڭلاپ، بارا-بارا، كۈلە-كۈلە، ئويناپ-ئويناپ، كۈلۈپ-كۈلۈپ، تاما-تاما، كۆتە-كۆتە قاتارلىقلار...

6) تەكرارلانغان سۆزلەرنىڭ كەينىگە «-لاپ/-لەپ» نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: كېچە-كېچىلەپ، تۈننا-تۈننىلاپ، تەخسە-تەخسىلەپ، چېلەك-چېلەكلەپ، ساندۇق-ساندۇقلاپ، بىر-بىرلەپ قاتارلىقلار.

7) ئەسلى سۆزگە ئەگىشىپ تەكرارلانغان سۆزدىكى تاۋۇشلارنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

(1) ئەسلى سۆزنىڭ باش تاۋۇشىنى ئۆزگەرتىپ، ئاندىن ئۇنى ئەسلى سۆز بىلەن بىللە تەكرارلاش ئارقىلىق بىر قىسىم سۆزلەر ياسىلىدۇ. مەسىلەن: نان-پان، گۆش-پۆش، ساما-پاما، توك-پوك، ئاش-پاش، ئۇستەل-پۇستەل، ئالمان-تالمان......

(2) ئەسلى سۆز ئارىسىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنى ئۆزگەرتىپ، ئاندىن ئۇنى ئەسلى سۆز بىلەن بىللە تەكرارلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ۋار-ۋۇر، پار-پۇر، غار-غۇر، غاژ-غۇژ، جالاق-جۇلۇق، تاراڭ-تۇرۇڭ، ۋاراق-ۋۇرۇق...

(3) بەزى تەكرارلانما سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى ئۈزۈك تاۋۇشىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: جىم-جىت، تىپ-تىنچ.

8) ئەسلى سۆزلەرگە پەقەت تاۋۇشقىلا ۋەكىللىك قىلىدىغان سۆزلەرنى قوشۇپ تەكرارلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

كىيىم-كېچەك، جان-پان، ئۈزۈل-كېسىل، تەل-تۆكۈس، سۈپ-سۈزۈك، تاپ-تاقىر، ياپ-يېشىل، ۋاراڭ-چۇرۇڭ...

9) بەزىدە مەنىسىز ئىككى تاۋۇش گۇرۇپپىسىنىڭ تەكرارلىنىشىدىن ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ئوڭغۇل-دوڭغۇل، ئوڭتەي-توڭتەي، غالدۇر-غۇلدۇر، غاراس-غۇرۇس...

www.uyghurkitap.com



### 3. تەكرارلانما سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە جۈملىدىكى رولى

تەكرارلانما سۆزلەر جانلىق تىلدا ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردە كۆپ قوللىنىلىپ، نۇتۇقنى جانلىق، ئوبرازلىق ۋە تەسىرلىك قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ئورنىدىن ھاپىلا ـ شاپىلا تۇرۇپ كەتتى.

قازان ۋاراق ـ ۋۇرۇق قايناپ كەتتى.

يۇقىرىقى جۈملىلەردە «دەرھال» سۆزىنىڭ ئورنىغا «ھاپىلا ـ شاپىلا»، «بەك» سۆزىنىڭ ئورنىغا «ۋاراق ـ ۋۇرۇق» سۆزى قوللىنىلغانلىقتىن جۈملىنىڭ بەدىئىيلىكى ئاشقان.

بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندەك، ئۇيغۇر تىلى تەكرارلانما سۆزلەرگە ئىنتايىن باي تىل بولۇپ، مۇستەقىل سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك تەكرارلىغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر تىلىدىكى تەكرارلانما سۆزلەرنىڭ خېلى بىر قىسمىنى تەقلىدىي سۆزلەر تەشكىل قىلغان. شۇڭلاشقا، تەكرارلانما سۆزلەر جۈملىدە قايسى سۆز تۈركۈمىنىڭ ئورنىدا كەلسە ئاساسىي جەھەتتىن شۇ سۆزگە خاس گرامماتىكىلىق رولغا ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن: ئۆيدە گۈش ـ پۈش بارمۇ؟ (ئىگە). قىپ ـ قىزىل بايراق لەپىلدەيتتى (ئېنىقلىغۇچى).

بەزىدە ئالماشلارمۇ تەكرارلىنىپ كېلىدۇ، لېكىن بۇ خىل ئەھۋاللار ئەدەبىي ئەسەرلەردە، بولۇپمۇ، شېئىرى ئەسەرلەردە كۆپرەك ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

سەن ـ سەن دۇنيا سەن دۇنيا،
كىمگە ۋاپا قىلدىڭسەن.
مەن ـ مەن دېگەن يارەننى،
يەر قوينىغا ئالدىڭسەن.

«ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى»دىن

شامال غۇر ـ غۇر چىقىپ تۇراتتى(ھالەت).

دېمەك، تەكرارلانما سۆزلەر مەيلى ياسىلىش جەھەتتىن، مەيلى گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى جەھەتتىن بولسۇن بىر خىل ئالاھىدە سۆز بولۇپ، مەنە ۋە شەكىل جەھەتتىن پۈتۈنلەي ئوخشاش ياكى ئوخشاپراق كېتىدىغان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلەرنىڭ تەكرارلىنىشى بىلەن ياسىلىدۇ. ئۇ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئاددىيلىقى، ئاممىباپلىقى، ئېيتىلىشتا ئاسانلىقى بىلەن سۆزلەرنىڭ جانلىقلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىپادىلەش كۈچىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھېسسىي تۈسىنى كۈچەيتىپ، ھەر خىل ئەدەبىي ژانىرلاردا ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلماقتا، ھەم ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا تەكرارلانما سۆزلەر كۈندىن ـ كۈنگە مۇھىم رول ئوينىماقتا.

## پايدىلانمىلار


[1] چېڭ شىلياڭ: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى»[M]، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى نەشرى.

[2] ئابدۇرەئۇپ پولات: «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيىسى»[M]، قەشقەر: قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى .

[3] رۇقىيە كېۋىر: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى رەۋىشداشلار توغرىسىدا»[J]، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2007 ـ يىللىق 2 ـ سان.

[4] تاك خاۋ: «ئىنگلىز تىلىدىكى تەكرارلانما سۆزلەر ھەققىدە»[J]، «جېجياڭ ئاۋئىئاتسىيە سانائەت باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى ژۇرنىلى»، 1989 ـ يىللىق 3 ـ سان.

[5] چېن يامىن: «ئىنگلىزچە ـ خەنزۇچە تەكرارلانما سۆزلەرنىڭ سېلىشتۇرمىسى»[J]، «لۇ جياڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ژۇرنىلى»، 1993 ـ يىللىق 3 ـ سان.

[6] لى چاڭ: «ئىنگلىزچە ـ خەنزۇچە تەكرارلانما سۆزلەرنىڭ سېلىشتۇرمىسى ھەققىدە تەتقىقات»[J]، «دالىيەن ئۇنىۋېرسىتېتى ژۇرنىلى»، 2005 ـ يىللىق 2 ـ سان.


جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

ماقالە نومۇرى:04-049-03 (2009) 5878-1005

# باشقا تىللارنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىسىغا بولغان تەسىرى توغرىسىدا*

رۇقىيە ئوسمان

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى، ئۈرۈمچى، 830046؛
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى، 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئۇيغۇر تىلى ئەسىرلەر داۋامىدا باشقا تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىپ، لېكسىكا خەزىنىسىنى بېيىتىپ كەلگەن. شۇ جەرياندا باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر تەركىبىدىكى قىسمەن فونېمىلارمۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا سىستېمىسىغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن. بۇ ماقالىدە، باشقا تىللارنىڭ ئۇيغۇر تىلى فونېما سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要：**自古以来，维吾尔语从其他语言不断地吸收词汇以丰富自己的词汇宝库。在这个过程中，借词中的部分音位也影响维吾尔语的语音系统。本文就这一现象进行分析。

**Abstract:** The Uyghur language, over the centuries, has enriched its lexicon by adopting words from other languages. During this process, a number of phonemes found in these loan-words have exerted a certain influence on the phonetics of the Uyghur language. In this article, a discussion is carried out on the influence of other languages on the Uyghur language's phonetic system.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H01    ماتېرىيال بەلگىسى: A

تىل تەسىرى گەرچە لېكسىكىدا گەۋدىلىك ئىپادىلەنسىمۇ، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە فونېتىكىدىمۇ ئۆز تەسىرىنى قالدۇرىدۇ. باشقا تىللارنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا بولغان تەسىرىنى بايان قىلغاندا، باشقا تىللارنىڭ ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسىغا بولغان تەسىرىنى تىلغا ئالماي بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا ئۇيغۇر تىلى باشقا تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ فونېتىكا سىستېمىسىغىمۇ باشقا تىللارنىڭ تەسىرىنى سىڭدۈرگەن. باشقا تىللارنىڭ ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسىغا بولغان تەسىرىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە مەزمۇنلار بويىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

ھەر بىر تىلنىڭ ئۆزىگە خاس فونېما سىستېمىسى بولىدۇ. بۇ سىستېمىنى ھەر بىر تىلنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت بولغان مەنە پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ئەڭ كىچىك فونېتىكىلىق بىرلىكلەر ھەمدە ئۇلارنىڭ شەرتلىك ۋە ئەركىن ۋارىيانتلىرى ھاسىل قىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىنى ئېلىپ ئېيتساق، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن تارتىپ، ئۇيغۇر تىلىغا مەنسۇپ بولغان بىر يۈرۈش فونېمىلار ھەمدە ئۇلارنىڭ شەرتلىك ۋە ئەركىن ۋارىيانتلىرى بولغان. باشقا تىللارنىڭ تەسىرى بىلەن بىر قىسىم فونېمىلار ئۇيغۇر تىلىغا سىڭىپ كىرىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېما سىستېمىسىنى بېيىتىلغان. بىز قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى فونېمىلارنى كۆرۈپ باقايلى.

## 1. قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى فونېمىلار①

سوزۇق تاۋۇشلار (توققۇز):

تىل ئالدى: ä (e)، i، ö، ü

تىل كەينى: a، ï، o، u

* بۇ ماقالە 2006-يىلى 14-يانۋار تاپشۇرۇپ ئېلىندى، ئۆزگەرتىلگەن نۇسخىسى 2009-يىلى 1-ئاپرېل تاپشۇرۇپ ئېلىندى.
ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى: رۇقىيە ئوسمان (1972-يىلى 8-ئايدا تۇغۇلغان)، كىتاب باشقۇرغۇچى، كىلاسسىك ئەدەبىيات كەسپىنىڭ ماگىستىرانتى.

www.uyghurkitap.com

ئۈزۈك تاۋۇشلار(25):

b ، p، d، t، g، k، q، w، z، y، γ، f، s، š، j،

č، ž، x، h، r، l، m، n، ŋ، ny

**2.قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلار②**

سوزۇق تاۋۇشلار(توققۇز):

تىل ئالدى: (e) ä، i، ö،ü

تىل كەينى: a، ï، o، u

ئۈزۈك تاۋۇشلار(22):

b، p، d، t، g، k، q،v، w، z، s، š، y، o، č،

ž، x، r، l، m، n، ŋ

**3.چاغاتاي تىلىدىكى تاۋۇشلار ③**

سوزۇق تاۋۇشلار (توققۇز):

تىل ئالدى: ä، e، i، ö، ü

تىل كەينى: a، ï، o، u

ئۈزۈك تاۋۇشلار(25):

b، p، d، t، g، k، q، w، z، y، o، f، s، š، j،č ،

ž، x، h، r، l، m، n، ŋ،

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئورقۇن ـ يېنىسەي يادىكارلىقلىرىنىڭ تىلى بولغان قەدىمكى تۈرك تىلىدىن تارتىپ، ئۇيغۇر تىلىدا 24 ئۈزۈك تاۋۇش بولغان، باشقا تىللارنىڭ ئۇيغۇر تىلى فونېما سىستېمىسىغا بولغان تەسىرىدىن قارىغاندا، بۇنداق تەسىر پەقەت ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەنلا چەكلەنگەن. سوزۇق تاۋۇشلارغا ئۆتمىگەن. ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېما سىستېمىسى ئورقۇن دەۋرىدىلا ئاساسەن تۇراقلاشقان. يەنى، شۇ دەۋرلەردىن تارتىپلا h،f قاتارلىق تاۋۇشلار قەدىمكى ئىران تىللىرى، ھىندى تىلى ۋە باشقا تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمكى تىللاردىن شۇ تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەر ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ بىر پۈتۈن فونېما سىستېمىسىنى ھاسىل قىلغان. پروفېسسور گېڭ شىمىن ئەپەندى ئېيتقاندەك: قەدىمكى تۈرك تىلىدا 24 ئۈزۈك تاۋۇش بار، بۇنىڭ ئىچىدىكى f، j، h، ŋ، قاتارلىق تۆت تاۋۇش كىرمە سۆزلەردە قوللىنىلىدۇ ④.

مەھمۇد كاشغەرىيمۇ h، f تاۋۇشلىرى توغرىلىق مۇنداق دەيدۇ: «f ھەرپى ئەرەبچە ھەرپ»: «...ئەمما تەركىبىدە h كېلىدىغان ھېچقانداق سۆز يوق. بۇ تاۋۇش گاھىدا خوتەنلىكلەرنىڭ تىلىدا ئۇچرايدۇ، چۈنكى خوتەن تىلىدا ھىندى تىلىنىڭ تەسىرى بار. كەنچەك تىلىدىمۇ h تاۋۇشى ئۇچرايدۇ. چۈنكى كەنچەك تىلىمۇ ساپ تۈركچە تىل ئەمەس»⑤.

يەنە ئۇنىدىن باشقا «ھج ھج (häč häč)»، سۆزىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «ھج ھج (häč häč) تىك ـ تىك. ئات بېشىنى تۇتقۇزماي، شاشلىق قىلغاندا ياۋاشلىتىش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان ئىملىق سۆز. بۇ ئەرەبچىگە ئۇيغۇن. چۈنكى بۇ سۆزدە تۈركى تىل قائىدىسىگە يات «ھ ـ h» ھەرپى بار؛ تۈركى تىلدا بۇ ھەرپ يوق⑥.

قەدىمكى تۈرك تىلى دەۋرىدىن تارتىپ، ناھايىتى ئاز بىر قىسىم سۆزلەردە f ، h تاۋۇشلىرى بىلەن باشلىنىدىغان سۆزلەر بولغان. بۇنداق سۆزلەر يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، كىرمە سۆزلەر ئىدى. قاراخانىيلار دەۋرىدە ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى تاشلاپ، ئەرەب ئېلىپبەسى بىلەن ئۆز تىلىنى خاتىرىلەشكە باشلىدى. شۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، «قۇتادغۇ بىلىك» قاتارلىق ئەسەرلەردە بۇ ئىككى تاۋۇش كەڭ كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ئەرەبلەرنىڭ تۈرك (ئۇيغۇر) تىلىنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن تۈزۈلگەن لۇغەت بولغاچقا، ئەرەبچە سۆزلەر كىرگۈزۈلمىگەن. ئەمما بۇ ئىككى تاۋۇشنى ئىپادە قىلىدىغان «ھ، ح، ہ»ھەرپلىرى بىلەن ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەر ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن: hoč hoč (حج حج ئۆچكىنى ھەيدەشتە قوللىنىلىدىغان ئىملىق سۆز⑦)، häč häč (حج حج ئاتنى تېز ماڭدۇرۇش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان تەقلىد سۆز)، tah-tah، čuh-čuh، käh-käh، mäh، yäh قاتارلىق سۆزلەر تەركىبىدە گەرچە h تاۋۇشىنى يېزىقتا ئىپادە قىلغان بولسىمۇ بۇ ھەقتە

مۇنداق دېگەن: بۇ سۆزلەردىكى h پەقەت تىنىقۋېلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. h ھەرپى ساپ تۈرك تىلىدا يوق. پەقەت «ar ahlidi ئادەم ئاھلىدى، يەنى ئاھ ئۇردى» سۆزىدىلا ئىشلىتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ كۆكرەكتىن چىققان بىر تاۋۇشقا تەقلىد قىلىنغان سۆزدۇر[8].

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە f تاۋۇشى b، w تاۋۇشلىرىنىڭ ۋارىيانتى سۈپىتىدە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: yabïz~yafuz، yawuz [9]، suw~ suf [10]، küfäz~küwäz [11]، «قۇتادغۇ بىلىك» تىمۇ ئەرەب، پارس تىلىدىن كىرگەن نۇرغۇن سۆزلەردە h، f تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەر ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: häm، härgiz، himmät، fikir قاتارلىقلار.

گەرچە ئۇيغۇر تىلى فونېما سىستېمىسى نىسبىي مۇقىم ۋە تۇراقلىق بولسىمۇ ھەرقايسى دەۋرلەردە ئۇخشىمىغان تىللار بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېما سىستېمىسىدا ئاز-تولا ئۆزگىرىش بولغان. بۇنداق ئۆزگىرىش يەنىلا ئۈزۈك تاۋۇشلاردا بولۇپ، سوزۇق تاۋۇشلاردا ئېنىق ئەمەس. يەنى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىگە كەلگەندە ئەرەب، پارس تىلىدىكى بىر قىسىم ئۈزۈك تاۋۇشلار قىسمەن سىڭىپ كىرگەن، 20-ئەسىرگە كەلگەندە خەنزۇ تىلىدىكى بىر قىسىم تاۋۇشلار سىڭىپ كىرگەن ياكى بۇگۈنكى كۈندە سىڭىپ كىرىۋاتقان بولسىمۇ يەنىلا ئۇيغۇر تىلى فونېما سىستېمىسىغا ئۆزلەشمىدى.

ئۇرقۇن دەۋرىدىن تارتىپ، ئۇيغۇر تىلىغا سىڭىپ كىرىشكە باشلىغان f، j، x، h تاۋۇشلىرى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە ئەرەب، پارس تىلىدىكى تەركىبىدە مۇشۇ تاۋۇشلار بولغان سۆزلەرنىڭ كۆپلەپ سىڭىپ كىرىشى بىلەن ئۇيغۇر تىلى فونېما سىستېمىسىنىڭ رەسمىي بىر ئەزاسىغا ئايلاندى. ئەمما، تەركىبىدە يۇقىرىقى تاۋۇشلار بولغان كۆپلىگەن سۆزلەر مۇناسىپ تاۋۇشلارغا ئايلىنىپ كەتكەن.

مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| färištä | pärištä | färq | pärq |
| fäläk | päläk | fikir | pikir |
| fa (꠸)la | pala | faydä | payda |

بۇنداق ئەھۋال جانلىق تىلدا تېخىمۇ ئېنىق ۋە تىپىك ئۇچرايدۇ.

| جانلىق تىلدا | يېزىق تىلىدا |
|---|---|
| tilpun | ṭelefun |
| paŋjin | faŋjen |
| tilgirap | ṭelegraf |

ئۇندىن باشقا، باشقا تىللارنىڭ تەسىرى تۈپەيلى ئۇيغۇر تىلىدىكى فونېمىلار گاھ كۆپىيىپ، گاھ ئىزىغا چۈشۈپ تۇرغان. بولۇپمۇ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە ئەھۋال شۇنداق بولغان. بۇ دەۋردە ئەرەب ئېلىپبەسىدىن ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن «ح، ع، ط، ث، ض، ص، ظ» قاتارلىق ھەرپلەر بولۇپ، بۇ ھەرپلەر ئەرەب تىلىدا ئايرىم-ئايرىم فونېمىلارغا ۋەكىللىك قىلاتتى. بۇ تاۋۇشلار ئەرەب تىلىدا مەنە پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان بولسىمۇ، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەندىن كېيىن مۇستەقىل فونېما سۈپىتىدە تونۇلماي، ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇناسىپ تاۋۇشلارنىڭ ۋارىيانتى سۈپىتىدە خىزمەت قىلغان. يەنى «ز، ذ، ض، ظ» فونېمىلىرى ئۇيغۇر تىلىدىكى /z/ فونېمىسىنىڭ؛ «ت، ط» فونېمىلىرى ئۇيغۇر تىلىدىكى /t/ فونېمىسىنىڭ؛ «س، ث، ص» فونېمىلىرى ئۇيغۇر تىلىدىكى /s/ فونېمىسىنىڭ ۋارىيانتى بولۇپ خىزمەت قىلىدى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدى. بۇ تاۋۇشلار سەككىز، ئون ئەسىرلىك ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولسىمۇ ئاخىرى ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېما سىستېمىسىغا كىرەلمىدى.

يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا f ، j تاۋۇشلىرى v، ǯ تاۋۇشلىرى بىلەن جاراڭلىقلىق ۋە جاراڭسىزلىق جەھەتتە قارىمۇ-قارشىلىق ھاسىل قىلىپ ئۇيغۇر تىلى فونېما سىستېمىسىدا فونېمىلىق خاراكتېرنى ئالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**4. خۇلاسە**

ئۇيغۇر تىلى ناھايىتى قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپلا باشقا تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش جەريانىدا باشقا تىللاردىكى سۆزلەرنى ھېچ بولمىغاندا، ئىمكان قەدەر ئەينەن يېزىش ئىستىكىدە h ،j ،x ،f قاتارلىق ھەرپلەرنى ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسىگە قوبۇل قىلغان. يەنە مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، يۇقىرىقى تۆت تاۋۇش ئۇيغۇر تىلىغا ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا سىڭىپ كىرىشكە باشلىغان. كېيىنكى دەۋرلەردە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىدە ئۇيغۇر تىلىغا ئەرەب، پارس تىللىرىدىن تۈركۈملەپ سۆزلەر كىرىش بىلەن بۇ تاۋۇشلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئورنى مۇقىملىشىشقا باشلىغان. بۈگۈنكى كۈندە بۇ تاۋۇشلار ئۇيغۇر تىلى فونېما سىستېمىسىنىڭ ھەقىقى ئەزاسىغا ئايلاندى.

**ئىزاھلار:**

① گابائىن: 《قەدىمكى تۈرك تىلى گراماتىكىسى》(گېڭ شىمىن تەرجىمىسى)، ئىچكى موڭغۇل مائارىپ نەشرىياتى نەشرى؛ گېڭ شىمىن: 《قەدىمكى تۈرك تىلى يادىكارلىقلىرىنىڭ گراماتىكىسى》، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ماي باسمىسى، 1979 ـ يىلى نەشرى؛ ئە. جەپەرئوغلى: 《تۈرك تىلى تارىخى》، ئىستانبۇل، 1972 ـ يىلى نەشرى.

② لى زېڭشياڭ، مەتريھىم، جاڭ تېشەن: 《قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى يادىكارلىقلىرى تىلىنىڭ تەزكىرىسى》)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى؛ دېڭ خاۋ: 《غەربىي يۇرت، دۇنخۇاڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى يادىكارلىقلىرىنىڭ تىلى ئۈستىدە تەتقىقات》، گەنسۇ مەدەنىيەت نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى نەشرى.

③يانوش ئېكمان: 《چاغاتاي تىلى قوللانمىسى》، ئىندىئانا ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى، 1966 ـ يىلى نەشرى؛ ئابلىمىت ئەھەت: 《چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى》، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى نەشرى؛ ئابدۇرەئۇپ پولات تەكلىماكانى: 《چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە مۇپەسسەل بايان》، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى نەشرى.

④ گېڭ شىمىن: 《قەدىمكى تۈرك تىلى يادىكارلىقلىرىنىڭ گراماتىكىسى》، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ماي باسمىسى، 1979 ـ يىلى نەشرى، 16 ـ بەت.

⑤ مەھمۇد كاشغەرىي: 《دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك》، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى نەشرى، 1 ـ توم، 9 ـ بەت.

⑥ مەھمۇد كاشغەرىي: 《دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك》، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى نەشرى، 1 ـ توم، 422 ـ بەت.

⑦ مەھمۇد كاشغەرىي: 《دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك》، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى نەشرى، 2 ـ توم، 411 ـ بەت.

⑧ مەھمۇد كاشغەرىي: 《دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك》، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى نەشرى، 3 ـ توم، 164 ـ، 165 ـ بەت.

⑨ مەھمۇد كاشغەرىي: 《دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك》، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى نەشرى، 2 ـ توم، 11 ـ بەت.

⑩ مەھمۇد كاشغەرىي: 《دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك》، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى نەشرى، 2 ـ توم، 178 ـ بەت.

⑪ مەھمۇد كاشغەرىي: 《دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك》، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى نەشرى، 1 ـ توم، 536 ـ بەت.

جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

ماقالە نومۇرى:1005_5878 (2009) 03_053_11

# قەدىمكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە ئۈزۈمنىڭ دورىلىقتا ئىشلىتىلگەنلىكى ھەققىدە قايتا ئىزدىنىش*

ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

(ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش مەدەنىيەت-مائارىپ، سەھىيە-تەنتەربىيە كومىتېتى ئىشخانىسى، 830001)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئۈزۈم ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۆستۈرۈلىدىغان ئاساسلىق مېۋە-چېۋىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۈزۈمچىلىك تۇرپان قاتارلىق رايونلارنىڭ تۈۋرۈك كەسپىگە ئايلانغان. بۇ ماقالىدە، ئۈزۈمنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۈزۈمنىڭ دورىلىق قىممىتىنى بىلگەنلىكى ھەمدە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە ئىشلىتىلگەنلىكى ماتېرىياللار ئاساسىدا كۆرسىتىلىدۇ.

**摘要:** 葡萄是我区的主要水果之一，葡萄业已成为我区吐鲁番等地的支柱产业。本文在在事实的基础上，论述葡萄产生的历史、维吾尔族先民对葡萄药用价值的了解以及在维吾尔医药中的应用。

**Abstract:** Grapes are one of the major fruits grown in our autonomous region; grape-growing has become one of the major occupations in Turpan and other places. In this article, the origin of grapes, our ancestors' understanding of their medicinal value, and their use in Uyghur medicine will be shown on the basis of historical materials.

**كىتابلارنى جوڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G122**

**ماتېرىيال بەلگىسى: A**

## مۇقەددىمە

كۆپ ئەسىرلىك مىللىي دورىگەرلىك ئەنئەنىسىگە ۋە ئۇزاق تارىخىي يىلتىزغا ئىگە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى دورىگەرلىك ئىلمى قەدىمكى تارىم ئاھالىسى ئىجتىمائىي ھاياتىدا، بولۇپمۇ، ھەر خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش ھەم ساقلىق-ساقلاش جەھەتتىكى تېببىي پائالىيىتىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن. فولكلور ۋە ئېتنىك ئادەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، خۇددى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا ياشىغان خەلقلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىغا ئوخشاشلا، قەدىمدىن مېھنەتكەش، ئەقىل-پاراسەتلىك، دورا-دەرمەك ۋە مىللىي تېبابەت خەزىنىسىگە باي ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك شارائىتى، تۇرمۇش مۇھىتى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، ياشاش ئادىتى ۋە كۈندىلىك ئەمەلىي تۇرمۇشىغا خاس تېبابەتچىلىك-دورىگەرلىك ئەنئەنىسىنى شەكىللەندۈرگەن. قەدىمدىن تېببىي دورا-دەرمەككە باي تارىم ۋادىسىدا ياشاپ، ئاۋۇپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىز ئۆز ئەتراپىدىكى ھەر خىل ئۆسۈملۈك دورىلار، مەدەن دورىلار، ھايۋانىي دورىلاردىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ھەر خىل مىزاجلارغا قاراپ تەڭشەپ، كېسەل داۋالاش ۋە ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىدا ئۆز دەۋرىگە يارىشا خېلى يۇقىرى ئۈنۈم ھاسىل قىلغان.

بولۇپمۇ، ھەر خىل ئۆسۈملۈك دورىلار ئارىسىدا ئەجدادلىرىمىز ھاياتىدا دەۋرمۇ-دەۋر، ئەۋلادمۇئەۋلاد

---

* بۇ ماقالە 2007-يىل 4-ئاپرېل تاپشۇرۇپ ئېلىندى.

ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى (1960-يىلى 9-ئايدا تۇغۇلغان)، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن ئۈزۈمدىن ئىلىنىدىغان دورىلار يەنى ھۆل ئۈزۈم، ئۈزۈم ھارىقى، مەيزاب، مۇسەللەس، ئۈزۈم سىركىسى (ئاچچىقسۇيى) ئۈزۈم پېلىكى، ئۈزۈم يوپۇرمىقى (غازىڭى)، ئۈزۈم يىلتىزى قاتارلىقلار ئۇزۇن تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە قوللىنىلىپ، تۈمەنلىگەن ئىگرىغان جانلارنى كېسەل ئازابىدىن خالاس قىلىپ كەلگەن. ھەتتا دىيارىمىز ئۈزۈمى ۋە ئۈزۈمدىن دورا ئىلىش ئۇسۇلى غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ، جۇڭيى تېۋىپلىرىنىڭ تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك دەستۇرلىرىدىنمۇ تېگىشلىك ئورۇن ئالغان①. شۇڭا، بۇ ھەقتە ئىزدىنىش، تەتقىقات ئىلىپ بېرىش ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى دورىگەرلىك ئىلمى تارىخىنى يورۇتۇشنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 1. دىيارىمىزدا ئۈزۈمنىڭ ئۆستۈرۈلۈشى

باغۋەنچىلىك تارىخىدا ئەڭ قەدىمكى مېۋىلەردىن بىرى ھېسابلىنىدىغان ئۈزۈم كۆپ يىللىق، ياغاچ غوللۇق، پىلەك تارتىپ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسۈپ ئالىقانسىمان يېرىلىدۇ. گۈل رېتى كونۇس شەكىللىك بولۇپ، يوپۇرماقنىڭ ئۇدۇلىدا ئۆسىدۇ، گۈلى سۇس يېشىل، مېۋىسى ھەر خىل شەكىلدە ۋە ھەر خىل رەڭدە بولىدۇ. ئۈزۈم ئاساسەن شىمالىي ئامېرىكا ئۈزۈمى ۋە ياۋروپا ئۈزۈمىدىن ئىبارەت ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. ياۋروپا ئۈزۈمى ئوتتۇرا يەر دېڭىزى، قارا دېڭىز ۋە كاسپىي دېڭىزى ساھىلىدا بارلىققا كېلىپ، بۇنىڭدىن 5000 ~ 7000 يىللار ئىلگىرى سۈرىيە ، مىسىر، ئىراق، جەنۇبىي كاۋكاز ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلاردا ئۆستۈرۈلگەن②. كېيىنچە ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنى بويلاپ، غەرب تەرەپتە غەربىي ياۋروپا، شەرق تەرەپتە شەرقىي ۋە غەربىي ئاسىيا جۈملىدىن شىمالىي ئافرىقا قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. ئىنسانىيەت مەدەنىيەتلىك باسقۇچقا قەدەم قويغاندىن بۇيان، ئۈزۈم تەدرىجىي ھالدا كىشىلەر ياخشى كۆرىدىغان مېۋىلەردىن بىرىگە ئايلانغان. ئۈزۈم ئۇرۇقدىشىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ شىنجاڭدا كۆپرەك ئۆستۈرۈلگەن تۈرى 18 خىلدىن ئاشىدۇ③. ئۈزۈم شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان، بولۇپمۇ تۇرپان، پىچان، قۇمۇل، كۇچار، باي، قەشقەر، ئاتۇش ۋە خوتەن قاتارلىق جايلاردىن كۆپ چىقىدۇ.

شىنجاڭ مەملىكىتىمىز بويىچە ئۈزۈم ئەڭ كۆپ چىقىدىغان رايون بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىلىمىزدىكى ئۈزۈمنى ئەڭ دەسلەپ ئۆزلەشتۈرگەن رايونلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. تارىخىي مەنبەلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇنىڭدىن 2500 يىللار ھەتتا ئۇنىڭدىن ئىلگىرىلا ئۈزۈمچىلىك شىنجاڭ تەۋەسىدە بارلىققا كەلگەن، ھەمدە خېلى تەرەققىي تاپقان.

1901 - يىلى، ئەنگلىيىلىك ئا. ستەين تەكلىماكاندىكى نىيە خارابىسىنى تەكشۈرگەندە، خارابە دائىرىسىدە تۆت ئەتراپى چىتلانغان باغلار ئىچىدىن ئەينى زاماندىكى ئۈزۈملۈك باغنىڭ قالدۇق ئىزىنى بايقىغاندىن بۇيان④، بۇ خارابىلىكتىن ئۈزۈمزارلىق، ئۈزۈم ئەۋرىشكىسى ۋە ئۈزۈمزارلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك قەدىمكى تارىشا پۈتۈكلەر بايقالدى. بولۇپمۇ، XX ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدىن كېيىن، جۇڭگو - ياپونىيە نىيە خارابىسىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش بىرلەشمە ئەترىتى خەن - جىن دەۋرلىرىگە تەۋە بۇ خارابىلىكتىكى تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىدا، ئۈزۈمزارلىق ئىزى ۋە ئۈزۈم كۆچىتى قالدۇقلىرىنى كۆپ ئۇچراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە 95A2 ۋە 95A7 نومۇرلۇق ئۆي ئىزى ئەتراپىدىكى باغلاردا ئۈزۈملۈك خېلى كۆلەمنى ئىگىلىگەن. مەسىلەن: 95A2 نومۇرلۇق ئۈزۈملۈك باغ ئېغىزى ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدە بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 60 مېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى تەخمىنەن 30 مېتىر كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئەتراپى چىتلانغان. بۇ باغنىڭ كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ بولسىمۇ، ئەمما كۆپ قىسمى قۇم ئاستىدا قالغان، ھازىر پەقەت شەرق - غەرب يۆنىلىشىدىكى ئۇچ قۇر ۋە شىمالىي

تەرىپىدىكى ئىككى قۇر ئۇزۇم كۆچەتلىرىنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ: 95A7 نومۇرلۇق ئۇزۇملۇك (N44) (93A24) نومۇرلۇق تۇرالغۇ خارابىسىنىڭ 150 مېتىر غەربىدىكى يەرگە جايلاشقان بولۇپ، ھازىرغا قەدەر بايقالغان ئۇزۇملۇك باغلار ئىچىدە كۆلىمى ئەڭ چوڭى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 122 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 68.5 مېتىر بولۇپ، ئۇزۇم كۆچەتلىرى شەرق-غەرب يۆنىلىشىدە تىزىلغان⑤. بۇنىڭدىن باشقا، خارابىلىكنىڭ شىمالىدا ئۇزۇنلۇقى 50 مېتىر، كەڭلىكى 30 مېتىر، تۆت ئەتراپى چىتلاق بىلەن قورشالغان ئۇزۇمزارلىق بايقالدى. بۇ ئۇزۇمزارلىقتىكى ئۇزۇم كۆچەتلىرىدىن ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغانلىرى توققۇز قۇر بولۇپ، شەرق-غەرب يۆنىلىشىدە تىكىلگەن. ھەربىر قۇر ئۇزۇم بارىڭىنىڭ ئارىلىقى ئىككى مېتىر چامىسىدا بولۇپ، ھەربىر تۈپنىڭ ئالدىغا بىدىشقا ئېلىش ئۈچۈن ئورناتقان بىدىش خادا ياغاچلىرىنىڭ كۆتەكلىرى ھېلىمۇ ئۆز ئورنىدا ساقلانغان⑥. يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغانلاردىن سىرت، يەنە مەزكۇر خارابىلىكتىكى 27-A39 نومۇرلۇق تۇرالغۇ ئىزىنىڭ قازناق ئۆيى ئىچىدىن ئۇزۇم تېلىدا توقۇلغان لېگەن شەكلىدە قازان چۈشۈرىدىغان تۇۋلۇك تېپىلدى⑦.

1999-يىلى، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى-ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىكى خادىملار لوپنۇر ناھىيىسىدىكى خەن-جىن دەۋرلىرىگە تەۋە يىڭپەن قەبرىستانلىقىدا قېزىش قىلغاندا، 99BYYM7 ۋە 99BYYM66 نومۇرلۇق ئىككى قەبرە ئىچىدىن بىرنەچچە ساپاق قۇرۇق ئۇزۇم قېزىۋېلىندى⑧.

يىغىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەلۇماتلار شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي، جۈملىدىن تارىم ۋادىسىنىڭ ئەتراپىدىكى بوستانلىقلاردا، خەن دەۋرىدىن بۇرۇنلا ئۇزۇم ئۆستۈرۈلگەنلىكى ھەمدە خەن-جىن دەۋرلىرىدە خېلى تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

《يىپەك يولى》نىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقان تۇرپانغا كەلسەك، ئۇزۇم بۇ يەردە خېلى بۇرۇنلا ئۆستۈرۈلگەن. ئاۋالىلۇق، 1992-يىلى، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى-ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىكى خادىملار پىچان سۇ بېشىدىكى 3-نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتا قېزىش قىلغاندا، M16 ۋە M30 نومۇرلۇق ئىككى قەبرىنىڭ تىنىدۇرما تۇپىلىرى ئارىسىدىن ئۇزۇم ئۇرۇقلىرىنى بايقىغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە، M16 دىن تېپىلغىنى 30 دانە ئەتراپىدا، M30 دىن چىققىنى تەخمىنەن 100 دانە. بۇ قەبرىستانلىقتىن قېزىۋېلىنغان ئۇزۇم ئۇرۇقىنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى ئېلان قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئەمما 《پىچان ناھىيىسى سۇ بېشىدىكى 3-نومۇرلۇق قەبرىستانلىق》 دېگەن ماقالىدە، ئەينى ۋاقىتتا ئۇزۇمنىڭ ئۆستۈرۈلگەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. بۇ قەبرىستانلىقنىڭ دەۋرى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى V ~ III -ئەسىرلەر ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ⑨. بۇ بايقاش، ئۇزۇمنىڭ مىلادىيەدىن بەش ئەسىر ئىلگىرىلا تۇرپان تەۋەسىدە ئۆستۈرۈلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

خەن دەۋرىدىن كېيىن، بولۇپمۇ جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە كەلگەندە، تۇرپان رايونىدا ئۇزۇمچىلىك تېخىمۇ روناق تاپىدۇ، ھەمدە ئەينى ۋاقىتتىلا شۇ يەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە مېۋىلەردىن بىرىگە ئايلىنىدۇ. بۇنى، 1959-يىلىدىن بۇيان تۇرپان ئاستانە-قاراغوجا قەبرىستانلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا، 44-، 60-، 61-، 117-، 186-، 192-، 198-، 226-، 320-نومۇرلۇق قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان قۇرۇپ كەتكەن ئۇزۇملەر چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇزۇملەرنىڭ بەزىلىرى ساپىقىدىن ئاجرىماي ئۆز پېتى قۇرۇپ قالغان⑩.

يۇقىرىدىكى قەبرىلەردىن 320-نومۇرلۇق قەبرىنىڭ دەۋرى شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە، 186-نومۇرلۇق قەبرە كىيۇ جەمەتى ھۆكۈمرانلىقىدىكى قوچۇ بەگلىكى دەۋرىگە (مىلادىيە 499 ~ 640 - يىللار) تەۋە بولۇپ، قالغان قەبرىلەر تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە.

يۇقىرىدىكى ماددىي پاكىتلاردىن باشقا، تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان خەنزۇچە ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردە ئۇزۇملۇك ھەققىدە ناھايىتى كۆپ خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان.

www.uyghurkitap.com



ئۇلاردا ئۈزۈمزارلىقلارنىڭ كۆلىمى، ئۈزۈم ۋە ئۈزۈم مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش ئەھۋالى خېلى ئەتراپلىق خاتىرىلىنىپلا قالماستىن، يەنە تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۈزۈمنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن ئىگىلىگەنلىكىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن[11].

ئەينى ۋاقىتتا، تۇرپان، كۇچار، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردا ئۈزۈم خېلى كەڭ دائىرىدە ئۆستۈرۈلۈپ، ئېھتىياجنى قامدىغاچقا، تارىم ئاھالىلىرى ئۈزۈمنى ھۆل پېتى ئىستېمال قىلغاندىن سىرت، يەنە ئۈزۈمدىن ھاراق، مەيزاب، مۇسەللەس، مۇراببا، سىركە قاتارلىقلارنى چىقارغان. ھەكىم ـ تېۋىپ، ئاتاساغۇن ـ دورىگەرلەر ئۈزۈم خام ئەشيا قىلىنغان ھاراق، مەيزاب، مۇسەللەس، مۇراببا، سىركە ھەم ئۈزۈمنىڭ پېلىكى، يوپۇرمىقى، يىلتىزى قاتارلىقلاردىن ھەر خىل دورىلارنى ياساپ داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش ـ ساقلىق ساقلاشتا پايدىلانغان[12].

تارىختا «يىپەك يولى» ئېچىلغاندىن كېيىن، دىيارىمىز شىنجاڭ بۇ خەلقئارالىق چوڭ سودا يولى شەرق ـ غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان يىپەك يولى مۇقەررەر بېسىپ ئۆتىدىغان مۇھىم تۈگۈن ۋە بەلۋاغ بولغاچقا، شىنجاڭدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە نۇرغۇن كۆكتات، مېۋە ـ چېۋىلەر تارقىلىپ كىرگەن. ئۈزۈم دەل دىيارىمىزدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ كىرگەن مېۋىلىك ئۆسۈملۈكلەردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ[13].

خەن سۇلالىسىنىڭ جاڭ چيەننى غەربىي يۇرتقا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىشىدىكى ئەسلىي مەقسىتى، توخرىلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، ھۇنلارغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇش ئىدى. ئەمما كۈتۈلمىگەندە جاڭ چيەن ئۇ يەرلەردىكى ئاھالىلەرنىڭ تېرىقچىلىق قىلىدىغانلىقى، شال، بۇغداي قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىيدىغانلىقى، باغ، ئۈزۈمزارلىقلارنىڭ بارلىقى، ئۈزۈمدىن مەي ـ شاراب چىقىرىدىغانلىقى، بايلىرىنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن مەي ـ شارابلارنى نەچچە ئون يىلغىچە ساقلايدىغانلىقىنى كۆرگەن[14]. بولۇپمۇ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە يوق بىر تۈركۈم ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سورتىنى بايقىغان. شۇڭا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە قايتىشىدا ئۈزۈم كۆچەتلىرى قاتارلىقلارنى ئالغاچ كەتكەن. ئۈزۈم ئالدى بىلەن خان ئوردىسى ئىچىدىكى باغلاردا ۋە چاڭئەننىڭ يېقىن ئەتراپىدا يېتىشتۈرۈلگەن. دېمەك، شۇنىڭدىن تارتىپ، ئۈزۈم ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە تارقالغان. كېيىنچە، ئۈزۈم ھارىقى چىقىرىش ۋە ئۈزۈمدىن ھەر خىل دورىلار ئېلىش تېخنىكىسىمۇ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە تارقىلىپ كىرگەن. قىسقىسى، ئۈزۈم ئېلىمىزنىڭ باغۋەنچىلىكى جۈملىدىن ھاراق ۋە دورىگەرلىك مەدەنىيىتىنى بېيىتقان. شۇڭا، ئۇنى شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئېلىمىزنىڭ باغۋەنچىلىكىگە قوشقان مۇھىم تۆھپىلىرىدىن بىرى، ـ دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

## 2. ئۇيغۇر تېبابىتىدە ئۈزۈمنىڭ دورىلىق خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىكىدە ئۈزۈمدىن ئېلىنىدىغان دورىلار 2500 يىل ھەتتا ئۇنىڭدىن ئىلگىرىلا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ھۆل ئۈزۈم (پىشقان ۋە غورا ئۈزۈم)، ئۈزۈم ھارىقى (شارابى)، مۇسەللەس، مۇراببا، سىركە، مەيزاب، ئۈزۈم پېلىكى، يوپۇرمىقى (غازىڭى) ۋە يىلتىزىدىن دورىلار ياساپ، ئۆز مىللىي تېبابىتىدە پايدىلىنىپ كەلگەن. تۆۋەندە بىز ھۆل ئۈزۈم، ئۈزۈم شارابى، ئۈزۈم شىرنىسى، مۇسەللەس ۋە سىركە قاتارلىقلارنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى دورىلىق تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

1) ھۆل ئۈزۈم (ئىنەپ)

**تەبىئىتى:** ھۆل ئىسسىق، ئوبدان، تاتلىق. پىشقىنى 2 ـ دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق، ئۇرۇقى 2 ـ دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئوزۇق بولۇش، ساپ قان پەيدا قىلىش، قاننى ساپلاشتۇرۇش، سەمرىتىش، تەرەتنى يۇمشىتىش، تېرىلەرنى يۇمشىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** ئوزۇق بولۇشقا، ئىچ كەلتۈرۈشكە،

بەدەننى سەمرىتىشكە، بەدەننى قۇۋۋەتلەشكە، جىگەر كېسەللىكلىرىگە، غەم-ئەندىشىنى يوق قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ. سۈيىنى قايىنىتىپ ياكى ئاپتاپتا پىشۇرۇپ بەرسە ئالەتنى قاتتىق قىلىدۇ. ئۈزۈمنى سىركىگە چىلاپ قۇرۇتۇپ، قورۇپ، سوقۇپ بەرسە ئارقا پېشابىنى توختىتىدۇ. ئۈزۈمنى كۆيدۈرۈپ بەدەنگە سەپسە جۇلاھ بېرىدۇ، كۆزگە تارتسا، كۆزدىن سۇ كېلىشنى توختىتىدۇ، سۆلۈق جاراھەتلەرنىڭ سۈيىنى يوق قىلىدۇ. ياغچىنى كۆيدۈرۈپ ئىچسە، سۈيدۈك يولىدىكى تاشنى چىقىرىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، باشنىڭ يېرىمىنى ئاغرىغانغا، بۇۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ.

**تەركىبى:** ئۈزۈمنىڭ شىرنىسىدە 14% ~ 24% كىچە ئۈزگەرگەن قەنت، ئۇنىڭدىن قالسا كالتسىي تارتارىك، كالىئوم بىتارتارىك، ئالما كىسلاتاسى، لىمون كىسلاتاسى، تاننىن، پېنتوزان، پېكتىن، ئىنوزىت، لېۋتسىن، تىنروزىن، لىتسىتىن، كىۋېرتسىتىن، يېلىم ماددىسى، ۋىتامىن A، ۋىتامىن C، ئىنىن، ئېنىبىدىن بولىدۇ. يىلتىزىدا يېلىم ماددىسى، قەنت، گاللاكتسان، ھەر خىل فېرمېنت ۋە ئاتسىدبوربكلار بار[15].

2) ئۈزۈم شارابى (جەمھۇرى)

**تونۇش:** بۇ بىر خىل شاراب بولۇپ، مۇسەللەس ۋە سۇ بىلەن تەييارلىنىدۇ.

**تەييارلاش ئۇسۇلى:** مۇسەللەس مۇۋاپىق ھالدا سۇغا قوشۇپ قايىنىتىلىدۇ. سۇ تۈگەپ، مۇسەللەس قالغاندا ئېلىپ، مەلۇم مۇددەت قويۇپ ئاندىن ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى ئۇيغۇر تېۋىپلىرىمىز تەييارلايدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** ماددىلارنى پۇشۇرۇش ۋە تارقىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش ۋە قوزغاش، ئىچ ئەزالارنى قىزىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىش ئورنى:** مۇۋاپىق ھالدا ئىشلەتسە، يۇقىرىقى خۇسۇسىيەتلەرنى بېرىدۇ.

**تەركىبى:** ئۈزۈم شارابى ئۈزۈمدە بولىدىغان پايدىلىق تەركىبلەردىن ئاجرىغان بولۇپ، ئەسەب (نېرۋا) مەركەزلىرىنى دەسلەپتە قوزغاتقۇچى، ئارقىدىن پالەچلەندۈرگۈچى تەسىرگە ئىگە بولغان بىرقانچە ھىدروكسىل گۇرۇپپىسى-فېنوللاردىن تەركىب تاپىدۇ.

شاراب ۋە باشقا ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەر دەسلەپتە مېڭىنىڭ پوستلاق قىسمىنى قوزغىتىدۇ. بىر ئازدىن كېيىن ئۇنى پالەچلەندۈرۈپ قويىدۇ.

شاراب ۋە باشقا ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەر دەسلەپتە ئېغىز ئىچىدىكى سەزگۈ ئەسەبلىرىنى غىدىقلايدۇ. بۇ تەسىر ئەسەب (نېرۋا)لار ئارقىلىق ئاشقازانغىمۇ ئۆتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شۆلگەي ۋە ئاشقازان سۈيۇقلۇقلىرىنىڭ ئىشلىنىپ چىقىشى كۆپىيىدۇ. شۇنىڭدەك نەپەس ۋە تومۇر تېزلىشىدۇ. ئىچىلگەن مىقدار كۆپەيگەنچە ئاشقازاننىڭ خىزمىتى تۆۋەنلەيدۇ.

ئىسپىرت ئۈچەي ئارقىلىق ئوڭاي سىڭىدۇ. بولۇپمۇ، ئاچ قورساققا ئىستېمال قىلىنسا، تەسىرى تېخىمۇ تېز بولىدۇ.

شارابنىڭ تەسىرىدىن دەسلەپتە تېرىدىكى قان تومۇرلار كېڭىيىپ، قان تولۇپ، بەدەن قىزىغاندەك تۇيۇلىدۇ، مەستلىك چوڭقۇرلاشقانسېرى قان تومۇرلارنى باشقۇرىدىغان ئەسەبلەر پالەچلىنىپ، نەتىجىدە قان تومۇرلار تارىيىدۇ، تېرە ئاقىرىپ كېتىدۇ، يۈرەكنىڭ ھەرىكىتى ئاستىلىشىدۇ، نەپەس ئاستا ۋە يۈزە بولۇپ قالىدۇ[16].

3) ئۈزۈم شىرنىسى (دىبىس)

**تونۇش:** بۇ مەخسۇس ئۇسۇل بىلەن تەييارلانغان تاتلىق ئۈزۈم سۈيىدۇر.

**تەييارلاش ئۇسۇلى:** ئوبدان پىشقان تاتلىق ئۈزۈمنى سىقىپ، سۈيىنى ئېلىپ، سۈزۈپ 1/4 قىسمى قالغىچە قايىنىتىلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا بىر تۈرلۈك مەخسۇس توپا سېپىلىدۇ. ئادەتتە ساپ سېغىز توپا ئېزىپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ سېپىلىدۇ. شۇنداق قىلىش بىلەن دۇغىي تېگىگە ئولتۇرۇشۇپ، شىرنىسى ساپ ۋە تاتلىق بولىدۇ. ئەگەر توپىنى سەپمىسە، ئوبدان ساپ شىرنە بولمايدۇ. توپا سېپىلمىگىنى رۇب ياكى مۇسەللەس،- دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلۈشى قارا بادىندا بايان قىلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭدا تەييارلىنىدۇ.

**تەبئىتى:** 2 ـ دەرىجىدە ئىسسىق، 1 ـ دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئوبدان قان پەيدا قىلىش، بەدەننى سەمرىتىش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىش ئورنى:** شىرىنىنى سۇزاپ بىلەن ئىچسە تۇتقاقلىق كېسەل ئۈچۈن مەنپەئەت قىلىدۇ. سېرىق ئۆت بىلەن ئىچسە، ئادەم بار جايدىن قېچىپ يالغۇزلۇقنى خالاش ۋە ساراڭلىق كېسەللىكى ئۈچۈن مەنپەئەت قىلىدۇ. زاراڭزا ئۇرۇقىنىڭ مېغىزى بىلەن ئىچسە شىرا (بەدەنگە چىققان بىر خىل ياپىلاق مۇدۇرلار) ئۈچۈن مەنپەئەت قىلىدۇ. مەزكۇر دورىنى شىرا پەيدا بولغان كۈندىلا ئىشلىتىش لازىم.

ئەنجۈر، ھۆلبە بىلەن ئىچسە كونا يۆتەل ۋە كۆكرەك ئاغرىقى ئۈچۈن مەنپەئەت قىلىدۇ، بىرئاز زەپە قوشۇپ ئىچسە غەم ـ ئەندىشە، خاپىلىقنى يوقىتىدۇ. يېڭى سېغىلغان سۈت، بىرئاز بادام بىلەن ئىچسە نىرۋا ئۈچۈن، بەدەن ئورۇقلۇقى، ئىچ ئەزالارنىڭ ئاجىزلىقى ئۈچۈن ئوبدان تەسىر قىلىدۇ. بىرئاز سىركە بىلەن ئىچسە سېرىق كېسەللىكى، تال كېسەللىكى ئۈچۈن مەنپەئەت قىلىدۇ. ئارپا سۈيى بىلەن ئىچسە دۆۋساقتىكى تاشلارنى يۇمشىتىدۇ، سۈيدۈكنى راۋان قىلىدۇ. ئاق لەيلى بىلەن قاينىتىپ بەدەنگە چاپسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، كودۇمبا چاقىلارنى ئېغىز ئالدۇرىدۇ⑰.

4) مۇسەللەس (مەي پۇختەج)

**تونۇش:** بۇ بىر تۈرلۈك ئۈزۈم سۈيى بولۇپ، تەمى ئاچچىق ـ چۈچۈك تەرەپكە مايىل بولىدۇ. قاينىتىشتا 2/3 ھەسسىدىن ئارتۇق خورىمايدۇ، قويۇق بولىدۇ. بۇنىڭغا بەزى ۋاقىتلاردا لاچىندانە، جويۇز، قەلەمپۇر قاتارلىق خۇشبۇي، ئىسسىق دورىلارنىمۇ قوشىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئۇيغۇر تېۋىپلار تەييارلايدۇ.

**تەبئىتى:** 2 ـ دەرىجىدە ئىسسىق. 1 ـ دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** كۆكرەك، ئۆپكىگە ۋە قاپارتقۇ، چېچەكلەرگە مەنپەئەت قىلىش، ئىچنى يۇمشىتىش، باھنى قوزغاش، ئاغرىق پەسەيتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىش ئورنى:** قائىدە بويىچە مۇۋاپىق ئىچسە، يۇقىرىدا ئېيتىلغان تەسىرلەرنى بېرىدۇ. خەشخاش شارابىغا قوشۇپ «دىياقوزە» تەييارلىنىدۇ.

**تەركىبى:** ئىشلىتىلگەن ئۈزۈمنىڭ تۈرى، ئۈزۈم ئۆسكەن تۇپراق، ھاۋانىڭ پەرقىگە قاراپ مۇسەللەسنىڭ تەركىبىدىكى سۇ ھەم باشقا ماددىلارنىڭ پىرسەنتى ھەر خىل بولىدۇ. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن مۇسەللەس تەركىبىدە سۇ 70% ~ 85%، قەنت (مېۋە قەنتى، ئۈزۈم قەنتى) 10%~30%، ئورگانىك كىسلاتا (ئۈزۈم ھەم ئالما كىسلاتاسى) 0.2% ~ 0.9%، ئاچچىق ئۈزۈم كالىي تۇزى 0.2% ~ 0.6%، ئازوتلۇق ماددىلار0.2% ~ 0.5% مىنېرال (مەدەنلىك) جىسىملار 0.30% ~ 0.50% نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ سىرتىدا ئۈزۈمنىڭ پوستى مەلۇم مىقداردا ئاشلىغۇچى ماددا (تاننىن) تۇتىدۇ. مۇسەللەس رەڭلىك ئۈزۈملەردىن ياسالغان بولسا، ئۇنداقتا بەلگىلىك مىقداردىكى ئۈزۈمنىڭ بوياق ماددىسىمۇ قوشۇلىدۇ. مۇسەللەس تەركىبىدە ئىسپىرت ئادەتتە 10% ~ 17% گىچە بولۇشى مۇمكىن⑱.

5) سىركە (جەل)

**تونۇش:** بۇ مېۋىلىك ئۆسۈملۈكلەر مېۋىسىنىڭ سىقىلغان سۈيىدۇر. ئۈزۈم، خورما، ئەنجۈر، شېكەر قومۇشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تاتلىق، سۇلۇق مېۋىلەرنىڭ سۈيىدۇر. ئۇلاردىن باشقا ھەسەل، گۈرۈچ ھەم باشقا دانلىق زىرائەتلەردىنمۇ ئېلىنىدۇ. ھەممىدىن ياخشىراقى ئۈزۈم سۈيىدىن ياسالغىنىدۇر.

**ئىشلەش ئۇسۇلى:** سىركە چىقىرىشتا ئۈزۈمنى سىقىپ، سۈزۈپ ياكى سۈزمەستىن تېرىپلىرىنىمۇ قوشۇپ، ساپال ئىدىش ياكى چىنە ئىدىشنىڭ ئىچىنى ياغلاپ، ئاندىن ئۈزۈم سۈيىنى قويۇپ، ھەر 100 كىلوگرام ئۈزۈم سۈيىگە 10 كىلوگرام يېڭى سىركە قويۇپ، ئاغزىنى يېپىپ، ئۈستىنى لاي بىلەن چاپلاپ، ئاپتاپتا ياكى ئىسسىق جايدا قويۇلسا كۈن نۇرىنىڭ ئىسسىقلىقى ئۆتۈپ، ئېچىپ ئاچچىق بولىدۇ. سىركە،

بىر خىل ھاراقتىن ئىبارەتتۇر. ھاراق ئۇزۇن تۇرسا ئۆز-ئۆزىدىن سىركە بولۇپ قالىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى:** ئىچ قاتۇرۇش، قۇرۇتۇش، تاماق سىڭدۈرۈش، ئەزالارغا دورىلارنى تېز يەتكۈزۈش، قويۇق خىلىتلارنى يوقىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىش ئورنى:** بۇنى زەيتۇن يېغى ياكى گۈل يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ئىسسىقتىن، ئاپتاپ ئۆتۈشتىن بولغان باش ئاغرىقىغا، سەپرادىن، ئىسسىق بۇخاراتتىن بولغان ياكى ئىسسىق مۇنچا، ھاممام تەسىرىدىن بولغان باش ئاغرىقلىرىغا چاپسا(يەككە ئۆزىنى چاپسىمۇ بولىدۇ)، باش ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ.

سىركىنى ھەسەل بىلەن بىللە چاپسا، كۆزنىڭ مۇلۇكىدىكى ئۇششاق مۇدۇرلارغا، تېرىگە تاياق تېگىپ قان ئۇيۇپ كۆكەرگەن جايغا پايدا قىلىدۇ. قۇلاققا تېمىتسا، قۇلاقتىكى قۇرتلارنى ئۆلتۈرىدۇ، ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، قۇلاقنىڭ ۋاڭىلدىشىنى يوقىتىدۇ. قۇلاقنىڭ توسالغۇسىنى ئاچىدۇ، گاسقا مەنپەئەت قىلىدۇ، ئاڭلاش قۇۋۋىتىنى ئۆتكۈرلىتىدۇ. تاغ پىيىزىنىڭ قۇرۇقىدىن 30 گرامنى يوپۇرماققا ئوخشاش نىپىزلىتىپ، سىركىدە قاينىتىپ، ياخشى پىشقاندا بىرقانچە كۈن ئاپتاپتا قويۇپ، ئاندىن سۈزۈپ ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئالتە گرامدىن يېسە، ئېغىزنىڭ سېسىقلىقىغا پايدا قىلىدۇ. سىركىنى تۇز بىلەن قوشۇپ ئېغىزنى چايقىسا، چىش چۇشۇپ كەتكەندىن كېيىن قاناشنى توختىتىدۇ. ئاق زەمچە بىلەن قوشۇپ، چىشنى يۇسا، چىشقا جۇلا بېرىپ، ساپ قىلىدۇ. چىش گۆشىنىڭ قانىشىنى توختىتىدۇ. سېرىق چېچەك بىلەن قوشۇپ چىشنى چايقىسا، بوشىغان چىشنى چىڭىتىدۇ. غار-غار قىلسا زىيادە ھۆللۈكنىڭ گالغا، خەنناققا، كىچىك تىلنىڭ ساڭگىلاپ قالغىنىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. زىرە، سەتەر قوشۇپ، ئېغىزنى چايقىسا، بۇ ھەم چىش ئاغرىقىغا، چىش گۆشىنىڭ جاراھىتىگە پايدا قىلىدۇ. ئاز-ئازدىن يېسە گالدا زۇلۇك دېگەن قۇرۇت تۇرۇپ قالغان بولسا، قۇرۇتنى چۈشۈرىدۇ. ئىسسىقتىن بولغان كونا يۆتەل، نەپەسنىڭ سىقىلىشىغا پايدا قىلىدۇ⑲.

### 3. تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تېبابەتچىلىككە دائىر ۋەسىقىلەر پراگمېنتلىرىدىكى ئۈزۈمدىن ئېلىنغان دورا-رېتسېپلار

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تېبابەتچىلىككە دائىر ۋەسىقىلەر پراگمېنتلىرى XIX~XX ئەسىرلەردىكى دۇنياۋى قىزغىنلىقتا كۆتۈرۈلگەن 《غەربىي يۇرت ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقى》 مەزگىلىدە، شىنجاڭغا ئېكسپېدىتسىيە قىلىپ كەلگەن گرونۋېدىل بىلەن لېكوك باشچىلىقىدىكى گېرمانىيىنىڭ 3-قېتىملىق تۇرپان ئارخېئولوگىيە ئەترىتى تۇرپاندىن قولغا چۈشۈرۈپ ئېلىپ كەتكەن⑳. ئۇنىڭ ئەسلىسى ھازىر گېرمانىيىدە ساقلانماقتا.

بۇ ۋەسىقىنى دەسلەپتە گېرمانىيە ئالىملىرى تەتقىق قىلىپ، گېرمانچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئېلان قىلغان. كېيىن، يەنى 1930-يىلى تۈركىيىلىك مەشھۇر ئالىم رەشىت رەھمەتى ئارات ئۇنى گېرمانچىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلىپ ۋە تەتقىق قىلىپ SBAW (بېرلىن پروسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ يىغىنىدا قىلىنغان دوكلاتنىڭ پەلسەپە ۋە تارىخ قىسمى)نىڭ، 451-، 473- بەتلىرىدە ۋە 1932- يىلى SBAW نىڭ 401-، 448-بەتلىرىدە بۇ ھەققتە ئۆز تەتقىقاتىنى ئېلان قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن تەتقىقات نەتىجىسىنى توپلاپ ۋە قايتىدىن يېزىپ، 1932-يىلى (Zur Heilkund Der Uigur En.1.11.1930~1932) دېگەن نام بىلەن نەشر قىلدۇرغان.

1936-يىلى ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى تېببىي فاكۇلتېت تىب تارىخى ۋە دېئونتولوگىيە پروفېسسورى، بۇخارىست، بېرلىن، پارىژ ۋە ئارىسئولوسال تىب تارىخى جەمئىيەتلىرىنىڭ ئەزاسى دوكتور ئا. سۇھەيل ئۈنۋەر، پروفېسسور دوكتور رەشىت رەھمەتى ئارات ئەپەندى گېرمانچىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تېبابەتچىلىككە دائىر بۇ ۋەسىقىنىڭ تۈركچە ۋە گېرمانچىلىرىنى ئۆزىنىڭ تېبپىلىق كۆزقارىشى بويىچە قايتىدىن سېلىشتۇرۇپ، ئۇيغۇر تېبابىتى ھەققىدە

www.uyghurkitap.com



ئۆزىنىڭ مۇلاھىزىسىنى يېزىپ، شۇ يىلى ئىستانبۇل يېڭى تەتقىقات نەشرىياتىدا نەشر قىلدۇرغان. 1980 ـ يىللاردا قەشقەر شەھەرلىك ئۇيغۇر تېبابىتى جەمئىيىتى بۇ ئەسەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، «ئۇيغۇر تېبابىتى چولپانلىرى» دېگەن توپلام بىلەن بىللە نەشر قىلدۇرغان.

1985 ـ يىلى دىڭ خاۋ بىلەن ياڭ فۇشۈلەر بىرلىكتە بۇ ۋەسىقىنى («تۇرپان نۇسخىسىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تۆرلۈك كېسەللىكلەرنى داۋالاش رېتسېپلىرى») دېگەن نام بىلەن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بۇ ۋەسىقە ھەققىدە خەنزۇ يېزىقىدا ئارقا ـ ئارقىدىن نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى㉑.

نەچچە ئەسىر يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ ياتقان بۇ تېبابەتچىلىككە دائىر ۋەسىقىلەر ئەينى ۋاقىتتا ناھايىتى نۇرغۇن بولسىمۇ، ئەمما ئالدى ـ ئارقىسى يوقالغان، بەت سانى يىرتىلىپ توغرا كەلمىگەن ۋە مەزمۇنى بىر ـ بىرىگە باغلاشمىغان بولغاچقا، نىسبەتەن سەل ياخشىراق ساقلىنىپ قالغان ئاز بىر قىسمىغىلا گېرمانىيە ئالىملىرى TID120 دەپ نومۇر سالغان (يەنە نەچچە ئون ۋارىقىغا تېخى نومۇر سېلىنىپ، تەتقىق قىلىنمىغان).

بۇلار ئارانلا 21 بەت بولۇپ، ھەربىر بېتىگە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن 9 ـ 11 قۇردىن خەت يېزىلغان، جەمئىي 102 قۇر خېتى ساقلىنىپ قالغان. بۇ ۋەسىقىدە 108 خىل دورا نامى، ئىچكى كېسەل، تاشقى كېسەل، ئاياللار كېسەلى، باللار كېسىلى ۋە تۆرلۈك جاراھەت كېسەللىكلىرى خاتىرىلىنىپلا قالماي بەلكى 84 رېتسېپمۇ خاتىرىلەنگەن. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزۈمدىن ئېلىنىدىغان دورا ـ رېتسېپلار 15 جايدا خاتىرىلەنگەن. بۇلار تۆۋەندىكىچە㉒:

**قورساق ئاغرىقىغا ئەم (داۋا):** ئىككى سۆڭەك (مىقدار سۆز) ئۆچكە گۆشىنى بىر قاچا مۇسەللەس، بىر قاچا سۇ بىلەن قاينىتىپ، سۇيى سوۋۇغاندىن كېيىن ئىچسە، قورساق ئاغرىقى كېتىدۇ (توختايدۇ) (16 ـ ، 18 ـ قۇرلىرى).

يەنە كەكلىك ئۆتىنى قۇرۇتۇپ، مۇسەللەس ياكى بوزىغا قوشۇپ ئىچىپ بەرسىمۇ، بۇنداق مۇسەللەس ياكى بوزا ئىچسە مەست قىلمايدۇ (كۆرمەس بولۇپ قالغان كۆز) ساقىيىدۇ (52 ـ ، 53 ـ قۇرلىرى).

ھەيزى كۆپ كېلىپ توختىمىغان ئاياللىغا زەپە، قوناق ئۇنى، ئىپارلارنى مۇسەللەسكە قوشۇپ ئىچۈرسە ساقىيىدۇ (67 ـ ، 68 ـ قۇرلىرى).

چىشنى قۇرۇت يېگەندە، ئۈزۈم سىركىسى بىلەن ئېغىزنى چايقاپ بەرسە، ياخشى بولىدۇ (70 ـ ، 71 ـ قۇرلىرى).

**تەرەتتە قان كەلگەنىنىڭ داۋاسى:** ئۈجمە، قۇرۇق ئۈزۈم سۈيىنى ھەر كۈنى سەھەردە ئىچۈرۈپ بەرسە ئوڭشىلىپ كېتىدۇ (83 ـ ، 84 ـ قۇرلىرى).

قايسى ئايال قىردى كىچىرىر (مەنىسى ئېنىق ئەمەس) بولۇپ قالسا، قارلىغاچ گۆشىنى يېسۇن. يەنە زەپە، قوناق ئۇنى، ئىپارلارنى مۇسەللەس بىلەن ئىچسۇن يارىشىدۇ (ساقىيىدۇ) (49 ـ ، 95 ـ قۇرلىرى).

**چىش ئاغرىقىغا داۋا:** قارا كالا تېزىكىنى سىركە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ياكى ياپلاقتىكى تۆگە مايىقى بىلەن قىزىل تۇزنى سوقۇپ مۇسەللەس بىلەن قوشۇپ تاۋىدا ئىسسىتىپ، بۆز خالتىغا سېلىپ كۈنجۈت يېغى بىلەن قوشۇپ ئاغرىغان چىش ئۈستىگە يېقىپ بەرسە، چىش ئاغرىقى توختايدۇ. يەنە سېرىق ئۆرۈك مېغىزىنى سوقۇپ، مۇسەللەس بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ئېغىزنى چايقاپ بەرسىمۇ چىش ئاغرىقى توختايدۇ (97 ـ ، 102 ـ قۇرلىرى).

**يەنە داۋا:** يىلان قاسىرىقىنى كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى مۇسەللەس بىلەن ئىچۈرسە بالا ئاسان چۈشىدۇ (109 ـ 110 ـ قۇرلىرى).

كىمنىكى قورساقتىكى بالىنى چۈشۈرمەكچى بولسا، يېرىم باقىر ئاق كۈجە بىلەن بەش باقىر قارا كۈجىنى سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، شورپا بىلەن ئىچسە، يەنە قۇرۇق بارا (بولو)نى قاينىتىپ سۈيىنى ئىچسە ياكى قورۇلغان كۈنجۈت بىلەن يار تۇزىنى ئىسسىق سۇدا

ئېزىپ ئىچسە بالا ئاسان چۈشۈپ كېتىدۇ. يىلان تېرىسى، تۆت كوچىدىكى توپا، ھەسەل ۋە كالا ئۆتىنى سىركە بىلەن قوشۇپ ئىچسە، قورساقتىكى بالا ئۆلۈپ قالغان بولسا تېز چۈشۈپ كېتىدۇ. يەنە ئىت تۆكى، توشقان تۆكىنى كۆيدۈرۈپ، كۆلىنى پىچاق ئۇچىدىكى توپا بىلەن قوشۇپ، سۇدا ئېزىپ ئىچسە، ئوڭاي تۇغىدۇ (105 ـ، 118 ـ قۇرلىرى).

ئايال كىشىنىڭ كىندىكى ئاغرىسا، كەندىر شېخىنى ئۈچ پارچە قىلىپ كېسىپ، بىر قاچا مۇسەللەس، ئىككى قاچا سۇ بىلەن قاينىتىپ، ئىنەك يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ كىندىكىگە يېقىپ بەرسە ساقىيىدۇ (119 ـ، 121 ـ قۇرلىرى).

قورساقتا ئۆلۈپ قالغان بالىنى چۈشۈرۈش ئۇسۇلى: ئىت سۈتىنى مۇسەللەس بىلەن ئىچىپ بەرسە چۈشۈپ كېتىدۇ (140 ـ، 141 ـ قۇرلىرى).

كىمنىڭ ئۈنى پۈتۈپ قېلىپ، ئاۋازى چىقماي قالسا، بىر سۈڭچە ئۆزۈم شېخىنى دەل ئوتتۇرىدىن يېرىپ ئازراق ئويۇپ، ئوتتۇرىسىنى ئوي قىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە قىداي سىمىقىنى㉓چالا ـ بۆلا سوقۇپ، ئۈچ ـ تۆت چىمدىم قارىمۇچ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سېلىپ، ئاندىن ئۆزۈم شېخىنى جىپسىلاشتۇرۇپ يىپ بىلەن تېڭىپ، ئۇنىڭ سىرتىغا قەغەز يۆگەپ، ئىسسىق كۈلگە كۆمۈپ، يېرىلغان يېرى تۇتاشقاندىن كېيىن قەغەزنى سويۇۋېتىپ، ئوتتۇرا چىش بىلەن چىشلەپ، ئېغىزنى ئاچماستىن شەربىتىنى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم شورىسا ئۈنى ئېچىلىپ كېتىدۇ. بۇ، سىنالغان ئەم (146 ـ، 154 ـ قۇرلىرى).

دەم سىقىلىشقا داۋا: قارا باتۇبىن يۇمغاقتىن㉔ ئىككى باقىرنى ئىككى باقىر پىششىق سىڭىر بىلەن قوشۇپ، ھەر كۈنى سەھەردە مۇسەللەس ياكى بوزا بىلەن ئىچىپ بەرسە، دەم سىقىلىش ساقىيىدۇ (162 ـ، 164 ـ قۇرلىرى).

ئىچ سۈرۈشكە داۋا: ئىت ئۈزۈمىنىڭ قاسىرىقىدىن بىر باقىر، ئاق ئۈجمە دەرىخىنىڭ قوۋزىقىدىن بىر باقىر، ئۈزۈم يىلتىزىدىن بىر باقىر... قاچا سۇغا بىر... سېلىپ... قاچا قالغاندا ئۈچ ... بۇ ... بىرگە سېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، كىمىكى... كەچتە ياتقاندا ئىچىشى كېرەك، بۇ سىنالغان داۋا (190 ـ، 195 ـ قۇرلىرى).

دېمەك، قەدىمدە يۇرتىمىز ئاھالىلىرى ئارىسىدا قوللىنىلغان سانسكرىت يېزىقى، ئودۇن يېزىقى، كارۇشتى يېزىقى، بىراھمى يېزىقى، توخرى يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى قاتارلىق نەچچە خىل قەدىمكى تىل ـ يېزىق چەمبىرىكى ئىچىدە خوتەندىن تارتىپ كۇچار، تۇرپانلارغىچە بولغان كەڭ دائىرە ئىچىدە ئەمەلىي تېبابەتتە پايدىلىنىلغان ئۆزۈمگە دائىر دورا ـ رېتسېپلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھەر خىل كېسەللىكلىرىنى شىپا تاپقۇزۇشتىكى تېبابەتچىلىك ـ داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. تېبابەتچىلىك نەزەرىيىۋى تېبابەتچىلىك ۋە ئەمەلىي تېبابەتچىلىكتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدىغان، 2500 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ ئۆزىگە خاس مۇكەممەل، سىستېمىلىق نەزەرىيىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇشى، يەنى تۆت چوڭ ماددا (ئوت، ھاۋا، سۇ، تۇپراق) نەزەرىيىسى، مىزاج (مۆتىدىل مىزاج ـ ئىسسىق، سوغۇق، ھۆل، قۇرۇق ھەم قۇرۇق ئىسسىق، ھۆل ئىسسىق، ھۆل سوغۇق، قۇرۇق سوغۇق) نەزەرىيىسى، تۆت خىلت (سەپرا، قان، بەلغەم، سەۋدا) نەزەرىيىسى، ئەزالار نەزەرىيىسى، قۇۋۋەت نەزەرىيىسى، داۋالاش قائىدە ـ پرىنسىپلىرى، غىزالىنىشنىڭ كېسەللىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئۆزلۈك ۋە ياسالما دورا نۇسخىلىرى ئىلمىي ھەققىدىكى بىر يۈرۈش تەلىماتى ئەنە شۇ يۇقىرىدىكى دورىلىق ئۇسۇملۈك ئۆزۈمگە دائىر نەچچە ئون خىل دورا ـ رېتسېپلىرى يېزىلىشتىن نەچچە ئەسىر ئىلگىرىكى زامانلاردىن تارتىپ، پەيدىنپەي شەكىللەنگەن ۋە دەۋرمۇ ـ دەۋر مۇكەممەللەشكەن.

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە ئۆزۈمنىڭ دورىلىققا ئىشلىتىلگەنلىكى ھەققىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىشىمىزنىڭ نەتىجىسى ئەنە شۇلاردىن ئىبارەت.

www.uyghurkitap.com



**ئىزاھلار:**

①⑬ ئابلىز مۇھەممەت سايرامى:《ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدىكى تېببىي دورا شاراب ۋە ئۇنىڭ يۇرتىمىزدىكى تارىخى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىشلىرىم》،《ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى》 ژۇرنىلى 2004 ـ يىللىق 4 ـ، 5 ـ، 6 ـ سانلىرى.

② 《جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى. دېھقانچىلىق تومى》، بېيجىڭ ـ شاڭخەي: جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى، 861 ـ بەت.

③ 《شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە مەنزىرىلىرىنىڭ تەزكىرىسى》، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى 255 ـ بەت.

④ شياڭ دا تەرجىمە قىلغان:《ستەيننىڭ غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيىسى خاتىرىسى》.

⑤ جېنتىيەن كاڭداۋ: 《1994~1997 ـ يىللاردا، خارابىلەرنىڭ تارقىلىشىنى تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى》، 《جۇڭگو ـ ياپونىيە بىرلىكتە نىيە خارابىسىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش دوكلاتى》 (2 ـ توم، ماقالىلەر توپلىمى)، 1999 ـ يىلى، 24~26 ـ بەتلەر.

⑥ يۈ جىيۈڭ:《نىيە خارابىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك بايقالمىلار ۋە تەتقىقات》، 《شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى》(خەنزۇچە)، 1998 ـ يىللىق 1 ـ سان.

⑦ سابىت ئەخمەت: 《نىيە قەدىمكى شەھىرى خارابىسىدىكى ئۈزۈملۈك توغرىسىدا》، 《شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى》 (ئۇيغۇرچە)، 1996 ـ يىللىق، 3 ـ، 4 ـ سانلىرى.

⑧ شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى ـ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى: 《شىنجاڭ لوپنۇر ناھىيىسىدىكى يىڭپەن قەبرىستانلىقىنى 1999 ـ يىلىدىكى قېزىش》،《شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى》( خەنزۇچە)، 2001 ـ يىللىق 3 ـ، 4 ـ سانلىرى.

⑨ شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى ـ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى، تۇرپان ۋىلايەتلىك مۇزېي:《پىچان ناھىيىسىدىكى سۇ بېشى قەبرىستانلىقلىرىدىكى 3 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىق》، 《شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى》( خەنزۇچە)، 1994 ـ يىللىق 2 ـ سان.

⑩ ھازىرقى ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

⑪⑭ ئىسراپىل يۈسۈپ: 《ئۈزۈمنىڭ قەدىمكى تۇرپان ئىجتىمائىي ئىگىلىكىدىكى ئورنى》، 《تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى》(ئۇيغۇرچە)، 2002 ـ يىللىق 1 ـ سان.

⑫ ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: 《يۇرتىمىزدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقالغان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دورا ئەشيالىرى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىشلىرىم》، 《شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى》نىڭ 1997 ـ يىللىق 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ سانلىرى ۋە 1998 ـ يىللىق 1 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرىنىڭ ئۈزۈم ھەققىدىكى قىسمىغا قاراڭ.

⑮⑯⑰⑱⑲ 《ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان دورىلار》، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى، 19 ـ، 20 ـ، 344 ـ، 444 ـ، 477 ـ، 478 ـ، 479 ـ بەتلەر.

⑳ 1902 ـ يىلىدىن 1914 ـ يىلغىچە گېرمانىيە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تۆت قېتىم 《تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى》نى تەشكىللىگەن. بىرىنچى قېتىم، گرونۋېدىل(A.Grunwedel) باشچىلىقىدىكى گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى 1902 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1903 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە تۇرپاندا تەكشۈرۈش ـ قېزىش ئېلىپ

بېرىپ، جەمئىي 46 چوڭ ساندۇققا قاچىلانغان 1700 كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. ئىككىنچى قېتىم، لېكوك (A. Von LeCog) بىلەن بارتۇس (Bartus Thoder) باشچىلىقىدىكى گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى 1904-يىلى 9-ئايدىن 1905-يىلى 12-ئايغىچە تۇرپاننى مەركەز قىلىپ، تەكشۈرۈش-قېزىش ئېلىپ بېرىپ، جەمئىي 106 ساندۇق 1300 كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. ئۈچىنچى قېتىم، گرونۋېدىل بىلەن لېكوك باشچىلىقىدىكى گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى 1905-يىلى 12-ئايدىن 1907-يىلى 6-ئايغىچە تۇرپان قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش-قېزىش ئېلىپ بېرىپ، 128 ساندۇق 10 مىڭ كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. تۆتىنچى قېتىم، لېكوك بىلەن بارتۇس قاتارلىقلار 1913-يىلى 11-ئايدىن 1914-يىلى 2-ئايغىچە تۇرپاندىن باشقا قىزىل، قۇمتۇرا، سىمسىم قاتارلىق باي، كۇچار تەۋەسىدىكى مىڭئۆيلەردە قېزىش ئېلىپ بېرىپ، جەمئىي 156 چوڭ ساندۇق 12 مىڭ كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەر خىل تىل-يېزىقلاردا يېزىلغان نەچچە ئون مىڭ پارچە ۋەسىقىلەر ئىچىدە ئەجدادلىرىمىز يازغان تىببىي ئەسەرلەر، رېتسېپلار، دورا-دەرمەكلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئىنسانلارغا مەنپەئەتلىك تەركىبلىرى ھەققىدىكى ۋەسىقىلەرمۇ بارلىقى شۈبھىسىزدۇر. بۇ ھەقتە ئابلىز مۇھەممەت سايرامىنىڭ«چەت ئەل ئارخېئولوگلىرىنىڭ يۇرتىمىزدا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش-قېزىشلىرى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ. بۇ ماقالە ئاپتورنىڭ «ئۇيغۇر مەدەنىيەت-سەنئىتىگە دائىر ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» ناملىق كىتابىنىڭ 306-، 350-بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان.

㉑ چىن زۇڭجېن: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تېبابەتچىلىككە دائىر ۋەسىقىلەرنىڭ تەرجىمىسى»، «جۇڭخۇا تېبابەتچىلىك تارىخى ژۇرنىلى»، 14-جىلد، 1987-يىللىق 4-سان، 235-بەت؛ خۇڭ ۋۇلى: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھەر خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاش قوللانمىسى>نىڭ تېبابەتچىلىك تارىخي قىممىتى»، «جۇڭخۇا تېبابەتچىلىك تارىخى ژۇرنىلى»، 14-جىلد، 1987-يىللىق 4-سان ، 236-، 238-بەت؛ دىڭ خاۋ، ياڭ فۇشۆ:«تۇرپان نۇسخىسىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تۆرلۈك كېسەللىكلەرنى داۋالاش رېتسېپلىرىنى تەرجىمە قىلىپ ئىزاھلاش» ؛ دۇنخۇاڭ تەتقىقات ئاكادېمىيىسى تۈزگەن:«دۇەن ۋېنجېنىڭ دۇنخۇاڭ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش ماقالىلەر توپلىمى»، 72-، 256-بەتلەر، دۇنيا كىتاب نەشرىياتچىلىق شىركىتى، بېيجىڭ شۆبە شىركىتى، 1996-يىلى خەنزۇچە نەشرى.

㉒ بۇنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى ئابدۇقېيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسرائىل يۇسۇپلەر نەشرگە تەييارلىغان«قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» ناملىق كىتابقا ئاساسلاندى.

㉓ قىداي سىمىقى-بىر خىل دورا ئۆسۈملۈكى..

㉔ قارا باتۇبىن يۇمغاقتىن-بىر خىل دورا ئۆسۈملۈكى.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى**

www.uyghurkitap.com



ماقالە نومۇرى:07 ـ 064 ـ 03 (2009) 5878 ـ 1005

# ئۇيغۇرلاردا رەڭ مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن سىمۋوللۇق مەنىلەر توغرىسىدا *

ئابلىمىت مۇھەممەت يىلتىزلىق

(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى، قەشقەر، 844007)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** رەڭ ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر ساھەسى بولۇپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس رەڭ قارىشى بار. ئۇ ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى گۈزەللەشتۈرۈشىدىكى مۇھىم ئامىل. ئۇنىڭغا كۆپلىگەن مەدەنىيەت ئامىللىرى مۇجەسسەملەنگەن. رەڭ مەدەنىيىتى مەلۇم بىر مىللەتنىڭ مىللىي تۇرمۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىكى ئېستېتىك ئاڭ ۋە فولكلور مەدەنىيىتى ھادىسىلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئاق، كۆك (يېشىل)، قىزىل، قارا ۋە سېرىق رەڭلەر ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە بولغان رەڭلەردۇر. ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدىكى ھەر بىر خىل رەڭگە ئورتاق ئېتىقاد قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ مىللەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تۇرمۇش شەكلى، تەبىئەت قارىشى، پسىخىك ئېڭى ۋە ئېستېتىك قاراشلىرى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. بۇ ماقالىدە، فولكلور نۇقتىسىدىن چىقىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ پسىخىكىسىدا ئالاھىدە مەنىگە ئىگە بولغان ئاق، كۆك (يېشىل)، قىزىل ۋە قارا تۆت خىل رەڭ ئۈستىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ

**摘要：**颜色是人类文化的一个重要领域，各民族都有独特的颜色观，它是人类美化世界的重要因素。其中含有许多民俗文化现象。颜色文化重要表现在某一个民族的民族生活土壤中。其中的审美意识和民俗文化现象是不一致的。在维吾尔族的生活中白色、蓝（绿）色、红色、黑色和黄色是具有特殊地位的颜色。维吾尔族人们共同崇尚自己生活中的每一种颜色。因为是与民族的生产生活方式、自然观、心理意识和审美观有着直接的关系。本文化从民俗学视角出发，在维吾尔族心理中具有特殊意义的白色、蓝（绿）色、红色和黑色四种颜色进行初步的论述。

**Abstract:** Color is an important field of human culture; every nation has its own distinctive ideas about color. This is an important factor in people's beautification of the world. Numerous cultural factors are subsumed in it. Color culture is expressed in the national life of a nation. They will differ in their aesthetic consciousnesses and the phenomena of their folklore cultures. In Uyghur culture, white, blue (green), red, black, and yellow have a special place. Uyghurs believe equally in each color in their lives. This is because they are directly related to the nation's mode of production, views of nature, psychic consciousness, and aesthetic opinions. In this article, an initial discussion will be carried out from the point of view of folklore on the special meaning of the four colors white, blue (green), red, and black in the Uyghurs' psyche.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G122 ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئىنسانلارنىڭ رەڭنى پەرق ئېتىشى كۆرۈش سەزگۈسىگە تايىنىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ بىلىشى ۋە تۇرمۇش تەجرىبىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ بىلىشى ۋە شەيئىلەرگە باھا بېرىش ئىقتىدارىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. رەڭ ئىنسانلارنىڭ كۆز ئالدىدا بىر ئاجايىپ ـ غارايىپ دۇنيانى شەكىللەندۇرىدۇ. ئىنسانلار نېمە ئىش قىلىشىدىن قەتئىينەزەر ــــ ئۆي، ماشىنا، كىيىم ـ كېچەك ... تاللا

* بۇ ماقالە 2008 ـ يىلى 6 ـ سېنتەبىر تاپشۇرۇپ ئېلىندى.

ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى: ئابلىمىت مۇھەممەت يىلتىزلىق (1957 ـ يىلى 11 ـ ئايدا مارالبېشىدا تۇغۇلغان)، پروفېسسور، ماگىستىرانتلار يېتەكچىسى، فولېكلور ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

بازارلىرىدىن نەرسە-كېرەك سېتىۋالغاندا، ئۆيلىرىنى بېزىگەندە، سوۋغاتلىق تاللىغاندا ... رەڭدىن ئىبارەت بۇ سىرلىق مەدەنىيەت ھادىسىسى چەمبىرىكىدىن زادىلا چىقىپ كېتەلمەيدۇ، ئىنسانلارنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرى رەڭلەر دۇنياسى دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

## 1. ئاق رەڭ

ئاق رەڭ ئۇيغۇرلارنىڭ پسىخىكىسىدا ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ مەنبەسىنى ئىنسانلارنىڭ كۈن ئېتىقادچىلىقى بىلەن باغلاپ قاراشقا بولىدۇ. ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدە كۆپ خىل تەبىئەت ھادىسىلىرىگە چوقۇنغان، بۇنىڭ ئىچىدە نىسبەتەن قەدىمىيراق بولغىنى كۆك تەڭرى ۋە كۈن تەڭرىسى ئېتىقادچىلىقىدىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنسانلارنىڭ ئەجدادلىرى قەدىمكى چاغلاردا ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە كۈن چىقىشتىن بۇرۇن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ شەرققە قاراپ ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ، داغدۇغىلىق ھالدا كۈننىڭ چىقىشىنى كۈتۈۋالغان. ئۇيغۇرلارمۇ كۈننى مۇقەددەس تەڭرى،- دەپ بىلىپ چوقۇنغان، ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىدە كۈنگە ئېتىقاد قىلىش ئادەتلىرىنى ئىپادىلىگەن، شۇنداق قىلىپ كۈنگە مۇناسىۋەتلىك بىر مۇنچە پەرھىزلەر بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، كۈنگە قاراپ چوڭ-كىچىك تەرەت قىلماسلىق، بىگىز بارمىقى بىلەن كۈننى جۆنىمەسلىك (كۆرسەتمەسلىك)، كۆككە قاراپ تۈكۈرمەسلىك، ... دېگەنلەرگە ئوخشاش. ئۇنىڭدىن باشقا، قەدىمكى چاغلاردا كۈن، ئاي تۇتۇلغان ۋاقىتلاردا كىشىلەر ئۆيلىرىدىن چېلەك، داسقا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقىپ تاراقلىتىپ ئۇرۇپ، يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىراپ، قۇياش، ئايلارنى ئورىۋالغان جىن-ئالۋاستىلارنى قوغلىماقچى بولغان. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىمىزدىمۇ ئەجدادلارنىڭ ئۆزلىرىنى كۈنگە يېقىن تۇتۇش پسىخىكىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە قىزلارنى كۈن، ئايغا ئوخشىتىپ تەسۋىرلەش ئومۇميۈزلۈك ئەھۋال بولۇپ، بۇنىڭ مەنبەسىنىمۇ كۈن ئېتىقادچىلىقى ئىددىيىسىدىن ئىزدەشكە بولىدۇ. ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا كۈن ئېتىقادچىلىقى يەنە ئۆزىنى ئاقلاش، ئۆزىنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كۈننى گۇۋاھلىققا تارتىپ قەسەم قىلىدىغان ئادەتنىڭ بارلىقىمۇ كۆپچىلىككە ئايان. يەنى، باشقىلار تەرىپىدىن خاتا چۈشىنىلگەندە ياكى ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغاندا ”كۈن گۇۋاھ“، ”ئۈستۈمدە كۈن تۇرۇپتۇ“ دەيدۇ.①

يۇقىرىقى بايانلار بىلەن «ئاق رەڭ» نىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن گەپنى يەنىلا كۈندىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. كۈن نۇرى تەركىبىدە يەتتە خىل رەڭنىڭ بارلىقى ھەممىگە ئايان. لېكىن كىشىلەر ئاسان پەرق ئېتەلەيدىغان، ھەمدە نىسبەتەن توغرا ھېس قىلالايدىغان رەڭ بولسا ئۇنىڭدىكى ئاق رەڭلىك نۇردىن ئىبارەت. قۇياش چىقىپ تاڭ يورۇغاندا كىشىلەرنىڭ كۆرۈدىغىنى بىپايان يورۇقلۇق، كېچە پەردىسى چۈشكەندە بولسا كىشىلەرنىڭ كۆرۈدىغىنى سىيادەك قاراڭغۇلۇق. دېمەك، يورۇقلۇق (ئاق رەڭ) بىلەن قاراڭغۇلۇق (قارا رەڭ) نىڭ ئۆزلۈكسىز نۆۋەتلىشىشى ئىنسانلارنىڭ نەزەرىدە روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ، ئاق رەڭ (نۇر) غا ئالاھىدە بىر خىل ھېسسىيات پەيدا بولغان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاق رەڭگە بولغان ئېتىقادى قۇياشقا بولغان ئېتىقادىدىن كەلگەن.

شۇنداق قىلىپ «ئاق رەڭ» (نۇر) ئۇيغۇرلارنىڭ قەلبىدە پاكلىق، ساپلىق، ياخشىلىق، ئاق كۆڭۈللۈك، سەممىيلىك ۋە بەختنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان. بۇنداق سىمۋوللۇق ئادەتلەرنى تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن ئومۇميۈزلۈك ئۇچراتقىلى بولىدۇ. يەنى، بۇ خىل ئۆرپ-ئادەت ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە سىڭىپ كەتكەن. مەسىلەن، بوۋاقلارنىڭ تۇنجى كىيىمىنى ئاق رەختتىن قىلىش، كىيىمنىڭ يەڭ ۋە ئاياغلىرىنى پۈكمەسلىك قاتارلىق ئادەتلەردە ئاق رەڭ پەرزەنتلەرنىڭ كىچىكىدىنلا ئاق كۆڭۈل بولۇش ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن. بوۋاقلارنىڭ تۇنجى كىيىمىنى ئاق رەختتىن قىلىشتا، ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ تۇرمۇش يولىنىڭ كۈندەك نۇرلۇق، ئىستىقبالىنىڭ پارلاق، پەزىلىتىنىڭ كۈندەك ئىللىق، كىشىلەرگە سەممىي، يېقىشلىق مۇئامىلە قىلىدىغان، قائىدە-يوسۇنلۇق، ئەدەپ-ئەخلاقلىق ئادەم بولۇشقا بولغان

ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى مۇجەسسەملەنگەن.

ئۇيغۇرلار ئادەتتە سەپەرگە چىققاندا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرى "ئاق يول بولسۇن" دەپ ئۇزىتىدۇ. بۇ سۆز ئۇزاتقۇچىنىڭ كۆڭلىنى ئەڭ مۇكەممەل ئىپادىلەيدۇ، چۈنكى ئىنسانغا خاتىرجەملىكتىنمۇ ئارتۇق بەخت بولمايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلار ئىلگىرى تۆت تەرەپنى رەڭ بىلەن يەنى، كۈن چىقىشنى ئاق رەڭ بىلەن، كۈن پېتىشنى قىزىل رەڭ بىلەن، كۈن يورۇشنى كۆك (يېشىل) رەڭ بىلەن، شىمالنى قارا رەڭ بىلەن ئىپادىلىگەن②.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاق رەڭگە بولغان مۇنداق ئالاھىدە ھېسسىياتى سەۋەبلىك قەدىمدىلا «قارلىق» ئويۇنى كېلىپ چىققان بولۇپ، ھازىرغىچە ئومۇمىيۈزلۈك ئوينىلىپ كېلىنمەۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئويۇننى ھېلىمۇ ياقتۇرۇپ ئويناپ كېلىشىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردىن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ: بىرىنچى، قار ئاق رەڭدە بولۇپ، ئاسماندىن چۈشكەندىلا پاكىز بولىدۇ. بۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆڭلىنىڭ قاردەك ئاق ھەم غۇبارسىزلىقى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قاراشقا بولىدۇ (ئاقكۆڭۈل، ياخشى ئادەملەر قارا نىيەت يامان ئادەملەردىن ھامان كۆپ بولىدۇ)؛ ئىككىنچى، ئۇيغۇرلاردا " قار يىلنى باياشات قىلىدۇ"، " قار تەڭرىنىڭ ئىنسانلارغا قىلغان ئىلتىپاتى " دېگەن ئەقىدە بار: ئۈچىنچى، ئۇيغۇرلار قار كۆپ ياغسا سالامەتلىكنىڭ كاپالىتى، ـ دەپ قارايدۇ. قار بوشلۇقتا لەيلەپ يۈرگەن مىكرو چاڭ ـ توزانلارنى باستۇرۇپ ھاۋانى پاكىزلايدۇ، بۇنىڭ سالامەتلىككە پايدىسى زور بولىدۇ. يۇقىرىقى بايانلارنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ قارلىق ئويۇننى كەشىپ قىلىشى سەۋەبسىز بولمىغان، ياكى بۇ ئويۇن پەقەت كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈنلا كەشىپ قىلىنغان، ـ دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئالاھىدە بىر خىل " ئاق تىلەش" ③ ئادىتى بار: قېتىق ئۇيىتىدىغان كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىدە كۆنەلگۈ تۈگەپ قالسا، قوشنىلاردىن سورايدۇ، كۆنەلگۈ بەرگۈچى قېتىققا پاكىز بىر تال ياغاچ كۆمۈرى سېلىپ قويىدۇ. چاق ئىگىرىدىغانلارمۇ ئۈچ (پىلتە قىلىنغان پاختا) تۈگەپ قالسا قوشنىلاردىن ئۈچ سورايدۇ، بۇنىڭدىمۇ ئوخشاشلا ئۈچ بەرگۈچى ئۈچقا بىر تال قارا چاچنى ئارىلاشتۇرۇپ ئاندىن بېرىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى نېمە؟ ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن كىشىنىڭ ھەققىگە قارا سانىمايدىغان ئېسىل پەزىلەتكە ئىگە بىر خەلق بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەق ـ ناھەقنىڭ چېگراسىنى ئېنىق ئايرىغان. يەنى، شۇنداق قىلغاندا بىرىنىڭ ھەققى يەنە بىرىگە ئۆتۈپ كەتمەي پاكلىق ساقلىنىدۇ، ئىناقلىققا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، ـ دەپ قارىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاق رەڭگە بولغان ئېتىقادى دەپنە ئادەتلىرىدىمۇ ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، ئاق لاتا بىلەن مېيىتنىڭ ئېڭىكىنى تېڭىش، باشمالتاق پۇتلىرىنى چېتىش؛ قارىلىق بولغۇچى ئاق داكىدىن سەللە يۆگەش، بېلىنى باغلاش، ئاياللار ئاق داكىدىن رومال ئارتىش، بەلۋاغ باغلاش، مېيىتنى ئاق رەختكە ئوراپ يەرلىكىدە قويۇش، جىنازىنىڭ ئۈستىنى ئاق رەخت بىلەن يېپىش، قەبرە بېشىغا ئاق رەختتىن ئۈچبۇرجەك ئەلەم تىكىپ قاداش ... قاتارلىقلار.

ئۇيغۇرلاردىمۇ پۈتكۈل ئىنسانلارغا ئورتاق بولغان "ھەممە مەۋجۇداتلاردا روھ بولىدۇ "، " روھ ئۆلمەيدۇ " دەيدىغان ئېتىقاد قارىشى مەۋجۇت. شۇڭا ئۆلارنىڭ ئېڭىدا بۇ ئالەم سەپىرى بىلەن " ئۇ ئالەم " سەپىرى مەلۇم مەنىدىن ئوخشاشلىققا ئىگە. شۇ سەۋەبتىن، يۇقىرىقىدەك ئۇسۇللار بىلەن جىسمانىي جەھەتتىن قىممىتىنى يوقىتىپ، روھى "ئۇ ئالەمگە سەپەر" قىلغانلارغا قارىتا، ئۆلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇش ئارزۇسى ئاق (نۇر) بىلەن ئىپادىلەنگەن.

### 2. كۆك (يېشىل) رەڭ

ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى، تۇرمۇشى، ساغلاملىقى، بەختى بۇلارنىڭ ھەممىسى يېشىللىققا تايىنىدۇ، ھاياتلىق ۋە ئۆسۈپ ـ يېتىلىش جەريانى يېشىل رەڭ بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. ئەگەر يەر شارىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈپ دەرەخ كېسىۋېتىلسە، ئەڭ ئاخىرقى بىر تال يېپيېشىل ئۆسۈملۈك يۇلۇپ تاشلانسا، ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە سۇ قۇرۇپ كەتسە — بارلىق مەۋجۇداتلارغا ھاياتلىق ئاتا قىلىدىغان يېشىللىق يوق بولسا: ئەگەر ئۇزۇن داۋاملاشقان بىر قىش پەسلىدىن كېيىن سازلىقلار ۋە دالىلار قايتا كۆكەرمىسە ياكى تومۇز ئايلىرىدا ئوتتەك قىزىغان كۈن نۇرى يەر شارىدىكى

ھەممە نەرسىنى رەھىمسىزلىك بىلەن كۆيدۈرىۋەتسە — ھەممىنى ۋەيران قىلسا قانداق بولار؟ بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا يېشىللىق مەۋجۇتلۇقنىڭ ئاساسى. بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن ئۇيغۇرلار يېشىللىقنى ئەزەلدىنلا ھاياتلىقنىڭ بەلگىسى قىلغان ۋە ئۇنى تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىغىچە چوڭقۇر سىڭدۈرگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ يېشىل رەڭگە بولغان ئېتىقادىنى كۈندىلىك تۇرمۇشىدىمۇ ئومۇميۈزلۈك ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرلار ھەر يىلى قىش پەسلىدە ئۆيلىرىدە مايسا ئۆستۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ يېشىللىققا بولغان ئېتىقادىنى ئىپادىلەيدۇ. قومۇل رايونىدا ھەر يىلى قىش پەسلىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان «كۆك مەشرىپى» بۇنىڭ ئەڭ جانلىق مىسالىدۇر. ھەر يىلى قىش پەسلىدىكى دېھقانچىلىقنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدا كىشىلەر باھار يېشىللىقىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن «مەشرەپ» ئۆتكۈزىدۇ. پەتنۇستا ئۆستۈرۈلگەن مايسىنى مەشرەپ ئۆتكۈزگۈچى ئائىلە ساقلايدۇ، مەشرەپ ئاخىرلىشىش ئالدىدا ئۆتكۈزۈپ بېرىش، ئۆتكۈزۈپ ئېلىش مۇراسىمى ئېلىپ بېرىلىپ، مايسا يەنە بىر ئائىلىنىڭ ساقلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. مايسىنى ئۆتكۈزۈپ ئالغان ئائىلە ئۆز ئۆيىدە مايسا شەرىپىگە مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، كۆك مەشرىپى تاكى باھار كېلىپ ئەتراپ كۆكەرگىچە داۋاملىشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي بايرىمى — نورۇزمۇ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ يېشىللىققا بولغان ئالاھىدە ھېسسىياتىنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا يەنە ئەتىياز پەسلىدە "كۆك يېيىش" ئادىتى ساقلانغان. ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ گۈزەللىككە بولغان ھېسسىياتى ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تۇرمۇش تەجرىبىسىگە ئاساسەن ئوسما، خېنە، يىلىم (جىگدە يىلىمى)، ئەترگۈل بەرگىسى، گىلاس، ئەترگۈل شىرنىسى قاتارلىق تەبىئىي پەرداز بۇيۇملىرىنى بايقىغان، ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن قاش، تىرناقلىرىنى بوياپ، چېچىغا سۈركەپ چاچ شەكلىنى مۇقىملاشتۇرغان، ئەترگۈل شىرنىسى، گىلاس قاتارلىقلارنى لەۋ سۈرۈقى ئورنىدا ئىشلىتىپ ئۆز گۈزەللىكىنى ئاشۇرغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا "گۈل" سۆزىنى قوشۇپ ئاتاش ئادىتى ھەممىمىزگە ئايان. گۈلمۇ ئەمەلىيەتتە يېشىللىقنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بۇ ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ خۇددى گۈلدەك چىرايلىق ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنى تەبىئەت بىلەن بىر گەۋدە قىلىپ قارايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ يەردە يەنە ئاتا-ئانىلارنىڭ ئارزۇسىمۇ تەبىئەت بىلەن بىر گەۋدە قىلىنغان ھالدا ئىپادىلەنگەن④.

تۇرمۇشىمىزدا يېشىل رەڭ ئىنسانلارغا ئۈمىد ئاتا قىلغان. ئىنسانلار مەدەنىيىتى گۈزەل ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا تايىنىدۇ، ھالبۇكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ ئاساسى يېشىللىق، يەنى ئەسلىدە بار بولغان ئورمان ۋە يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش، قوغداش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىپ، ياشاش مۇھىتىمىزنى گۈزەللەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلار خېلى بۇرۇنلا شۇنى تونۇپ يەتكەنكى، ئەسلىدە بار بولغان ئورمان ۋە يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداش ئاساسىدا كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش يالغۇز مەۋجۇتلۇقنىڭ ئېھتىياجى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى ئۇ ئىنسانلار مەدەنىيلىكىنىڭ ئىپادىسى. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز كۆكەرتىشكە ئەزەلدىن ئەھمىيەت بىلەن قارىغان. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ئۆي سېلىشتىن ئىلگىرى، ئالدى بىلەن ئۆي سالىدىغان جاينىڭ ئەتراپىنى كۆكەرتىدۇ، بالا تۇغۇلغاندا ئۇنىڭغا ئاتاپ دەرەخ (ئاساسلىقى تېرەك) تىكىپ قويىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ يېشىللىققا بولغان ئىنتىلىشى ھويلا-ئاراملارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى جەھەتتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقانلىكى جايلاردا ھەر بىر ئائىلىدە دېگۈدەك باغ بولىدۇ، ئۆينىڭ ئالدى تال باراڭلىق بولۇپ، ئۇيغۇر ئۆيلىرى بىر تەبىئىي يېشىل چېدىرنىڭ ئۆزىدۇر. بۇ يالغۇز مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈپلا قالماستىن، كىشىلەرنى ياخشى بولغان ئارام ئېلىش سورۇنى بىلەن تەمىن ئەتكەن. ئائىلىلەردە گۈل بېقىش تۇرمۇشنى تېخىمۇ رەڭدار تۈسكە ئىگە قىلغان، شۇڭا ئۇيغۇرلار ئۆيلىرىنىڭ قايسى تەرىپىدىن قاراشتىن قەتئىينەزەر، ھەممىلا جايدىن گۈزەللىك بىلەن تولغان يېشىل مەنزىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا يېشىللىق قارىشى ئالاھىدە مەدەنىيەت مەنىسىگە ئىگە. ئۇيغۇرلار تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى چوڭ ـ كىچىك بوستانلىقلاردا ياشايدۇ، ئويمانلىقنىڭ مەركىزى تەكلىماكان قۇملۇقى، ئۇيغۇرلار ياشىغان جايلارنىڭ تۆت ئەتراپى ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەر ئوتتۇرا ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقىغا جايلاشقان بولۇپ، دېڭىزدىن يىراق بولغاچقا، نەم ھاۋا ئاسانلىقچە بۇ يەرگە كېلەلمەيدۇ، شۇڭا ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ناھايىتى ئاز. كىشىلەر ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشتا تاغلاردىن ئېرىپ چۈشكەن قار ـ مۇز سۈيىگە تايىنىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئۇيغۇرلار قۇرغاق چۆللۈك مۇھىتىغا ماسلىشىشتىن ئىبارەت ئالاھىدە مەدەنىيەت ۋە ئېستېتىك قارىشىنى شەكىللەندۈرگەن. يەنى، بۇ خىل ئالاھىدە تەبىئىي مۇھىت، بۇ يەردە ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ مۇناسىپ ھالدىكى بوستانلىق مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولغان. ئۇيغۇرلارنىڭ يېشىل ئوت ـ چۆپ، گۈل ـ گىياھلارنى قىزغىن سۆيۈشى تەبىئىي ئېستېتىك ئېھتىياج بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇنىڭ ئەمەلىي ئىشلىتىلىش رولىغا ئىگە بولغانلىقىدىندۇر. يەنى، ئولتۇراق ئۆيىنىڭ ئەتراپىنى كۆكەرتىشنىڭ ئەڭ زور رولى شۇكى، قۇم ـ بوراننىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە قىلىشتىن ئىبارەت. ئومۇملاشتۇرغاندا، ئۇيغۇرلار قۇرغاق ئىسسىق، چۆل مۇھىتىدا ياشىغانلىقى ئۈچۈن تەبىئەتتىكى ھەر بىر تال گىياھنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئاسرايدىغان، قوغدايدىغان بولۇپ يېتىشكەن. مۇشۇ يوسۇندا " تەبىئەتتىن ئېلىپ، تەبىئەتكە قايتۇرۇش " تىن ئىبارەت ئىلمىي قائىدىنى يەكۈنلەپ، تىرىشىپ بوستانلىق بەرپا قىلىپ، ھەمدە ئۇنى بىر خىل تۇرمۇش ئادىتى سۈپىتىدە داۋاملاشتۇرۇپ، ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى ئۇلارنىڭ ئاڭ شەكلى، كۈندىلىك پائالىيەتلىرىدە " يېشىل مەدەنىيەت " ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى، مەدەنىيەت تۇرمۇشى، پىسخىك ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئېستېتىك ئېڭى قاتارلىق تەرەپلەرگە ئومۇميۈزلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. يېشىل دەرەخ، رەڭمۇ ـ رەڭ گۈللەر كىشىلەرنىڭ تەبىئەتنى بىلىش، تەبىئەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلەشتىكى قورالى بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ ئۇممىدىگە ئايلانغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەتنى قىزغىن سۆيۈشتەك گۈزەل ئەخلاقى پەزىلىتى نامايان قىلىنغان. ئۇيغۇرلار ئادەتتە نوتا دەرەخلەرگە زىيان يەتكۈزسە " يامان بولىدۇ " دەپ قاراپ، دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلارغا زىيان يەتكۈزۈشتىن ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ساقلىنىدۇ. ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان " يېشىل رەڭ " ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىغا ئايلىنىپ كەتكەن، ھەتتا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىگىچە سىڭىپ " بىرنى كەسسەڭ ئوننى تىك " دېگەنگە ئوخشاش ماقال ـ تەمسىللەر ئىجاد قىلىنغان. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل " يېشىل مەدەنىيەت " قىزغىنلىقىنى ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆز، يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرى، ھويلا ـ ئارام، ئۆيلىرىنى بېزەش، شۇنداقلا ياسىنىش ئادەتلىرىدىنمۇ كۆرگىلى بولىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ يېشىل رەڭ قارىشى ۋە مۇھىت قوغداش ئادەتلىرى ئۇلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش جەريانىدىكى ئالاھىدە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتتا شەكىللەنگەن ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى بولۇپ، ئۇ مەدەنىيلىكنىڭ بەلگىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مىللىي مەدەنىيەت جەۋھىرى؛ ئۇ بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك مۇجەسسەملەنگەن جەۋھىرى.

### 3. قىزىل رەڭ

قىزىل رەڭ بايقالغاندىن باشلاپلا كىشىلەر قەلبىدە ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ۋە بىر مۇنچە سىمۋوللۇق مەنىلەرگە ئىگە بولغان. قىزىل رەڭ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا ياشلىق، جەزبىدارلىق، ساداقەت، مۇھەببەت، ئۈمىدۋارلىق قاتارلىق سۈپەتلەرگە سىمۋول قىلىنغان. قىزىل رەڭنىڭ بۇ خىل سىمۋوللۇق مەنىسى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا نىسبەتەن گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا كۆپ قوللىنىلىدىغان سىمۋوللۇق ۋاسىتىلەر ئىچىدە قىزىل رەڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇھەببەت تەسۋىرلىرى ئەڭ كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

ئاق ئالما قىزارغاندەك،
قىزىل يۈزلىكىم يارىم.
ناۋات بىلەن يۇغۇرغاندەك،
شىرىن سۆزلۈكۈم يارىم.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قىزىل گۈل مۇھەببەت، بەختكە بولغان ئىنتىلىشكە، ئانار ۋە ئانار گۈلى قەلب ئىزھارىغا، مۇرادىغا يەتكەن مۇھەببەتلىك تۇرمۇشقا سىمۋول قىلىنغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، قىزىل رەڭ تۇرمۇشىمىزدا يەنە چەكلەش مەنىسىگىمۇ ئىگە. مەسىلەن، يېڭى توغۇتلۇق ئايال بار ئۆينىڭ ئىشىك بېشىغا قىزىل لاتا ئېسىپ قويۇش ئارقىلىق، بۇ ئۆيدە توغۇتلۇق ئايال بارلىقى، يات ئەرلەرنىڭ خالىغانچە كىرىشىگە بولمايدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن. قىزىل رەڭ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىغا چوڭقۇر سىڭگەن بولۇپ، ئۇلار قىزىل گۈلنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. گۈل تېرىپ، گۈل باققاندىن باشقا ھەر خىل گۈل نۇسخىلىرىنى كىيىم-كېچەكلىرىگە كەشتىلەشنى ياخشى كۆرىدۇ. گۈل نۇسخىلىرى يالغۇز ئاياللارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىگە كەشتىلىنىپلا قالماستىن، ئەرلەرنىڭ كىيىملىرىگىمۇ كەشتىلەنگەن. ئۇيغۇر ئاياللىرى كىيىملىك رەخت تاللىغاندىمۇ رەڭلىرى ئوچۇق، گۈللۈك رەختلەرنى تاللايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ دوپپىسى " چىمەن دوپپا " دەپ ئاتىلىدۇ. قىزلارنىڭ دوپپىسىنىڭ تېگى قىزىل بولۇپ، ئۈستىگە ھەر خىل ئۈنچە-مەرۋايىتلاردىن گۈل كەشتىلىنىدۇ، يىراقتىن قارىغاندا بۇ دوپپا پورەكلەپ ئېچىلغان گۈلگە ئوخشايدۇ. بۇلار كۆرۈنۈشتە بىر خىل گۈلخۇمارلىقتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدىكى رەڭ ئېستېتىكىسىنىڭ نامايان قىلىنىشىدىن ئىبارەت.

**4. قارا رەڭ**

ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا قارا رەڭ كۆپ خىل مەنىگە ئىگە بولغان.

بىرىنچى، " قارا " سۆزىنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىسىگە ئاساسلانغاندا ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا بۈيۈكلۈك، ئۇلۇغلۇققا سىمۋول قىلىنغان. IX ئەسىردە قەشقەرنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ "قارا خانىيلار خانلىقى" دەپ ئاتىلىشى بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، يەنى بۇنىڭ مەنىسى " ئۇلۇغ خانلىق "، "بۈيۈك خانلىق" دېگەن بولىدۇ. ئادەتتىن تاشقىرى قاتتىق سوغۇق، چىللە-زىمىستان، تۇمان، قار، يامغۇر، بوران، قۇيۇن قاتارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ئىپادىلەشتىمۇ " قارا " سۆزى قوللىنىلغان. مەسىلەن، " قارا قىش، قارا يامغۇر، قارا بوران " دېگەندەك. بۇ يەردە " قارا " سۆزى مەلۇم ئىش ياكى ھادىسىنىڭ چېكىگە يەتكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىككىنچى، " قارا " بولغانلىقى ئۈچۈنلا كىشىلەر " ئاق " نىڭ بارلىقىنى بىلگەن. " قارا " بىلەن " ئاق " ئۆزئارا سېلىشتۇرما قىلىنىش ئارقىلىق، كىشىلەر " ئاق " نىڭ نۇرغۇن سىمۋوللۇق مەنىلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان.

ئۈچىنچى، " قارا " سۆزى ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا ئاياللار گۈزەللىكىنىڭ ئۆلچىمى بولۇپ، ئۇيغۇرلاردا ئاياللار گۈزەللىكى ئادەتتە " قارا " ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ. " بۇلاقتەك قارا كۆز، قۇندۇزدەك قارا قاش، قارا سۇمبۇل چاچ " لار ئۇيغۇر خوتۇن-قىزلىرىنىڭ گۈزەللىكىنى ئەڭ روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر يىگىتلىرى " قاپ-قارا قوي كۆزلۈكۈم، جېنىم پىدا بولسۇن ساڭا ..." دەپ ناخشا ئېيتىدۇ.

تۆتىنچى، دۇرۇس، سەممىي، تۈز مىجەزلىك، يامان نىيەتتىن خالىي ئادەملەر " قارا توغرا " دەپ سۈرەتلەنگەن.

بەشىنچى، " قوپال، يىرىك " دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرگەن. مەسىلەن، " قارا ئاشلىق " (بۇغدايدىن باشقا ئاشلىق زىرائەتلىرى) دېگەندەك.

ئالتىنچى، مۇنبەت يەر " قارا تۇپراق " دەپ ئاتالغان. ئەمما بۇ سۆز ئىستېمالدا " ئۇنۇملۇك يەر " دېگەن مەنىدىن باشقا " گۆر، يەرلىك " دېگەن مەنىنىمۇ بېرىدۇ.

يەتتىنچى، قارا ئىش، قارا نوپۇس؛ ياخشى بولمىغان ئىشلار؛ قارا تىزىملىك، قاراڭغۇ بازار (قانۇنسىز سودا)، قارا گورۇھ (قانۇنسىز گورۇھ)، قارا نىيەت، كۆڭلى قارا (يامان ئادەم).

سەككىزىنچى، ھازىردار، مەلۇم ئورۇق-تۇغقىنى ئۆلۈپ كېتىپ قارىلىق بولغان ئادەم، - دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ، تۇرمۇشتا كۆپ تەرەپلىمىلىك رول ئوينىغان.

توققۇزىنچى، مەلۇم نەرسىدىن خالىي ياكى مەھرۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەسىلەن،" قارا تورك " يامانلىقتىن خالىي، بىر نەرسىلەردىن خەۋەرسىز؛ " قارا ساۋات " مەسىلەن، خەت تونىمايدىغان ......

ئونىنچى، دۆت، كاللىسى ئىشلىمەيدىغان (بۇ ئادەتتە تىللىغان سۆز). مەسىلەن، " قارا قورساق ". بۇ سۆز كونكرېت تىل مۇھىتىدا " ساۋاتسىز" دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، " قارا " سۆزىنى پېئىل، سۈپەت، ـ دەپ قارىغاندا، يەنە نۇرغۇن ئوخشىمىغان مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇلارنىڭ رەڭ بىلەن مۇناسىۋەتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، تىلشۇناسلارنىڭ مۇھاكىمىسىگە قالدۇرىمىز.

تورمۇشىمىزدا يەنە سېرىق رەڭمۇ بولۇپ، ئۇمۇ ياخشى ـ يامان ئىككى ياقلىمىلىق سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بولغان.

(1) ئالتۇن. ئۇيغۇرلار سېرىق رەڭنى ئالتۇن رەڭ، ـ دەپ ئاتايدۇ.

(2) ئالتۇن كۆز. بۇغداي، شال قاتارلىق ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ كۆزدە سارغىيىپ پىشقان مەزگىلى؛ توغراق قاتارلىق دەرەخلەرنىڭ كۆزدە ئالتۇن رەڭگە كىرگەن يوپۇرماقلىرى. بۇ ماددا ھالىتىدىكى مىتال ئوقۇمى بولماستىن، ئالتۇن رەڭ ــ سېرىق رەڭ چۈشەنچىسىدىكى ئوقۇمدۇر.

(3) سامان رەڭ. چىرايى ساماندەك سارغايغان. بۇ ئادەتتە كېسەللىك ياكى پىراق (ئىشق) دەردىدىن بولىدۇ.

(4) كىيىم ـ كېچەكلىرىمىزدە ئوچۇق رەڭلەرگە ئەھمىيەت بېرىلسىمۇ، لېكىن سېرىق رەڭلىك رەختتىن كىيىم كىيىش ئانچە ئومۇميۈزلۈك ئەمەس. بۇ بەلكىم ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى بولۇشى مۇمكىن.

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ تورمۇشىدا رەڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىش ـ ھادىسىلەر ناھايىتى مول ھەم مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇ ئالاھىدە خاسلىققا ئىگە بولغان بىر خىل رەڭ مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن، شۇنداقلا ئۇ ياخشى ـ يامان ئىككى ياقلىمىلىققا ئىگە قىلىنىپ، تورمۇشتا كىشىلەر مەسىلىنىڭ قايسى تەرىپىگە دۇچ كەلسە شۇ تەرەپتىن تەتبىقلاپ ئىشلەتكەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تورمۇشى ۋە ئېتىقاد، ئۆرپ ـ ئادىتىدە مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك بولۇپ شەكىللەنگەن.

**ئىزاھلار:**

① بۇنداق ئادەتنى خەلق ئارىسىدىن ھازىرمۇ ئومۇميۈزلۈك ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

② بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەتنى ئىنچىكە كۆزىتىشى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن، يەنى تەبىئەتتىن ئۆگەنگەن. تاڭ سەھەردە كۈننىڭ چىقىشى زېمىننى يورۇتسا، كۈن ئولتۇرىدىغان چاغدا غەرب تەرەپ قىزىل رەڭگە كىرگەن: كۈن جەنۇب تەرەپتىن ئايلىنىدىغان بولغاچقا، ئۆسۈملۈكلەر كۈن نۇرىغا تويۇنۇپ، يېشىل زېمىن ھاسىل بولغان. دېمەك، تەرەپنى رەڭ بىلەن ئايرىشنى ئىنسانلار دەل تەبىئەتنىڭ ئۆزىدىن ئۆگەنگەن.

③ كۆنەلگۈ، ئۈچ (پىلتە قىلىنغان پاختا) تىلەش ئادىتى.

④ ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەكلىرىدىكى گۈل ـ كەشتىلەر، قىزلارنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ ئاتايدىغان "گۈل" لەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنى تەبىئەت بىلەن بىر گەۋدە دەپ قارىغانلىقىنىڭ مەھسۇلى.

## پايدىلانمىلار

[1] «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى»[M]، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى 8 ـ ئاي.

[2] «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئومۇمىي بايان»[M]، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002 ـ يىل 8 ـ ئاي، ئۈرۈمچى.

[3] «ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق»[M]، بېيجىڭ: سودا نەشرىياتى، 2004 ـ يىل 6 ـ ئاي.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى**

ماقالە نومۇرى: 1005_5878 (2009) 03_071_05

# ئۆتۈملۈك تېمىلاردا يېزىلغان ئىجادىي ئەسەرلەر قانداق بولۇشى كېرەك*

مۇھەممەت ئابلىز بۆرەيار

(قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، قەشقەر، 844000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالە ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇن، ئەكس ئەتتۈرگەن تۇرمۇش سەۋىيىسى نۇقتىسىدا مىللەت، خەلق، دۆلەت (رايون) دائىرىسىدىن ھالقىپ، دۇنياغا يۈزلەنگەن، يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن، ئەڭ ئاخىردا پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە تۆھپە بولۇپ قوشۇلالايدىغان، ئۆزىنىڭ ئۆتۈملۈك تېمىلاردا ئىجاد قىلىنغانلىقى بىلەن نادىر سانىلىدىغان ھەقىقىي ئىجادىي ئەسەرلەر ھازىرلاشقا تېگىشلىك مۇھىم ئامىللار ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

**摘要：**本文提出就内容和所反映的生活水平而言超越民族、人民、国家（地区）而面向世界、上升到高度、最终能够为全人类文化宝库做出贡献的、因其用通行题材创作而跻身精品之作的真正的作品应当具备的重要因素。

**Abstract:** This article puts forward, from the standpoint of content and the quality of life reflected, some important factors in the creation of literary works which transcend nation, people, country, and region, which face the world, which are superior in quality, and which finally make contributions to the cultural treasury of all humanity, and with their composition on productive themes, come to be considered great works.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: **I04**　　ماتېرىيال بەلگىسى: **A**

ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئېپىك (نەسرىي ئەسەرلەر)، لىرىك (شېئىرىي ئەسەرلەر) دراماتورگىيە (سەھنە ئەسەرلىرى)، نەسر قاتارلىق ژانىرلىرىنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى بويىچە ئۆتۈملۈك تېمىلاردا ئىجاد قىلىنغان نادىر ئەسەرلەر ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە (قوش ئۈنۈم ياراتقان)؛ ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا دەۋرنىڭ ھەرخىل سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان؛ تولۇقلاش، تەتقىق قىلىش، ئەمەلىي پايدىلىنىش، ساقلىنىش، تۈگىمەس مىراس سۈپىتىدە كېيىنكى ئەۋلادلارغىچە يېتىپ بېرىش؛ مىللەت، خەلق، رايون، دۆلەت چېگرا دائىرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئىلغارلىقى، پارلاق ھاياتىي كۈچى ئارقىلىق پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەس ۋە يۈتمەس مەنىۋى بايلىقى ھېسابلىنىشقا ھەقىقىي ئەرزىيدىغان بەدىئىي ئىجادىيەت مېۋىلىرىدۇر. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئىجادىيەت (كەڭ ھەم تار مەنىدە) پىكىر قىلىش، سۆزلەش، ئەمگەك قىلىش (ئەقلىي ۋە جىسمانىي) قابىلىيىتىگە ئىگە. ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياسىيالايدىغان، ئىشلىتەلەيدىغان ئاشۇ ئالاھىدىلىككە ئاساسەن ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا ھەرقانداق مەخلۇقتىن ئۈستۈن تۇرۇپ، ئۇلار ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيدىغان ھەتتا ئۇلارنى بويسۇندۇرۇپ، ئۆزگەرتىپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەتكە سالالايدىغان خاس پىكىرلىك مەشھۇر كىشىلەر (داڭلىق ئىجادىيەتچىلەر) نىڭ ئىجادىي ئىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەقلىي پائالىيەت؛ بىرەر ژانىر ۋە شەخسكە مەنسۇپ ئەسەرلەر يىغىندىسى؛ پەن-تېخنىكا ساھەسىدە بارلىققا كەلگەن يېڭىلىق، كەشپىيات، تەكشۈرۈش، ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسىدە ۋۇجۇدقا چىققان ئىختىرا؛ جۈملىدىن ئىجادىي مېھنەت مەھسۇلى بولغان ئەدەبىي ئەسەردىن ئىبارەت.

---

* بۇ ماقالە 2009-يىلى 14-ماي تاپشۇرۇپ ئېلىندى.

ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى: مۇھەممەت ئابلىز بۆرەيار (1958-يىلى 8-ئايدا ئاتۇشتا تۇغۇلغان)، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر، نەشرىياتچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ھەقىقىي ئىجادىيەتچى ئۆزى مەنسۇپ بولغان مىللەت ۋە خەلقنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسى يەنى ئۇنى تەشكىل قىلغۇچى بارلىق ئامىللاردىن تەركىب تاپقان: يازغۇچىنىڭ پەقەت ئۆزىگىلا خاس، مۇكەممەللەشكەن، پىشقان پىكىر - ئىدىيىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەقىقىي ئىجادىي ئەسەر ئۆتتۈملۈك تېما مېنىڭچە مۇنداق بىرقانچە تۈرلۈك شەرتلەرنى ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك.

بىرىنچى، مىللىي ئالاھىدىلىك، يەرلىك پۇراق (تۈس) ۋە ئىجادىي خاسلىقتا ئىگە ئۆلمەس تېما بولۇشى كېرەك. يەنى ئىجادىيەتچى (يازغۇچى) ئۆزى تەۋە قوۋم، مىللەت ۋە خەلقنىڭ مىللىي ئۆزلۈك ۋە كىملىكى، ساپ گېن ۋە قېنى، شالغۇتلاشمىغان نەسلى، مىللىي روھ ۋە غۇرۇرى، مىللىي مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيىتى، مىللىي ئار - نومۇسى، ئىلغار مىللىي مەدەنىيىتى (يېمەك - ئىچمەك، كىيىنىش - تارىنىش، تۇرالغۇ - بىناكارلىق، قول - ھۈنەرۋەنچىلىك)، تۇتېم ۋە دىنىي ئېتىقادى، تېررىتورىيىسى، ئانا ۋەتىنى، ئارمىيىسى، ئىقتىسادى، تەبىئىي زېمىن بايلىقى: ئەسىردىن ئەسىرگە داۋاملىشىپ، ئەجدادتىن ئەۋلادقا ئۇلىنىپ تۈگىمەس ئابىدە، يوقالماس مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان، ئەنئەنە ۋە زامانىۋىلىقتا ئىگە مەڭگۈ ئۆزۈلمەس ئۆرپ - ئادەت يەنى شۇ مىللەت ياكى شۇ خەلققە خاس چوڭ - كىچىك تويلار (ئاتا توي، قىرىق توي، خەتمە توي، قىز - يىگىت توي)، ئۆلۈم ئۇزىتىش، ھەرخىل مەرىكە ۋە مەشرەپلەر: ئۇزاق ئەسىرلەر مۇقەددەم شەكىللەنگەن مەدرىسە مائارىپى (دىنىي) نى خېمىرتۇرۇچ قىلىپ بارلىققا كەلگەن، تەرەققىي قىلغان، تاكامۇللاشقان، ئۆز مىللىي تويىنىڭ دىلىنى يورۇتقان، ئەقىل كۆزىنى ئاچقان، تىلىنى راۋانلاشتۇرغان، يۈزىنى يورۇق قىلغان، ئۆز - ئۆزىنى تونۇتقان، مىللىي مەۋجۇدلۇقىنى ئالەمگە جاكارلاتقان يېڭىچە مائارىپ، يېڭىدىن - يېڭى كەشپىياتلارنى يارىتىپ ئۆز - ئۆزىنى، مۇھىت - شارائىتىنى ئۆزگەرتىش يولىغا باشلاپ، دۇنيا مىللەتلىرى ئارا مەۋجۇت ئورۇنغا ئېرىشتۈرگەن پەن - تېخنىكىسى: بىر ھالقا، بىر ھالقىدىن قۇرۇشۇپ، مۇستەھكەم ئۇزۇن زەنجىر شەكىللەندۈرگەن، بۇرمىلانمىغان، ئۆزگەرتىلمىگەن چىن تارىخ: ئاشۇ مىللەت ۋە خەلقنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىپ، ئوزۇقلاندۇرۇپ، ئۇلارغا خۇشاللىق (ئېستېتىك زوق) ئاتا قىلىۋاتقان، ئۇلارنى كۆلكە ئىچىدە ئويلاندۇرۇۋاتقان ئەدەبىيات - سەنئىتى. مەسىلەن: «ئۇيغۇر 12 مۇقامى»، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، «قۇتادغۇ بىلىك»، «ئانا يۇرت»، «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن»، «قۇم باسقان شەھەر» قاتارلىقلار. ئۇزاق تارىخ داۋامىدا ئىشلەتكەن تىل - يېزىقى، بۇ ئارقىلىق قالدۇرۇلغان مەڭگۈ تاشلار، ئاسار - ئەتىقىلىرى، خارابىلاشقان ئەمما ئاسارىتى قالغان قەدىمىي ئىزلار، تاشقا ئايلانغان ئەڭ بۇرۇنقى خانلىقلار ئورنى: گۈزەل تاغ - دەريا، بوستانلىقلار، تۈرلۈك تەبىئەت بايلىقلىرى، چەكسىز كەتكەن يەر - جايلىرى قىسقىسى، ئاشۇ مىللەت ۋە خەلقنى تولۇق بىر گەۋدە سۈپىتىدە شەكىللەندۈرگەن يەتتە ئەزا ھەققىدىكى ساپ مەزمۇنلار ئاپتورنىڭ ئۆزىگىلا خاس، ئۆزىگىلا ئوخشىمىدىغان يېڭى پىكىر - ئىدىيىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىجادىي ئەسەرلەر. يۇقىرىقىدەك مىللىي ئالاھىدىلىكنى يېزىپ، تاۋلاپ، تاللاپ تېپىكلەشتۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە تۆھپە قىلىپ قوشۇش مەقسىتىگە يېتىش لازىم. مەسىلەن، «جۇڭگو، ئۇيغۇر 12 مۇقام»ى ئەسىرنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن - مەدەنىيەت، مائارىپ تەشكىلاتىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ غەيرىي مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزگىنىگە ئوخشاش.

تىل ئىشلىتىش ئۆزئارا سۆزلىشىش، ئالاقە قىلىشتا جانلىق تىل (ئېغىز تىلى) بايلىقىدىن ئەركىن - ئازادە پايدىلىنىش، ئايرىم ھاللاردا يېزىق تىلىدىمۇ (بەدىئىي ئەسەرلەردىكى قەھرىمانلار دىئالوگىدا) دىئالېكت ۋە شېۋە سۆزلۈكىدىن پايدىلىنىش: مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادەت، يەرلىك مەھسۇلاتلار مەسىلەن، خوتەننىڭ ياڭىقى، قەشقەرنىڭ ئانارى، ئاتۇشنىڭ ئەنجۈرى، ئاقسۇنىڭ گۈرۈچى، كورلىنىڭ نەشپۈتى، تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى، قۇمۇلنىڭ قوغۇنى، ئىلىنىڭ ئالمىسى دېگەندەك. ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول سانائەت، ھۈنەر - كەسىپ، تەبىئىي بايلىقلار يەنى سۇ، كۆمۈر، نېفىت، ئالتۇن، تۇز تاغ - دەريا، تەبىئىي گۈزەل جايلىرى، ساياھەت ئورۇنلىرى

مەسىلەن، ئالتايدىكى قاناس تەبىئىي ساياھەت رايونى، قاناس كۆلى، قارامايدىكى ئالتۇن كەرەش ساياھەت ئورنى، ئىلى دەرياسى، سادىر پالۋان غارى، ئاۋرال تېغى، تەلكە داۋىنى، قاش دەرياسى، تەڭرى تېغى، بوغدا كۆلى، باغراش كۆلى، قۇمۇل تاغلىرى، ئاغى بولاق تاغلىرى، مۆلجەرتاغ، توققۇز بولاق، زەرەپشان، يورۇڭقاش، ئاقسۇ دەريالىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان تارىم دەرياسى، قاراقۇرۇم تاغلىرى، پامىر تېغى، قارىكۆل، مۇزتاغ، دارتاغ، كۆيۈك تاغ، تاشقا ئايلانغان ئاتۇش ئادىمى تېپىلغان جاي ئاسار-ئەتىقە، قەدىمىي ئىزلار، ئالتۇنلۇق، ئامانىسا مەقبەرىسى، قەشقەر ھېيتگاھ مەسچىتى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسى، مەھمۇد كاشغەرى قەبرىگاھى، ئاپپاق خوجا مازارلىقى، ئۈچمىرۋان، توققۇز ھوجرا، مورتوم، جايپەچچىم، سۇلتان سۇتۇق بوغراخان قەبرىگاھى، مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق) خاتىرە سارىيى، يەتتە قىزلىرىم مازىرى، باي قىزىل مىڭئۆيلىرى، قىرمىش ئاتام قەبرىستانلىقى، كۇچا مىڭ ئۆي رايونى، تاھىر-زۆھرەت مەقبەرىسى، قۇمۇل ۋاڭ (پادىشاھ) لىرى قەبرىستانلىقى، يالقۇن تاغ بېزەكلىك مىڭ ئۆي، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مۇھەممەتلار جەمەتى قەبرىسى، ئورۇمچى ئۈلانباي، گۇلساي قەبرىستانلىقى، غۇلجا سادىر پالۋان خاتىرە سارىيى قاتارلىق ئورۇنلارنى تونۇشتۇرۇش.

ئىككىنچى، ھەددى-ھېسابسىز بايلىققا تولغان، سىخىي، ئەسلىي گۈزەل چەكسىز تەبىئەت (مەڭگۈ ئۆلمەس ۋە پۈتمەس-تۈگىمەس) بىلەن ئويلاش، سۆزلەش، ئىشلەش ئىقتىدارىغا، كۆپ قاتلاملىق مۇرەككەپلىككە ئىگە قابىل ئادەم تېمىسى يەنى ئادەم تۇغۇلۇپ (ئاپىرىدە بولۇپ)، تىرىشىپ-تىرمىشىپ ياشاپ، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىپ، تەبىئەت بەخشەندە قىلغان نېمەتلەردىن ئوزۇق ئېلىپ، ھۇزۇرلىنىپ ئۇنىڭدىن ھاياتلىق تېپىپ، بايلىق يارىتىپ، ئۇنىڭ كەڭ، باياشات قوينىدا ماكانلىشىپ، تاكامۇللىشىپ كېلىۋاتقانلىقى: سېخىي زېمىننىڭ ھەممىگە قادىرلىقى، ھەممىگە شاھىت-گۇۋاھلىق، ھەممىنى كىچە-كۈندۈز كۆرۈپ، بىلىپ تۇرىدىغانلىقى، بارلىقنى ئادەمنى مەركەز قىلغان جانلىقلارغا ئاتىغانلىقى؛ ئۇنىڭ يەتتە ئىقلىمدىكى ھەممە نەرسىنى ئۆز قوينىدا يېتىشتۈرۈپ، ساقلاپ، ئاسراپ-قوغداپ، ئۆشنىسىگە ئارتىپ ئەتىۋارلاپ ئۆتىدىغانلىقى: ئۆز قوينىدا ئۆسۈپ-يېتىلگەن قايسىبىر مەخلۇق-مەۋجۇدات قانداق قىلمىش-ئەتمىشلەرنى سادىر قىلسىمۇ (ياخشىلىق ياكى يامانلىق)، كەڭ قورساقلىق بىلەن كەچۈرىدىغانلىقى؛ ئۇنىڭ سەۋرچان، چىداملىق، ئادىل ئۆز نۆۋىتىدە تەڭداشسىز قۇدرەت ئىگىسى ئىكەنلىكى، ھەققانىيلىقى، ئەمما ھەرقانداق شارائىتتا جانلىقلارغا بولغان كۆيۈم، مېھىر-شەپقەت، سېخىيلىق، ئۆزىنى ئاتاش: جانلىقلارنى بېقىش بۇرچىدىن ۋاز كەچمەيدىغان پەزىلەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى يېزىش (تەسۋىرلەش) كېرەك. يەنە بىر جەھەتتە، ئادەمنى مەركەز قىلىپ يېزىش تەبىئەتنىڭ مەڭگۈ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى بولغان ئادەملەرنىڭ كۈچ-قۇدرىتى، مۇرەككەپ روھىي دۇنياسى، ئارتۇقچىلىق-ئاجىزلىقى، ئادەملەرنىڭ قابىللىق ۋە ئورتاقلىقنى ھەقىقىي يېزىش كېرەك. مەسىلەن، ئادەملەرنىڭ مىجەزى تۇغما، خاراكتېرىنىڭ ماكان-زامان ۋە ئېھتىياجغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقى، شەخسىيەتچى، مال-دۇنياغا ئامراق، ھوقۇققا ھېرىسمەنلىكى، ئۆمۈرگە-ھاياتقا تويماسلىقى: ئەڭ يېپىق، قىس (ئەتىۋار)، زىيانلىق نەرسىلەرگە ئىنتىلىدىغانلىقى ۋەھاكازا.

پۈتكۈل مەخلۇقلار ئارىسىدا ئەڭ قابىل ۋە ئاقىل ھەم تولىمۇ ئاجىزى، ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ سەت، ئەڭ مېھرىبان ۋە رەھىمسىزى، قارا يۈرەك، ئاچ كۆز (گۆشخور) تويماس، ئەڭ نوچى ۋە بىچارىسى يەنىلا ئادەم ئىكەنلىكى: ئادەم بالىسى خام سۈت ئەمگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ نۇقسانسىز بولمايدىغانلىقى، ئۇلار ۋۇجۇدىدا سەلبىيلىك بىلەن ئىجابىيلىقنىڭ تەڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئەينەن يېزىش لازىم.

ئۈچىنچى، ئىجادكار (ئاپتور) ئۆز دۇنياسىدا يۈز بەرگەن، سادىر بولغان راست ئىشلارنى بەدىئىيلەشتۈرۈپ خاتىرىلەش. يەنى ئاپتورنىڭ تەسەۋۋۇرىدا بەدىئىي دۇنياسىدا ئەڭ كىچىك كەنتتىن، جاھاننىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە ھەرقايسى جايلاردا سادىر بولغان: ھەرخىل نۇقتىدا تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە تامچە سۇدا ئاينىڭ شولىسىنى كۆرسىتەلەيدىغان: ئەرزىگۈدەك، بىرگە زەربە، مىڭغا تەربىيە

بولالايدىغان ھەم تارىخىي، ھەم رېئال قىممەتكە ئىگە ئىشلار؛ كەڭ ئوقۇرمەن ئاۋامنى تەربىيىلەيدىغان ھەقىقىي ئىشلارنى يېزىش. چۈنكى، جاھاندا، يەر شارىدا ئادەمنىڭ سانى قانچە بولسا، ئۇلار تەۋە دۇنيانىڭ سانىمۇ شۇنچە، ئەلۋەتتە. ھەربىر دۇنيا ساناقسىز ئىشلار، ئاجايىپ قىسمەت ۋە رەڭگە تولغان. شۇڭا، ئاشۇنداق رەڭگارەڭ تۇرمۇشنىڭ ئەسلىنى ئەينەن يېزىش، چوقۇم مەسئۇلىيەت ـ مەجبۇرىيەت، بۇرچ تۇيغۇسىدا تۇرۇپ يېزىش؛ ئۆز يازمىلىرىنىڭ چوقۇم راستلىقىغا كېپىل بولۇش، ۋىجدانەن يېزىش ھەم باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگە كۆرسىتىش؛ ئادەملەرگە ئۇلارنىڭ ماھىيىتىنى ئەسلىنى تونۇتۇش، «مەن كىم؟ نېمە ئۈچۈن يارالدىم، بۇ دۇنياغا نېمە ئۈچۈن كەلدىم؟ نېمىلەرنى قىلىپ، قانداق كېتىشىم كېرەك. . . .» دېگەن سەۋىيىگە كۆتۈرۈش؛ ھەربىر كىشىنىڭ «ئۆزۈم دۇنياسى»نى ئۆز قولىغا تاپشۇرۇش، ئۆز ـ ئۆزىنى ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇش، ئاخىرىدا، بۇ دۇنيادىكى ئورۇن، بۇرچ، يېتىدىغان نىشان ـ مەقسەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن يېزىش، ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئەسلى (تۇغۇلما) ھالىتىنى يېزىش، ئۆزئارا ئالداش (يازغۇچى بىلەن ئوقۇرمەن)، ئاۋارە قىلىش، بۆكبۆكۈلەڭ ئويناش، ئاخىرىدا ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمەيدىغان، ئىشەنمەس قىلىپ ئۆتمەي ھەم توغرا، ھەم قىسقا يول مېڭىش، چىنلىقتا بالدۇرلا ئېرىشىپ، مەنىلىك ھايات كەچۈرۈش؛ كېيىنكىلەرنىڭمۇ راستچىل، سەممىي، ئادىل بولۇپ، يېڭىلىق يارىتىپ (ئىجاد قىلىپ)، يارالمىشىغا مۇناسىپ ئادەمدەك ياشىشى ئۈچۈن ئاساس يارىتىش، ئۈلگە (نەمۇنە، ئابىدە) تىكلەش لازىملىقىنى، ئاخىرقى ھېسابتا دۇنيانىڭ راست، ئادەملەر ۋە ئۇلارنىڭ تۇغۇلۇش ـ ئۆلۈشىنىڭ راست، گۈزەل تەبىئەتنىڭ چىن ئىكەنلىكىنى تونۇش ـ تونۇتۇش؛ گۈزەل ئەسلىي تەبىئەتنىڭ (غايىۋى كۈچنىڭ) ھەقىقىي مەۋجۇتلۇق، كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭ تەڭداشسىز ئىكەنلىكى، ئۇنى ئۆزگەرتىشكە ئورۇنسىز ئۇرۇنۇشنىڭ تولىمۇ بىمەنىلىك ئىكەنلىكىنى يېزىش كېرەك.

تۆتىنچى، ماددىي ـ مەنىۋى بايلىق يارىتالايدىغان ئاۋام ـ پۇقرالار ھاياتى ۋە ئۇلارغا باشلامچى ـ باشقۇرغۇچىلار تۇرمۇشىنى ئىپادىلەش، يەنى بىر قوۋم، مىللەت، خەلق، رايون، جۇملىدىن ئىنسانىيەتنى تەشكىل قىلغۇچىلار ئالدى بىلەن ئەڭ تۆۋەن تەبىقىدىكى ھەممىگە يارامىلىق، قابىل، چىداملىق، مىننەتسىز، مېھنەت قىلىدىغان، ئۇن ـ تىنسىز تۆھپە قوشىدىغان، يېڭىلىق يارىتالايدىغان ئىجادكار، شەخسىيەتسىز، پەقەت ئۆزىنى قۇربان قىلىش ئۈچۈنلا يارالغان، تۇغۇلۇشىغا (يارالمىشىغا) مۇناسىپ ئىز قالدۇرۇپ ياشاپ، مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان، ئىشچى ـ دېھقان، ئەسكەر، كان ـ كارخانىچى، ئۇششاق قول ھۈنەرۋەن ـ سانائەتچى، سېتىقچى، تىجارەتچى، مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە، مائارىپ، سەھىيە خادىملىرى، ئىجادىيەتچى (يازغۇچى، شائىر، تەتقىقاتچى)، زىيالىي ئالىملار، ئۇلاردىن تەشكىللەش، باشلاش، سەركەردە بولۇش، يېڭىلىق يارىتىش ئارتۇقچىلىقىغا ئىگە ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشى، ھاياتى، بىر پۈتۈن تەربىيىلىنىش جەريانىنى؛ ئۇلار ياراتقان بايلىق، تىكلىگەن ئابىدە، بىنا قىلغان يېڭى شەيئىلەرنى يېزىش؛ دۇنيانى ياراتقۇچى خەلق، پەقەت خەلقلا ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈش، ئۇلارنى ئەۋلادتىن ئەۋلاد ئاشۇ خىل ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ ياشىشى لازىملىقىنى يېزىش كېرەك.

بەشىنچى، گۈزەل كەلگۈسى، پارلاق ئەتىنىڭ ھەقىقىي ئىگىلىرى، خوجايىنلىرى ئىجادكار بالىلارنى ئۇنىۋېرسال، يارامىلىق، ئىرادىلىك، غۇرۇرلۇق، باتۇر قىلىپ تەربىيىلەش؛ بۇ بۈيۈك، جاپالىق، شەرەپلىك ئۇلۇغ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقىش ئۈچۈن، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باش تارتىپ بولماس مەسئۇلىيەت ـ مەجبۇرىيەتلىرى، ئۇلارنىڭ گۈزەل كەلگۈسى ھەققىدىكى فانتازىيىلىك تۇرمۇشىنى يېزىش كېرەك. يەنى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەرنى ئەقىل ـ ھوشى جايىدا، تىرىشچان، ئىجادچان، ئىرادىلىك، يۈرەكلىك، يارامىلىق تەربىيىلەش، ئۇلارغا ئەقىل ـ پاراسەت يېتىلدۈرۈش سورۇنى تەييارلاش؛ ئۆزلىرى ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا ئۈلگە بولۇش ۋە ئەمەل قىلىشنى ئۆگىنىش ـ ئۆگىتىش؛ يالغۇز يېتەرلىك ماددىي بايلىق بىلەن تەمىنلەپلا قالماي، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىش، ئۇلار بىلەن ھەر ۋاقىت باراۋەر، ئىناق ئۆتۈش، ئۇلار ئەمەلىيەتتە (كەلگۈسى دۇنيا) ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت ـ مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىش تېمىلىرى؛ بالىلارغا

ئۆزلىرىنى تونۇش، چۈشىنىش، پەم-پاراسەت ۋە ئارتۇقچىلىقىنى تونۇتۇش، ھېس قىلدۇرۇش، شۇ ئارقىلىق تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىش بالىلار ئۈچۈن فانتازىيىلىك تۈرمۇش مۇھىتى يارىتىش، گۈزەل ئەتىسى توغرىسىدا ئىشەنچ، ئارزۇ، نىشان، ئىرادە، ئىنتىلىش، تەسەۋۋۇر قىلىش تېمىسىدىكى ئەسەرلەرنى يېزىش: بالىلارنى ئانا تىل، دۆلەت تىلى ۋە دۇنياۋى باشقا تىللارنى بىلىدىغان ھەم ئەنئەنىۋى، ھەم زامانىۋى مەدەنىيلىككە، ساپ مىللىي مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادەت، ئەجداد ئىزىنى تونۇيالايدىغان خاسلىق ۋە ئۇنىۋېرسالىقا ئىگە قىلىپ تەربىيىلەش، ئۇلارنىڭ ئادىمىيلىكىنى ئېتىراپ قىلىش، ئاتا-ئانىلار زوراۋانلىقىغا يول قويماسلىق، چوڭلار بىلەن بالىلار، ئاتا-ئانىلار بىلەن پەرزەنتلەر تەڭ باراۋەر ياشاش، ئۇلارنىڭ بالىلىقىنى ئۆز قولىغا بېرىش، ئۇلارغا ئويناش، ئويۇن جەريانىدا ئويلاش، بالىلارچە خىيال-تەسەۋۋۇر، پىكىر يۈرگۈزۈش شەرت-شارائىتى ھازىرلاش: ئانىلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىدىكى ئورنى، رولى، مەسئۇلىيەت-مەجبۇرىيىتى، بىۋاستە تەسىرى مەسىلەن، ئېمىتىش، ئۇلار ئارا شەرم-ھايا ساقلاش، گەپ-سۆز، ياسىنىش-تارىنىشتا دىققەت قىلىش، ئاتىلار ئوبراز تىكلەش، لەۋزىدە تۇرۇش، شارائىت ھازىرلاش، ئائىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىش، قەيسەر ئىرادە تۇرغۇزۇش، ناچار، يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىش. ئاتا-ئانىلار پەرزەنت ئالدىدا ھەرقانداق ئىشتا ئۈلگە بولۇش، نەمۇنە كۆرسىتىش قاتارلىق تېمىلارنى يېزىش.

ئالتىنچى، مىللەت (قوۋم)، خەلق، رايون، دۆلەت دائىرىسىدىن (چېگرىسىدىن) ھالقىغان، ئۇششاق ئىشلار، كىچىك مەزمۇنلاردىن ھالقىپ دۇنياۋى يۈكسەكلىككە يۈزلەنگەن كاتتا تېمىلار، يەنى پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان مەزمۇنلارنى يېزىش. مەسىلەن، بۇلغانمىغان (ساپ) مۇھىت قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش، ھەرقانداق ماددىي نەرسىنىڭ ئەسلىي (يېشىل) ھالىتىنى ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلىش، ئېكولوگىيە تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشقا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇش، ھاياتقا تەھدىت سېلىۋاتقان تۈرلۈك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تاقابىل تۇرۇش، ئىناق-ئىتتىپاق ياشاش، چوڭ-كىچىك، ئاجىز-كۈچلۈك، باي-كەمبەغەل، ئەزىز-خار دەپ ئايرىماسلىق. ئەركىن-ئازادە باياشات ياشاش، شۇنداقلا ئۇزاق ئەسىرلىك ئەنئەنە، ئىلغارلىق (زامانىۋىلىق)، ھەرقايسى مىللەت كىشىلىرى، جۈملىدىن ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان ئارتۇقچىلىقلارنى گەۋدىلەندۈرۈش، ھەممە مىللەت ۋە خەلق بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك قول تۇتۇشۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئورتاق غايە ئۈچۈن تىرىشىش، يەر شارىنى بىر گەۋدىگە، بىر پۈتۈن زېمىنغا ئايلاندۇرۇش تېمىلىرىدا يېزىش كېرەك.

**پايدىلانمىلار**


[1] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۈزگەن: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (1-، 2-، 3-توم) [M]، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-1984-يىلى نەشرى.

[2] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۈزگەن: «قۇتادغۇ بىلىك» [M]، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006-يىلى نەشرى.

[3] زوردۇن سابىر: «ئانا يۇرت» (ئۈچ توم) [M]، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2000-يىلى نەشرى.

[4] ئا. ئۆتكۈر: «ئىز» [M]، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985-يىلى نەشرى.

[5] ئا. ئۆتكۈر: «ئويغانغان زېمىن» (ئىككى توم) [M]، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988-يىلى نەشرى.

[6] مەمتىمىن ھوشۇر: «قۇم باسقان شەھەر» [M]، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2003-يىلى 2-نەشرى.

[7] يالقۇن روزى: «تەكلىماكاندىكى ئالتۇن كولدۇرما» [M]، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999-يىلى نەشرى.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

30 ـ يىللىق 3 ـ سان　　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　　第 30 卷第 3 期
2009 ـ يىلى سېنتەبىر　　新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)　　2009年 9月

ماقالە نومۇرى: 12 ـ 076 ـ 03 (2009) 5878 ـ 1005

# يېڭى دەۋر ئۇيغۇر پروزىلىرىدىكى ئەپسانىۋىي تۈس توغرىسىدا *

**باتۇر مەخسۇت**

(ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، غۇلجا، 835000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ماقالىدە ھازىرقى زامان ئەپسانىشۇناسلىق ئىلمىگە ئائىت نەزەرىيە ۋە سېھرىي رېئالىزم بىلەن پسىخىك رېئالىزمغا ئوخشاش ھەرخىل تەتقىقات ئۇسۇللىرى قوللىنىلىپ، ھازىرقى زامان ئالاھىدىلىكى دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى ئورنى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى قىسقىچە شەرھلىنىدۇ، ھەمدە يېڭى دەۋر ئۇيغۇر پروزىلىرىدىكى ئەپسانىۋىي تۈس: سىمۋول — خىيال، چۈش شەكلىدىكى ئەپسانىۋىي تۈس، چۆچەك — مەسەل شەكلىدىكى ئەپسانىۋىي تۈس، تارىخ — رىۋايەت شەكلىدىكى ئەپسانىۋىي تۈس قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىلىپ، ئوخشاش بولمىغان نۇقتا ۋە قاتلاملاردىن بىرقەدەر ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر پروزىلىرىدىكى ئەپسانىۋىي تۈسنى كونكرېت تۈرلەرگە ئايرىپ تەتقىق قىلىشنىڭ يېڭىچە تەسەۋۋۇرى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ.

**摘要：**本文采用现代神话学理论以及类似魔幻现实主义和心理现实主义的各种研究方法，简要阐明现代神话在世界文学中的地位和特点，对新时期维吾尔散文中的神话色彩：象征-梦幻形式中的神话色彩、故事-寓言形式中的神话色彩、历史-传说形式中的神话色彩等进行分类，从不同的角度和层面做了比较全面的论述，指出了对新时期维吾尔散文中的神话色彩采用具体分类研究的新的描写途径。

**Abstract:** In this article, a brief explanation will be made, using all kinds of research methods, of existing theory regarding the study of myths and of magic realism and psychic realism, and of the place and characteristics of modern myths in world literature; in addition, the myth-like character of some recent Uyghur prose will be split into types-- symbol-fantasy, or dream-like mythical character, story-fable mythical character, historical-legendary mythical character, and more-- and will be thoroughly discussed from a variety of different points and levels. With this, the new imaginary role of splitting recent Uyghur prose's myth-like character into concrete types and carrying our research on it will be shown.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I206　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

مەزكۇر ماقالىمىزدە ئەپسانە ئاتالغۇسى ئۈستىدە كۆپ سۆزلەپ ئولتۇرمىساقمۇ، بۇ ھەقتە ئىلگىرى ئوخشاش بولمىغان نۇقتا، قاتلام ۋە ئوخشاش بولمىغان دائىرىدىن نۇرغۇن مۇلاھىزىلەر ئېلىپ بېرىلغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم، دېمەك بۇ ھال مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا ئەپسانىنىڭ مول قاتلامغا ۋە زور سىغىمچانلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ قانداقتۇر مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان قېتىپ قالغان نام بولماستىن، بەلكى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان ھاياتى كۈچكە ئىگە زامانىۋى نام ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بەردى.

بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئەپسانە دۇنيانى بىلىشنىڭ رېئال ۋاستىسى ئەمەس، بەلكى بىلىشنى ئىپادىلەيدىغان ئېستېتىك ۋاستە بولۇپ قالدى. چۈنكى ئۇ ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ قەدىمكى قائىدىسى، غايىۋى تەسەۋۋۇر ۋە رېئاللىقتىن ھالقىغان بەدىئىي تەپەككۇر

* بۇ ماقالە 2009 ـ يىلى 24 ـ فېۋرال تاپشۇرۇپ ئېلىندى.

ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى: باتۇر مەخسۇت (1957 ـ يىلى 12 ـ ئايدا قومۇلدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

شەكلى ھەمدە بىمەنىلەشتۈرۈش، ئىستىئارە، سىمۋول، ئىشارە شەكلىدىكى ئىپادىلەش ئەندىزىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىلگىرىكىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇلدى. ئەپسانىۋى تەسەۋۋۇر، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا يۈكسەك ئىجادچانلىقتا ۋە غەيرىي رېئاللىقتا ئىگە بىرخىل تەپەككۇر ئۇسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ياۋايىلىق دەۋرىنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا، ئادەمنىڭ بۇ خىل ئالىي دەرىجىلىك خۇسۇسىيەتلىرى خېلىلا مۇكەممەللىشىپ تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، ماھىيەتتە بىز پەقەت ئىپتىدائىي ئىنسانلار تەسەۋۋۇرىنىڭ مۇھىم ئاساسى بولغان تەبىئەت بىلەن جەمئىيەت كۆز قارىشىدىن، شۇنىڭدەك ئوبيېكتىپ تەسىرات بىلەن سۇبيېكتىپ تەسىراتنى ئايرىلاشتۇرۇۋېتىدىغان، خىيالنى ھەقىقىي چىنلىق دەپ قارايدىغان ئىپتىدائىي پىسخىك قۇرۇلمىدىنلا قۇتۇلالىدۇق، خالاس. ۋەھالەنكى خىيالنىڭ پىسخولوگىيىلىك ئىقتىدارى بولسا، ئىرسىيەت ھەم تەدرىجىي تەرەققىيات يولى بىلەن بۈگۈنكى زامان كىشىلىرىنىڭ روھىي پائالىيىتىدە يەنىلا ئومۇمىيۈزلۈك تىنىدۇرما ھالەتتە ساقلىنىپ كەلمەكتە، بولۇپمۇ سەنئەت پائالىيىتىدە تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلەنمەكتە. دېمەك ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقان زامانىۋى ئاڭنىڭ تەسىر كۆرسىتىشىگە ئەگىشىپ، يېڭى ئەپسانىلەر ھەمدە ئەپسانىۋى ئېپىزوتلار داۋاملىق ئىجاد قىلىنىپ تۇرىدۇ. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، قەدىمكى زامان ئەپسانىلىرى بىلەن ھازىرقى زامان ئەپسانىلىرىنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى، ھەرگىزمۇ تەسەۋۋۇر ئەندىزىسىدە بولماستىن، بەلكى ئەپسانىغا بولغان چۈشەنچىدىدۇر. ئىپتىدائىي ئادەملەر ئەپسانىنى ھەددىدىن زىيادە مۇبالىغىلاشتۇرۇپ، ئۇنى ئالەمنىڭ ھەقىقىي ئىپادىسى دەپ ھېسابلىغان بولسا، ئەقلىي قابىلىيىتى بىلەن لوگىكىلىق تەپەككۇرى بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان ھازىرقى زامان كىشىلىرى، ئەپسانىلەرنى رېئاللىقتا يۈز بەرمىگەن خىيال دەپ چۈشەندى. يەنە كېلىپ، قەدىمكى ئەپسانىلەر مەلۇم ئىجتىمائىي توپ ياكى نامسىز

شەخسلەر تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان بولسا، ھازىرقى زامان ئەپسانىلىرى، غايىۋى تەسەۋۋۇر مۇھىم بەدىئىي ۋاسىتە قىلىنغان ۋە ئاڭلىق قوللىنىلغان ھەمدە ئىندىۋىدۇاللاشقان يازغۇچىلار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىدىغان بەدىئىي مەھسۇلاتقا ئايلاندى.

دېمەك بىر-بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بۇنداق تەسەۋۋۇر ئەندىزىسى، ئۇنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىكى ئۆزىگە خاس قائىدە ۋە ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن. ئىنسانلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتكە قەدەم قويۇشتىن بۇرۇنلا، ئەپسانە ئارقىلىق ئىدىيىۋى مەزمۇننى ۋە بەزى ھېسسىي شەكىللەر بىلەن ماھىيەتلىك ھادىسىلەرنى ئىپادىلەپ بېرىش بىلەن بىرگە، يەنە دىنىي مۇراسىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم ئەپسانىلەر ئارقىلىقمۇ، كىشىلەرگە دۇنيانىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئىنسانلارنىڭ تەقدىرى ھەققىدىكى بىر قاتار مەسىلىلەرنىمۇ ئوبرازلاشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈپ بەرگەنىدى. بۇنداق بىلىم تارقىتىشنىڭ ئۆزى بىرخىل پەلسەپەۋى دۇنيا قاراش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ يەنە ھېس قىلغىلى بولىدىغان بىۋاسىتە تۇيغۇنى، فانتازىيىلىك تەسۋىر بىلەن خىيالى سېزىمگە ئىگە مەنىۋى سۈرەتنى نامايان قىلدى. "ئىپتىدائىي سەنئەت"نىڭ ئېستېتىك رولىمۇ، توتېم ۋە قويۇق سېھرىي تۈسكە ئىگە ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىن بۆلىنىپ چىقىپ، ھەقىقىي مەنىدىكى ساپ سەنئەتكە، يەنى ئەپسانىۋى تۈسكە ئىنتايىن باي بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا ئايلاندى. بۇ مۇنداق ئىككى خىل مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بىر تەرەپتىن، كونكرېت شەكىلگە ئىگە بىمەنە دۇنيانى ئىپادىلىسە، يەنى تەبىئەتتىن ھالقىغان خىيالىي سۈرەتنى، مىفولوگىك ئوبرازلارنى ۋە ئاجايىپ-غارايىپ، غەيرى ئەقلىي ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئابستراكت ئاڭنى ئىپادىلىدى، يەنى دۇنياغا ۋە ئىنسانلارغا بولغان قاراشلىرىنى پەلسەپىۋى يۈكسەكلىك نۇقتىسىدىن ئىپادىلىدى.

دېمەك، ئەپسانە — دۇنيانى بىلىش ۋە كىشىلىك

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھاياتنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى بىرخىل غەيرىي رېئالىزملىق تەسەۋۋۇر ھەم ئىپادىلەش شەكلى بولۇپ، ئۇ ئەنئەنىۋى رېئالىزم بىلەن تەڭ دەرىجىدە بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ تۇرىدىغان ئالاھىدە سەنئەت شەكلى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ بۈگۈنكى زامان دۇنيا ئەدەبىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا ئىگە، چۈنكى غەرب مودېرنىزىم ئەدەبىيات ئېقىمىغا تەۋە بولغان سىمۋولىزم، بىمەنىچىلىك، ئىپادىچىلىك، سۈر رېئالىزم، قارا يۇمۇر قاتارلىق كۆپلىگەن ئېقىملارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك، ئەپسانىۋى ئاڭ ۋە ئەپسانىۋى خاھىشنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىپادىلەنگەنلىكىمۇ، ئۇنىڭ دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم ئورنىنى روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ تۇرىدۇ.

دېمەكچى، ئەنگلىيەلىك يازغۇچىلاردىن ئەيلىئود (Thomas stearns Eliod)، لاۋرېنس ( David Herbert lawerence)، گولدىن (Golding Wiliam)، كانرايىد (JosephCanrad)، لاتىن ئامرىكا يازغۇچىسى كافكا (Franz kafka)، ئىرلاندىيىلىك جامىس · جويىس (James Joyce) قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ مىفولوگىك بېشارەت ۋە روھىي ھالەتلىرىنى قايتا ياراتقۇچى ياكى بېشارەت ئارقىلىق زامانىۋى باش تېمىنى ئىپادىلەپ بەرگۈچى، بۈگۈنكى زاماننىڭ ئەپسانە ۋە مەسەل توقۇغۇچىلىرى دەپ تەرىپلىنىپ كەلگەنلىكىمۇ ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ سېھرىي رېئالىزمى بىلەن پىسخىك بىۋاسىتە ئەپسانىلەر بىلەن بولغان باغلىنىشىمۇ ئىنتايىن بىۋاسىتە ھەم قويۇق بولدى. چۈنكى، بۇنىڭدا قەدىمكى ئەپسانە، رىۋايەت ۋە پىرىخونلارنىڭ سېھرىي ـ جادۇلىرى، ھەم بايان قىلىش ئوبيېكتى ھەم ئىجادىيەت ۋاستىسى قىلىنغان بولۇپ، مەزمۇن، شەكىل، ئەپسانىۋى مۇھىت قاتارلىقلار بىرىكىپ بىرخىل گارمونىيىلىك پۈتۈنلۈكنى ھاسىل قىلغان. 18 ـ ئەسىردىكى ئويغىنىش ھەرىكىتى بىلەن 19 ـ ئەسىردىكى تەنقىدىي رېئالىزم، ئەپسانىنى پەن بىلەن چىنلىقتا قارشى نەرسە دەپ قاراپ، چەتكە قېقىش ھەم كەمسىتىش پوزىتسىيىسىدە بولغانىدى. 20 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، ئەپسانە قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، تېز تەرەققىي قىلىپ جاھان ئەدەبىياتى مۇنبىرىگە چىقتى ھەمدە ھازىرقىدەك دۇنياۋى خاراكتېرگە ئىگە مۇھىم ئەدەبىيات ھادىسىسىگە ئايلاندى. دېمەك بۇنداق قويۇق ئەپسانىۋى تۈس، بۈگۈنكى يېڭى دەۋر ئۇيغۇر پروزىچىلىقىمىزنىڭمۇ ئالاھىدە بىرخىل خۇسۇسىيىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن تېز گۈللىنىپ، كۆپ تەرەپلىمىلىك تەرەققىي قىلىشى، بىزنىڭ ئۇنى تۈرلەرگە ئايرىپ تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشىمىزغا پۇختا ئاساس سېلىپ بەردى.

يېڭى دەۋرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، كۆپ سانلىق يازغۇچىلىرىمىز قېلىپلىشىپ قالغان ئەنئەنىۋى تەتقىقات ئۇسۇللىرى بىلەن چەكلىنىپ قالمىدى. ئەمدىلىكتە ئۇلار ئىزدىنىش ۋە سىناق قىلىش روھى بىلەن ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرىنى ھەم تۇغما يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى چوڭقۇر قېزىپ، كۆپ قاتلام ۋە كۆپ خىل يوللار بىلەن ئالەمنىڭ سىرلىرىنى ئېچىشقا ھەم ئىپادىلەشكە باشلىدى. ئۇلار ئۆز ئىجادىيەتلىرىدە رېئال توقۇلما ۋە غەيرىي رېئال تەسەۋۋۇردىن ئىبارەت ئىككى خىل بەدىئىي ۋاسىتىنى ئاڭلىق ھەم ئۈنۈملۈك قوللاندى. ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئۇلار بىر تەرەپتىن تۇرمۇش چىنلىقىغا باي تارىخى ئەسەرلەرنى يازسا، يەنە بىر تەرەپتىن بىمەنىلىك تۈسى بىرقەدەر قويۇق بولغان ئابستراكت ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى، يەنى ئۇلار ئېسىل ئەنئەنىۋى ئىجادىيەت مىراسلىرىمىزغا ۋارىسلىق قىلىش ھەم چەتئەلنىڭ ھەرخىل ئىجادىيەت مېتودىنى قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ئاجايىپ ئەدەبىي ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. جۈملىدىن ئەڭ دەسلەپ ”ئىزلەنمە ھېكايە“ ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان بىر قىسىم ياش يازغۇچىلار ھەمدە مەمتىمىن ھوشۇر، مۇھەممەت باغراش، توختى ئايۇپقا ئوخشاش كۆپلىگەن ئىقتىدارلىق يازغۇچىلىرىمىز، خەلقىمىزنىڭ يىراق زاماندىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىنى ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي

بالاغىتى ئۈچۈن خېمىرتۇرۇچ قىلىپ، بۈگۈنكى زامان دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى نوپۇزلۇق ئىجادىيەت ئېقىمى بولغان سېھرىي رېئالىزم بىلەن پىسخىك رېئالىزم ئۇسۇلىدا يېزىلغان ئەسەرلەردىن ھەم ئاڭ ئېقىمىغا تەۋە نادىر ئەسەرلەردىن ئىلھاملىنىپ، ئەسەرلىرىدە قويۇق ئەپسانىۋى مۇھىت بەرپا قىلىپ، كۈچلۈك مىللىي مەسئۇلىيەت ۋە ئىپتىخارغا تولغان تېتىملىق ئەسەرلىرى بىلەن خەلقىمىزنى ئالاھىدە تارتۇقلىدى.

شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، يازغۇچىنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىدىكى رېئاللىق بىلەن خىيالنىڭ چېگراسى تامامەن بۇزۇلۇپ تاشلىنىپ، ھايات كارتىنىلىرى بىلەن تۇرمۇش ھادىسىلىرى، تەبىئەتتىن ھالقىغان مەنىۋى ئوبراز ۋاستىسى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن چاغدىلا، ئۇلارنىڭ ئەسىرىدىكى دۇنيا ئاندىن ھەقىقىي ئەپسانىۋى تۈسكە ئىگە بولغان بولىدۇ. نۆۋەتتە ئىجاد قىلىنىۋاتقان بۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنىڭ شەكلى ھەرخىل بولۇپ، بەزىلىرىدە ئوبيېكتىپ رېئاللىققا ئىگە قىسمەن ئەپسانىۋى تەپسىلاتلار ئىپادىلەنگەن بولسا، يەنە بەزىلىرى بىر-بىرىگە زىچ باغلىنىپ كەتكەن ئۆزلۈكسىزلىككە ئىگە مۇرەككەپ ئەپسانىۋى سىستېمىنى شەكىللەندۈردى. بەزىلىرىدە قەدىمكى ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەردىن پايدىلىنىپ قويۇق ئەپسانىۋى كەيپىيات يارىتىلغان بولسا، يەنە بەزىلىرىدە زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلەن مەنىۋى ئوبراز ۋە ئىماگلار ئاساس قىلىنىپ، فانتازىيىلىك خىياللار ئەكس ئەتتۈرۈلدى. بەزىلىرىدە كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىدا تىنىدۇرما بولۇپ كېلىۋاتقان ئەپسانىۋى پىسخىك ئاڭ، ھەرخىل بەدىئىي شەكىل ۋە ئۇسۇللار ئارقىلىق قايتا نامايان قىلىنغان بولسا، يەنە بەزىلىرىدە سۇبيېكتىپ غايە، ئېتىقاد قاتارلىقلار تاشقى دۇنياغا سىڭدۈرۈلدى. دېمەك ئۇلار دەرىجىدىن تاشقىرى ئاجايىپ باي تەسەۋۋۇرنى تىرەك قىلىپ، ئوبيېكتىپ رېئاللىقتا يۈز بەرگەن ۋەقەلىك مەنتىقىسى بىلەن خاراكتېر مەنتىقىسىنى ئەنئەنىۋى ئەسەرلەردەك يەنە قايتا تەكرارلاپ ئولتۇرماستىن، بەلكى بەدىئىي تىنىدۇرمىلاردىن ھاسىل بولغان خىيالنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە، ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ھەمدە كۆرۈلۈشىمۇ مۇمكىن بولمىغان ئاجايىپ بىر خىل بېشارەتلىك سېھرىي دۇنيانى ياراتتى. دېمەك بۇنداق يوسۇندا ئىپادىلەش، ھەرگىزمۇ ئوبيېكتىپ دۇنيادىن چەتنىگەنلىك بولماستىن بەلكى رېئال تەجرىبىلەرنى پەقەت ئەپسانىۋى شەكىل ئارقىلىق قۇراشتۇرۇپ، قايتا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىك بولىدۇ، خالاس. شۇڭا بىز تۆۋەندە، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر پروزىلىرىدىكى ئەپسانىۋى تۈسنى، ئۇنىڭ قوبۇل قىلىش ھەم بەدىئىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، ئومۇمىي جەھەتتىن: سىمۋول — خىيال، چۈش شەكلىدىكى ئەپسانىۋى تۈس، چۆچەك — مەسەل شەكلىدىكى ئەپسانىۋى تۈس، تارىخ — رىۋايەت شەكلىدىكى ئەپسانىۋى تۈس دېگەندەك ئوخشاش تۈرلەرگە ئايرىپ قىسقىچە مۇلاھىزە قىلىپ ئۆتىمىز:

### 1. سىمۋول — خىيال، چۈش شەكلىدىكى ئەپسانىۋى تۈس

يېڭى دەۋردە ئىجاد قىلىنغان پروزىلاردا سىمۋول ئۇسۇل بىر قەدەر كەڭ قوللىنىلدى. بولۇپمۇ ئەسەرنىڭ باش تېمىسىنى نۇقتىلىق سىمۋول ئارقىلىق ئىپادىلەش ھەم گەۋدىلەندۈرۈش ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىدى. چۈنكى يازغۇچىلىرىمىز ئەسەرلىرىدە، ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى، كەيپىياتىنى، ئوي-خىياللىرىنى، چۈش ۋە ئەسلىمە-خاتىرىلىرىنى، سىمۋوللۇق ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ ياردىمىدە سىمۋوللۇق ئوبرازلار ۋە ئۇلارنىڭ ماس ماددىلىرى ئارقىلىق يوشۇرۇن ئىپادىلەپ بەرگەچكە، بۇ خىل ئەسەرلەردىكى سىمۋوللۇق ئوبرازلار مەلۇم بىرخىل تەسىرات، بىۋاسىتە سېزىم، خىيالىي تۇيغۇ، ئىپادىلەپ بېرىش قىيىن بولغان كەيپىيات-ھېسسىياتلارنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، قويۇق ئەپسانىۋى تۈسنى شەكىللەندۈردى. دېمەك يېڭى دەۋر ئۇيغۇر پروزىچىلىقىمىزدا نىسبەتەن بالدۇر مەيدانغا كەلگىنى سىمۋول— خىيال، چۈش شەكلىدىكى ئەپسانىۋى تۈسكە

ئىگە ئەدەبىيات بولدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا ئۇيغۇر ئەدەبىيات ساھەسىدە ئەڭ دەسلەپ " ئىزلەنمە ھېكايىچىلىق " ھادىسىسى كۆتۈرۈلدى، بىر تۈركۈم ياش يازغۇچىلار كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغىدى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە سىمۋوللاشتۇرۇش، بىمەنىلەشتۈرۈش، ئاڭ ئېقىمىنى ئىپادىلەش دادىللىق بىلەن ئۆزلەشتۈرۈلدى. ئۇلار رېئال تەركىبلەر بىلەن سېھرىي تەركىب زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن قويۇق ئەپسانىۋىي تۈسكە ئىگە سىمۋوللۇق ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلدى. مەسىلەن: ئەسئەت ئەمەتنىڭ «كېچىدىكى ئادەم»، «قەبرە ئىزدەش»، «ئۇچقۇر ئاياق» ھېكايىلىرى، كۈرەشچان ئۆمەرنىڭ «قارغىش»، «غوۋۋا ئەسلىمە» قاتارلىق ھېكايىلىرى، ھۈسەيىن تاشنىڭ «سېختىكى ئىشلار»، ئەكبەر سالىھنىڭ «ئوت ۋە يامغۇر»، ئەركىنجان ئەمەتنىڭ «مازار چاشقىنى»، قاھار نىيازنىڭ «تۇمانلىق يەكشەنبە»، باھارگۈل ساۋۇتنىڭ «سارغايغان ياپراق» قاتارلىق ھېكايىلىرى مانا مۇشۇنداق شەكىلدىكى ئەسەرلەر بولۇپ، بۇ خىل ئەسەرلەردە ماكان بىلەن زاماننىڭ تەبىئىي تەرتىپى بۇزۇلۇپ تاشلىنىپ، ئۆتمۈش بىلەن ھازىر، خىيال بىلەن رېئاللىق گىرەلەشتۈرۈلۈپ يېزىلغان. يازغۇچى قەلىمىنى مەقسەتلىك ھالدا پېرسوناژلارنىڭ روھى دۇنياسىغىلا قارىتىپ، روھىيەتنى يېزىشتا مەلۇم دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. يۇقىرىقى ئەسەرلەردە، پېرسوناژلارنىڭ بىھوشلۇق ئىلكىدىكى غوۋۋا خىياللىرى، سېزىلەر ـ سېزىلمەس تۇيغۇلىرى، بىر تۇرۇپ چۈشكە، يەنە بىر تۇرۇپ تۇيغۇغا ئوخشاپ قالىدىغان پىسخىك پائالىيەتلىرى، قىسقىسى ئۈزۈلمەس ئېقىندەك داۋاملاشقان ئاڭ پائالىيەتلىرى ناھايىتى ئىنچىكە تەسۋىرلىنىپ، قويۇق سىمۋوللۇق مۇھىت ئىچىدە ئىپادىلەندى، ھەمدە ھەقىقىلىق بىلەن غەلىتىلىك، رېئاللىق بىلەن خىيالىي دۇنيا بىرگەۋدە قىلىنىپ، ئاجايىپ بىرخىل ئەپسانىۋىي تۈس يارىتىلدى. مۇھەممەت باغراشنىڭ «مەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ قارچۇقىدا قېتىپ قالغان ئادەم»، «ئاپئاق ئېچىلغان سۆگەت گۈلى»، «تۆت قۇلاق»، «كەچكۈزدىكى بىر تال يوپۇرماق»، «يۇرەكتاغ»، «كەلكۈن» قاتارلىق ئەسەرلىرى بىلەن كىتابخانلار قەلبىدە كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا قىلىپ، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدا ئۆزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ كېلىۋاتقان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى، ئۇ دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى "يىلتىز ئىزدەش"، "ئەپسانىگە قايتىش" قىزغىنلىقىنىڭ تەسىرىنى ئىجادىي قوبۇل قىلىپ، ئۇنى مىللىتىمىزنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇسى ۋە بەدىئىي ھەجمى كۆتۈرەلەيدىغان بىر مۇۋاپىق نۇقتىدا ئىپادە قىلدى. خەلقىمىز ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ، ئۇزاقتىن بېرى ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان گۈزەل ئەپسانە، رىۋايەت ۋە قىسسە، چۆچەكلەرنىڭ ھاياتى كۈچكە ئىگە دېتاللىرىنى بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزغا ئېلىپ كىرىپ، دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ روھى چاڭقىشىنى ۋە ھازىرقى دەۋر تۇرمۇشى ئېلىپ كەلگەن مەنىۋىي تەلپىنى ئىپادە قىلدى. مەسىلەن: ئۇنىڭ «ئاپئاق ئېچىلغان سۆگەت گۈلى» ناملىق ھېكايىسىدىكى ئاتىلانىڭ تۇغۇلۇش جەريانى، تۈركى مىللەتلىرىنىڭ ئېپوسلىرىدا ھېكايە قىلىنغان ئاجايىپ ـ غارايىپ ئەپسانىۋىي بايانلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ھېكايىدە مايىسخان چۈش كۆرىدۇ : ئۇ چۈشىدە ئەجدادلىرى ياشاپ ئۆتكەن قەدىمىي قەلئەگە بېرىپ قالىدۇ، ھەمدە قەدىمىي قەلئە خارابىسى ئىچىدە ئەجدادلىرىنىڭ روھىنى كۆرگەندەك بولۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى ھاياجانغا چۆمۈلىدۇ، تۇيۇقسىز غايىبانە ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ كۆزلىرىدىن كۆپكۆك ئوت چاقناپ، ئاجايىپ سېھرىي خىسلەتكە ئىگە غەيرى ھالەتتە چوڭ بولۇشقا باشلايدۇ. دېمەك مەزكۇر ھېكايىدىكى پەرزەنتنىڭ تۇغۇلۇشى، ئانىنىڭ ھامىلىدار بولۇشى جەھەتتىكى سۈژېت موتىفى، خۇددى قەدىمكى ئېپوسلارنىڭكىدەك چۈش ئارقىلىق ئالدىن بېشارەت بېرىش موتىفى بويىچە بايان قىلىنغان بولسا، سۆگەت گۈلىنىڭ بىر كېچىدىلا سۇۋ ـ كۆچلىگەندەك ئاپئاق رەڭدە ئېچىلىپ كېتىشى، ئۇيغۇرلاردىكى" شۇملۇقنىڭ بېشارىتى" دەيدىغان ئېڭىنىڭ سىمۋوللۇق شەكىلدە ئىپادىلىنىشى بولۇپ، بۇ

ئەسەر باش قەھرىمانى ئاتىللانىڭ بېشىغا كېلىدىغان پاجىئەدىن ئالدىن بېشارەت بېرىش رولىنى ئوينىغان. دېمەك بۇ يەردە ئاتىللا بىر تەرەپتىن دادىسى چۈنچىباينىڭ پۇشتى ئەمەس، بەلكى يىراق ئۆتمۈشتىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ۋارىسى، يەنى ئالىيجاناب، پاكلىقنىڭ ۋە ئادىمىيلىك روھنىڭ سىمۋولى قىلىنغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن چۈنچىباينىڭ ئاتىللانى پۇل تېپىشنىڭ قورالى قىلىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغانلىقى تەسۋىرلىنىپ، ئاچكۆزلۈك، نەپسانىيەتچىلىك، ئىنسانىي پەزىلەتنى گۇمران قىلىپ، ئادەمنى ۋەيران قىلىدۇ.دېيدىغان پىكىر سىمۋوللۇق ئوتتۇرىغا قويۇلغان، يەنى غۇبارسىز بالىلىق ۋىجدان بىلەن كېلىشەلمەيدىغان پاجىئە سىمۋوللۇق ئىپادىلەنگەن. «تۆت قولاق» نامىلىق پوۋېستتا بولسا، باغراش جۇۋاننىڭ بىۋاسىتە ئىپادىلەپ بېرىش قىيىن بولغان نازۇك سېزىم ۋە ھېس- تۇيغۇلىرىنى، ئۇنىڭ ماس ماددىسى بولغان "تۆت قولاق" ئارقىلىق سىمۋوللۇق ئۇسۇلدا يوشۇرۇن بېشارەتلەپ، قويۇق ئەپسانىۋىي تۈسنى شەكىللەندۈرۈش بىلەن بىرلىكتە، كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغان كۆپ قاتلاملىق باش تېمىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇيغۇرلاردا "ئۈچ قولاق ئىچىدىن تۆت قولاقنى تېپىۋالغان قىزلار نىكاھتا بەختلىك، تەلەيلىك بولىدۇ" دېيدىغان ئەنئەنىۋىي قاراش تاكى ھازىرغىچە ئۇدۇم بولۇپ كېلىۋاتقانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم، لېكىن جۇۋان شۇنچە كۆپ تۆت قولاق تاپقان بولسىمۇ، رېئال تۇرمۇشىدا ھېسسىياتسىز ھەم يارامسىز مەكۇناغا ئۇچراپ بەختسىز بولۇپ قالىدۇ. ئەمما چۈشىدە، خىيالىدا قانداقتۇر بىر ساھىبقىران يىگىت بىلەن غايىبانە ئۇچرىشىپ، مۇھەببەتنىڭ چەكسىز لەززەتلىك قاينىمىغا چۆمۈلىدۇ، پايانى يوق كەڭرى زېمىندا سەيلە قىلىشىدۇ. شۇندىن باشلاپ جۇۋان كۈندىن-كۈنگە گۈزەللىشىپ، مەڭزلىرى قىزىللىشىپ، كۆزلىرىدە بەخت نۇرلىرى پارلاشقا باشلايدۇ. جۇۋان رېئاللىقتا يېتەلمىگەن بەختىكە خىيالى دۇنياسىدا، تەسەۋۋۇرىدا يېتىدۇ. مۇھەممەت باغراش يەنە «كەچكۈزدىكى بىر تال يوپۇرماق»دا، ئايزىمنىڭ چۈشىدە كۆرگەن ئەڭ ئاخىرقى بىر تال يوپۇرماقنىڭ، كەچكۈز سوغۇقىدا بىردىنلا تىترەپ ساپىقىدىن ئاجراپ، ئاستاغىنە لەيلەپ كېلىپ، ئايزىمنىڭ يۈزىگە قونغانلىقىنى، ئايزىمنىڭ بۇنى ئۇزاق يىللاردىن بېرى كۈتۈپ كېلىۋاتقان بەختىنىڭ بېشارىتى دەپ ھېس قىلغان نازۇك تۇيغۇلىرىنى، ئاجايىپ سېھىرلىككە تولغان ئەپسانىۋىي تۈس ئىچىدە سىمۋوللۇق ئىپادىلەيدۇ.

ئىزدىنىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىگە تالانتلىق يازغۇچىمىز مەتتىمىن ھوشۇر 20-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدا «ساراڭ» ھېكايىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «بۇرۇت ماجىراسى»، «قىرلىق ئىستاكان»، «ئالتۇن چىشلىق ئىت»، «چار خوراز»، «چوشقىلارغا بايرام» قاتارلىق بىر يۈرۈش "پىسخىك رېئالىزم" لىق ئۇسۇلدا يېزىلغان چاتما ھېكايىلەرنى ئېلان قىلغاندىن باشقا، يەنە «بۆرە جىلغا» ،«قارا قورساق سەركە»، «ئىت ئېتىش»، «ئۆلۈككە خەت»، «قۇم باسقان شەھەر»گە ئوخشاش رېئال تەركىبلەر بىلەن قويۇق سېھرىي-ئەپسانىۋىي ئامىللار ماھىرلىق بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن، ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە تېتىملىق ئەسەرلىرى بىلەن خەلقىمىزنى ئالاھىدە تارتۇقلىدى. دېمەك، ئۇ ئەسەرلىرىدە پېرسوناژلارنىڭ بىھوشلۇق ئىلكىدىكى غۇۋا خىياللىرىنى، سېزىلەر-سېزىلمەس تۇيغۇلىرىنى، بىر تۇرۇپ چۈشكە، بىرتۇرۇپ تۇيغۇغا ئوخشاپ قالىدىغان ئاڭ پائالىيەتلىرىنى، ھەمدە قەدىمىي قەلئەدىكى ئالۋۇنغا ئوخشايدىغان ئاجايىپ-غارايىپ غەلىتە خىيالى كۆرۈنۈشلەرنى ئىنچىكە تەسۋىرلەپ، كىشىنى قانداقتۇر سېھرىي كارامەتكە تولغان ئاجايىپ بىرخىل سىرلىق ئەپسانىۋىي دۇنيا ئىچىگە باشلاپ كىرىدۇ. مەسىلەن: «قارا قورساق سەركە»دە، سەركىنىڭ بىر قارا قويۇن بىلەن تەڭلا ئۇشتۇمتۇت غايىب بولۇپ كېتىشى، بوغۇزلانغان سەركىدىن بىر تامچىمۇ قاننىڭ چىقماسلىقى، يۇنۇس باخشى ماشىنىغا چىقىش بىلەن تەڭ، بۇزۇلۇپ قالغان ماشىنىنىڭ كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان دەرىجىدە تۇيۇقسىزلا ئوت ئېلىپ مېڭىپ

uyghurkitap.com



كېتىشى قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق سېھرىي كارامەتكە تولغان بولسا، «قۇم باسقان شەھەر»دە، دانىشمەنلىكنىڭ، مەڭگۈلۈكنىڭ هايات ۋە ئۈمىدىنىڭ سىمۋولى بولغان جاھانكەزدى سۆيۈرگە بەزىدە ئادەمىي ئادەمدەك، بەزىدە ئەۋلىيادەك، يەنە بەزىدە بىر روھتەك نامايان بولۇپ، پۈتۈن ئەسەرگە سېھرىلىك جۇلا، يارقىن ھېكمەت ئاتا قىلىدۇ. جاھانكەزدى سۆيۈرگىنىڭ تاسادىپىي پەيدا بولۇپ، يەنە تۇيۇقسىز غايىب بولۇشى، بوۋاق پادىشاھقا ئىنىكئانا بولغان ئايالنىڭ ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان سەۋەب بىلەن غايىب بولۇپ كەتكەنلىكى، ئىككى تەرەپتىن قارىسا ئىككى خىل چىرايدا كۆرۈنىدىغان چوكان، ئۆلگەنلەرنىڭ جۇۋازخانىسىغا بىرىپ ئۇلارنى كۆرۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن بىر ئىزدا توختىماي چۆرگىلەيدىغان بولۇپ قالغان ئىمام، ئالۋاستىدەك پەيدا بولۇپ قالىدىغان چۆل قىزى، ئالسا ـ ئالسا تىللاسى تۈگىمەيدىغان چۆچەك، تىللانىڭ ھېچبىر سەۋەبسىزلا تېزەككە ئايلىنىپ كېتىشىگە ئوخشاش ئاجايىپ ـ غارايىپ تەسۋىرلەر، ئەنە شۇنداق سېھرىي تۈسكە تولغان قويۇق ئەپسانىۋىي مۇھىتنى نامايان قىلىدۇ. دېمەك، ئاپتور ئەسەردە، بىغەملەر توپىدىن ئۆمەرباي بىلەن باراتباينى نۇسخا قىلىپ تاللىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ مال ـ دۇنيا ئۈچۈن قۇل قىلىنغان روھىنىڭ، زەئىپ هاياتىنىڭ تراگېدىيىلىك تەقدىرىنى سىمۋوللۇق ئۇسۇلدا ئېچىپ بېرىدۇ. ئاپتور دەسلەپ ئۆمەرباي بىلەن باراتبايغا 99 تىللانى ئۇچۇراتقۇزىدۇ، پۇلنىڭ نازى ئۇلارنى ئەقلىدىن ئاداشتۇرۇپ، ئىنىسى سەپەرنى چۆلدە يالغۇز تاشلاشقا سەۋەب بولىدۇ، كېيىن يەنە ئۇلارغا ئالسا ـ ئالسا تىللاسى تۈگىمەيدىغان سېھرىلىك چۆچەكنى ئۇچۇراتقۇزىدۇ. ئاخىرىدا بۇ 99 تىللا بىلەن سېھرىلىك چۆچەك، ياۋلارنىڭ نجىس تاپىنى ئاستىدا ۋەيران بولغانلىقى بىلەن كارى يوق، مال ـ دۇنيا ۋەسۋەسىدە ئەقلىنى سۆيۈق ھېسسىياتقا قۇل قىلغان بۇ ئىككى ناپاك ئىنسانىنى ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىۋېتىدۇ. دېمەك، ئۆمەرباي بىلەن باراتباي خاراكتېرى بىغەملەر شەھرىدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ روھى مەپكۇرىسىگە سىمۋول قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدا مال ـ دۇنيادىن باشقا ھەر قانداق نەرسە مۇھىم ئەمەس، چۈنكى ياۋلار بېسىپ كەلگەندىمۇ ئۇلارنىڭ ساددىلارچە جان بېقىش كويىغا چۈشۈشى، پەقەت سودا ـ سېتىق ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىسىلا بولغىنى، شۈكرى قىلىپ ياشاشتەك روھىي ـ كەيپىياتلىرى دەل يۇقىرىقى سۆزىمىزنىڭ دەلىلىدۇر. ئەسەردىن مەلۇمكى بىغەملەرنىڭ ياۋنىڭ ئاچكۆز نەپسىگە، رەزىل نىيىتىگە كەڭرى داستىرخان هازىرلاپ بېرىدىغان زىيادە ئاقكۆڭۈللۈكى بىلەن ساددىلىقىدىن كېلىپ چىققان بىغەملىك ۋە پەرۋاسىزلىقى، قۇياشتىن ئۇلۇغ شاھنىڭ بىغەملەر شەھرى ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقىدىن ياۋلارنىڭ گۇمران قىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. دېمەك، ئاپتور بىغەملەر شەھرىنىڭ ئېگىز تاملاردىن پۈتكەن سېپىلى بولماسلىقىدىن كۆرە، روھىي قورغىنىنىڭ بولماسلىقى ئەڭ ئېچىنىشلىق پاجىئە، دەيدىغان مۇھىم پەلسەپىۋىي پىكرنى قويۇق ئەپسانىۋىي تۈسكە ئىگە سېھرىلىك تەسۋىرلەر ئارقىلىق سىمۋوللۇق ئىپادىلىگەن.

## 2. چۆچەك ـ مەسەل شەكلىدىكى ئەپسانىۋىي تۈس

بۇنداق شەكىلدىكى ئەسەرلەردە، جانلاندۇرۇش، مۇبالىغىلاشتۇرۇش، بىمەنىلەشتۈرۈش ئۇسۇللىرى بىرقەدەر كۆپ قوللىنىلىدۇ. ياكى فانتازىيىلىك مۇھىت ۋە قىياسچانلىققا باي ئاجايىپ ـ غارايىپ ۋەقە تەسۋىرلىنىپ، مەلۇم نەرسىگە دارتىملىنىپ، چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە پەلسەپىۋىي پىكىر ئېچىپ بېرىلىدۇ. ياكى رېئاللىق ئاچچىق كىنايە، كۈلكە ۋە يۇمورلۇق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، كەلگۈسى غايىۋىي دۇنياغا قىزغىن مەدھىيە ئوقۇلىدۇ. بەدىئىي ئالاھىدىلىك جەھەتتىن ئالغاندا، بۇ خىل ئەسەرلەر رومانتىزملىق ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەنئەنىلىرى بىلەن قويۇق قانداشلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە بولۇپ، قارىماققا ئۇنىڭ تاشقى دۇنياسى گەرچە رېئاللىقتىن ھالقىپ كەتكەندەك غەلىتە ھەم بىمەنىدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كىشىگە بېرىدىغان كەيپىيات تۇيغۇسى بىرقەدەر روشەن بولۇپ،

ئۈنچىلىك سىرلىق بىلىنىپمۇ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەرنىڭ كىشىگە بېرىدىغان ئاجايىپ ـ غارايىپ غەلىتە تۇيغۇسى بولسا، خىيال بىلەن چۈشكە قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. يەنە كېلىپ، ئۇنىڭغا يوشۇرۇنغان مەنىنىڭ ئاددىيلىقى ۋە چۈشىنىشلىك بولۇشى، سىمۋوللۇق سىستېمىنىڭ مۇرەككەپلىكى بىلەن تەساددىبىي پەيدا بولىدىغان تەسىراتنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن بولىدۇ.

جانلاندۇرۇش ھەم مۇبالىغە، چۆچەك بىلەن مەسەللەرنىڭ مۇھىم ئەنئەنىۋى ئىپادىلەش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇ ھازىرقى زامان پروزىلىرىغا سىڭىپ كىرىپ، بىر تەرەپتىن ئەقلىي ئىش قوشۇلمىغان ۋەقە، ھادىسىلەرنىڭ ئەسلى ماھىيتىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھازىرقى زامان پروزىلىرىنى ئەپسانىۋى ئانا تېمىنىڭ گېنلىرى بىلەن ئوزۇقلاندۇردى. مەسىلەن: بىز مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «قۇم باسقان شەھەر» ناملىق ئەسىرىدىن، جاھان كەزدى سۇپۇرگىنىڭ ئېشىكى بىلەن بولغان ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشلىرىنى، قويۇق پەلسەپىۋىلىككە تويۇنغان دىئالوگلىرىنى ئۇچرىتاق، يەنە بىر قاتار چاتما ھېكايىلىرىدىن ئادەملەشتۈرۈلگەن ۋە ھايۋانلاشتۇرۇلغان كۈچلۈك مەسەللىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىت، بۆرە، سەركە، توخۇ، چوشقا، قاغىغا ئوخشاش ھەرخىل ھايۋانلارنى چېلىقتۇرىمىز. بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى مەسەل دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى كۆپ سانلىق تەسۋىرلەر يەنىلا چۆچەك ھەم مەسەللەرنىڭ قىسمەن تەپسىلاتلىرىغا تەۋە بولۇپ، ئۇنىڭدىكى سېھرىي تۈسكە تولغان ئاجايىپ ـ غارايىپ تەسۋىرلەر بولسا، ئەسەرنىڭ باش تېمىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر مەركەزلەشتۈرۈش ۋە مۇستەھكەملەش رولىنى ئوينىغان. دېمەك، ئۇ ئۆزىنىڭ «چار خوراز»، «ئالتۇن چىشلىق ئىت»، «چوشقىلارغا بايرام» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە، مىللىتىمىزنىڭ ئەپسانە توقۇش دەۋرىدىن قېپقالغان ئىپتىدائىي ۋە قەدىمىي ئىشەنچ ـ ئېتىقادى، مىللىي ئۆدۈملىرىنى ئۇيغۇر پروزىچىلىقىغا ئېلىپ كىرىپ، ھايۋاننى ئادەملەشتۈرۈش، ئادەمنى بولسا ھايۋانلاشتۇرۇپ تەسۋىرلەشتەك چۆچەك ـ مەسەلگە خاس ئالاھىدىلىك ئارقىلىق بېشارەتلەش يولى بىلەن ئىپادىلەپ، قويۇق ئەپسانىۋى تۈس پەيدا قىلىدۇ. يەنى قەدىمكى چۆچەك ـ مەسەللەرنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى ماھىرلىق بىلەن قوللىنىپ، ئادىمىيلىك ئەخلاق، ئادىمىيلىك پەزىلەت، ئادىمىيلىك قىممەتنى ئۇنتۇپ پۇل ـ دۇنياغا ئۆزىنى ئۇرىدىغان، ھەرخىل ناتوغرا ۋاستىلەر ئارقىلىق بايلىق توپلاشنى مەقسەت قىلىپ، شەخسىيەتچى، شۆھرەتپەرەس، نەپسانىيەتچى، ئاچكۆز ناپاك كىشىلەرنى ۋە ئۇلار پەيدا قىلغان پەسكەش، رەزىل ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى، قىسقىسى مىللەت روھىيىتىدىكى زەئىپلىكلەرنى ئۆتكۈر كىنايە، يۇمۇر ۋە ھەجۋىيلىك قامچىسى ئاستىغا ئېلىپ، خەلقىمىز ئىچىدە كەڭ تارقىلىپ يۈرگەن " كىشىنىڭ رىزقىنى يېگەن ئادەم قىيامەتتە ھايۋان بولۇپ تىرىلىدىكەن " دەيدىغان ئىپتىدائىي ئېتىقادنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ، ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى كىرىزىسنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىدۇ. مەسىلەن: «چار خوراز» ناملىق ھېكايىدىكى "مەن"نىڭ مېكىيانىنىڭ تۇيۇقسىز ھەيۋەتلىك بىر چار خورازغا ئايلىنىپ قېلىشى، ئۇنىڭ توخۇ سوقۇشتۇرۇشتا بارلىق خورازلارنى يېڭىپ، ئىگىسىنى نۇرغۇن نەپكە ئېرىشتۈرگەنلىكى ھەم باھاسىنىڭمۇ ئۇچقاندەك ئۆرلەپ كەتكەنلىكى، پۇلنىڭ نازى سابىرجاننى ئەقلىدىن ئاداشتۇرۇپ، خورازنى ئوغرىلاپ مال ـ دۇنيا يىغىش ۋەسۋەسىگە سالغانلىقى، ئۇنىڭ تاپاۋىتى تازا كۆڭۈلدىكىدەك يۈرۈشۈپ كېلىۋاتقاندا، خورازنىڭ ئۇشتۇمتۇتلا قايتا مېكىيانغا ئايلىنىپ قېلىشى، بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن سابىرجاننىڭ توخۇنى ئۆلتۈرۈپ ئىچىدىن چىققان تۇخۇمنى يەۋېلىپ، خوتۇن كىشىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىدەك ئاجايىپ كۈلكىلىك سېھرىي تۈسكە ئىگە تەسۋىرلەر، ھەمدە «ئالتۇن چىشلىق ئىت» ناملىق ھېكايىدىكى، دوختۇرنىڭ ناتوغرا يول بىلەن كەلگەن ئالتۇندىن چىش سالدۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئىتقا

www.uyghurkitap.com

ئوخشاش قاۋاپ، خالتىنىڭ يانچۇقىغا پۇل سالمىغانلارغا خىرىس قىلىپ ھۆرپىيىدىغان بولۇپ قالغانلىقى، ھارام پۇلغا كەلگەن ئالتۇندىن چىش سالدۇرغان ئايالىنىڭمۇ ھېچ ئىش قىلماي، دېرىزىنى ئېچىپ قويۇپ، كوچىدا ئۆتكەن ئەر خەقلەرگە ھىجىيىپ قاراپ ئولتۇرىدىغان بولۇپ قالغانلىقىدەك بىر قاتار غەلىتە تەسۋىرلەر، كىشىنىڭ رىزقىغا چاڭ سالغان مۇشتۇمزور سابىرجاننى خوتۇنغا، دوختۇر بىلەن ئۇنىڭ ئايالىنى بولسا ھايۋان سۈپەت غەلىتە مەخلۇققا ئايلاندۇرۇپ، ئاخىرقى ھېسابتا قىلمىشىغا لايىق ئەنە شۇنداق جازالىغانلىقىنى روشەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇنداق شەكىلدىكى ئەسەرلەرنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى كۆپىنچە، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى سېھرىي چۆچەكلىرىدە تەسۋىرلەنگەن چەكلەنگەن مېۋە، ئۆسۈملۈك، سۇ قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلغان ئادەمنىڭ بېشىغا مۈڭگۈز چىقىپ ھايۋانغا ئايلىنىپ قېلىشى، بىردە ئۆلۈپ، بىردە تاشقا ئايلىنىپ قىلىشى، يەنە بىر تۈرلۈك خاسىيەتلىك مېۋە، سۇ ۋە ئۆسۈملۈكنى ئىستېمال قىلغاندا بولسا، يەنە قايتا ئەسلىگە كېلىپ قالىدىغانلىقى، ھەققىدىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ سېھىرلىك كۆرۈنۈشلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ. دېمەك بۇ خىل ئەسەرلەر تۇرمۇشنىڭ پارچە ـ پۇرات كىچىك ئۆزۈندىلىرىنى تاللىۋېلىپ، رېئال مەسىلىلەرگە بىۋاستە بۆسۈپ كىرىپ ئارىلىشىدۇ. ئادەتتە ھەمىشە ئۇچراپ تۇرىدىغان، كىشىلەر ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدىغان بەزى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى دارىتما، قىياس، بىمەنە مۇھىت ھەم ئاجايىپ ـ غارايىپ سېھرىي تۈسكە ئىگە سۈژىت ئىچىگە قويۇپ مۇبالىغىلاشتۇرۇش ئارقىلىق، كىشىلەرنى ئىنسان پەزىلىتى ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىشقا ھەم ئەخلاقىي تەۋرىنىشتىن ئاگاھ بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

چۆچەك ـ مەسەل شەكلىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئانا ژانىرلارنىڭ ھېكايە بايان قىلىش، ۋەز ـ نەسىھەت ئېيتىش ۋە تەربىيە ـ ئىلھام بېرىش ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان بولۇپ، ئۇ ئىزچىللىقتا، مۇكەممەل ھەم باي سۈژىتقا ئىگە بولۇپلا قالماستىن بەلكى يەنە يوشۇرۇن رېئال مەزمۇنلارنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىدۇ. بۇ خىل ئەسەرلەر يەنە دۆلىتىمىز ۋە چەتئەلنىڭ رومانتىزملىق ئەدەبىياتىدىن سېھرىي تۈسكە ئىگە ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىمۇ كۆپلەپ قوبۇل قىلغان بولۇپ، بۇ ھال ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئېستېتىك زوقلىنىش ئادەتلىرىگىمۇ ماس كېلىدۇ. شۇڭا رېئالىزملىق ئۇسۇلدا ئەسەر يېزىشقا ئادەتلەنگەن ھەمدە باي تەسەۋۋۇرغا ئىگە بىر قىسىم يازغۇچىلىرىمىزمۇ، مۇشۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنى يېزىشنى سىناپ كۆرگەچكە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇنداق ئەسەرلەر كۆپلەپ مەيدانغا كەلدى.

### 3. تارىخ ـ رىۋايەت شەكلىدىكى ئەپسانىۋى تۈس

بۇنداق شەكىلدىكى پروزىلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل ئامىل سەۋەب بولدى: بىرىنچىدىن، "يىلتىز ئىزدەش" ئەدەبىي ئېقىمىنىڭ كۆتۈرۈلىشى سەۋەب بولدى. ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىسلاھات يولغا قويۇلغان تارىخى شارائىتتا ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ زامانىۋىي تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە زامانىۋىي ئېڭى، ئەنئەنىۋىي مەدەنىيەت پسىخىكىسىنىڭ ھۇلىنى تەۋرىتىپ، كۆپلىگەن يېڭى زىددىيەت ۋە يېڭى گاڭگىراشلارنى پەيدا قىلدى. شۇنداق قىلىپ يازغۇچىلار ئەنئەنە ئۈستىدە قايتا ئويلىنىش ۋە قايتا باھا بېرىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى بارغانسېرى چوڭقۇر ھېس قىلىشقا باشلىدى. دېمەك قايتا ئويلىنىش، باھا بېرىش ھەم يەكۈن چىقىرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ئىشنىڭ باش ـ ئايىقى بىلەن سەۋەب ـ نەتىجىسىنى ئېنىقلاش بولغاچقا، بۇ ھال مەدەنىيەت جەھەتتە بىر مەيدان يىلتىز ئىزدەش قىزغىنلىقىنى پەيدا قىلدى. ئۇلار مىللەتنىڭ قەدىمكى ئېتنىك مەنبەلىرىگە ۋە ئەنئەنىۋىي پسىخىك قاتلاملىرىغا شۇڭغۇپ كىرىپ، تېخى ئېچىلمىغان قويۇق ئەپسانىۋىي تۈسكە ئىگە بىر پارچە مۇنبەت زېمىننىڭ بارلىقىنى ھەمدە قەدىمكى كىشىلەرنىڭ روھىيەت

قاتلىمىدا ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان چۆكمە بولۇپ ساقلىنىپ كېلىۋاتقان پىسخىك مەدەنىيەت جۇغلانمىلىرىنى بايقىدى. ئىجادىيەت ئوبيېكتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبىنى تاللايدىغان بىرخىل سوزگۈچ بولغاچقا، ئەپسانىۋي تەسەۋۋۇر — مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە ئەپسانىۋي ئامىللارنى ۋە كىشىلەرنىڭ ئەپسانىۋي روھىي ھالەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان مۇھىم ئۇسۇل بولۇپ قالدى. ئىككىنچىدىن، لاتىن ئامېرىكىسى سېھرىي رېئالىزمىنىڭ تەسىرى سەۋەب بولدى. بۈگۈنكى زامان دۇنيا ئەدەبىياتىدىن بۆلىنىپ چىقىپ "پارتلاش خاراكتېردىكى ئەدەبىيات" ۋە " 20-ئەسىردىكى ئەدەبىيات مۆجىزىسى" دەپ تەرىپلىنىپ كېلىۋاتقان لاتىن ئامېرىكىسى ئەدەبىياتى، دۇنياغا يۈزلىنىشكە باشلىغان يازغۇچىلىرىمىزغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى. ئۇلار "رېئاللىقنى خىيالغا ئايلاندۇرۇش ئەمما چىنلىقنى يوقاتماسلىق"دىن ئىبارەت بىر قاتار سېھرىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۆز ئىجادىيەتلىرىدە سىناپ كۆردى. شۇنداق قىلىپ مەزمۇن جەھەتتە يىلتىز ئىزدەپ، شەكىل جەھەتتىن قوبۇل قىلىش، دەل شۇ خىلدىكى پروزىلارنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. بۇ خىل ئەسەرلەر ئاساسەن قەدىمكى ئەپسانە، رىۋايەتلەرنى ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە ماتېرىيال مەنبەسى ھەم رېئال ئاساسى قىلدى. بولۇپمۇ يازغۇچىلىرىمىز ئادەتتىن تاشقىرى تۇراقلىق مەدەنىيەت تۈسىنى ئالغان، بېكىنمە ھالەتتىكى چەت تاغلىق يېزىلار بىلەن چېگرا رايون تۇرمۇشىنى ئىپادىلەشكە كۆپرەك قىزىقتى. ئۇلار نەزىرىنى يېزا تارىخى، ناھىيە تەزكىرىسى، يەرلىك مىللىي ئۆرپ-ئادىتى ۋە ئېتىقادى قاتارلىق مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىشقا قارىتىپ، تارىخى ئەپسانە، رىۋايەتلەرنى، مىفولوگىك ۋەقەلەرنى، فولكلور ئەدەبىياتىنى كەڭ كۆلەمدە توپلاش، قېزىش ھەمدە بۈگۈنكى رېئال ئىجتىمائىي مەسىلىلەر بىلەن تارىخى ۋەقەلەرنى زىچ بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، بىرخىل قويۇق ئەپسانىۋي مۇھىتنى ياراتتى.

يېڭىچە ئىجادىيەت شەكلى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان تالانتلىق يازغۇچى توختى ئايۇپ «بۆرە ئانا» ناملىق رومانىدا، مەركەزلىك ھالدا قەدىمكى زاماندا ئۇيغۇرلارنى ھالاكەتلىك تەقدىردىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان بۆرە ھەققىدىكى رىۋايەتنى ھەمدە ئۇنىڭ تەسىرلىك سۈژېتلىرىنى بۈگۈنكى زاماننىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقى ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ، بىزنى بۈگۈنكى دۇنيادا ئادەملىكىمىز توغرىسىدا قايتا ئويلىنىشقا چاقىردى. مەزكۇر ئەسەردە، بىلىكيارنىڭ يۈلتۈزنىڭ ۋۇجۇدىدا كۆكنۇردىن ئاپىرىدە بولغانلىقى، ئۇنىڭ سۇلتان ئەلى تەرىپىدىن قەست قىلىنىش خەۋپىگە ئۇچرىغاندا، ھەمراھى ۋە بالىلىرىدىن ئايرىلىپ باغرى قانغا تولغان ئانا بۆرە تەرىپىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىنغانلىقى ھەم بېقىپ چوڭ قىلىنغانلىقى، ئانا بۆرىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن قەيسەرنى يەرلىكىدىن ئېلىپ چىقىپ ئۇنى قايتا ھاياتلىققا ئېرىشتۈرگەنلىكى، ئۇچىنىڭ ئائىلە قۇرۇپ بىرلىكتە بەختلىك ياشىغانلىقى، ئورمانلىققا ئوت كەتكەندە بۆرىنىڭ ئۇلارنى يەنە بىر قېتىم خەتەردىن قۇتقۇزۇپ قالغانلىقى، ھەممىلا يەرنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، خەلق ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغاندا، قوۋمىنىڭ پارلاق ئۈمىدى بولغان بىلىكيارنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدىن نۇر تارقىتىپ، كىشىلەرگە ئۈمىد بېغىشلىغانلىقى، ئەمما ئادەملەر نىيەتلىرىنى بۇزۇشۇپ ئۇلارنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا ئانا بۆرە، بىلىكيار، قەيسەرلەرنىڭ نۇرئاتا چوققىسىغا چىقىپ غايىب بولغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ نىشاندىن ئادىشىپ، زۇلمەت ئىچىدە قالغانلىقىدەك قويۇق ئەپسانە-رىۋايەت تۈسىنى ئالغان ئاجايىپ سېھىرلىك ۋەقەلەر بىلەن رېئال ۋەقەلەرنى ئۆزئارا گىرەلەشتۈرۈپ، بارلىق ئاپەت ۋە پاجىئەنىڭ پەيدا قىلغۇچىسى ھەم ئىجراچىسى بولغان ئادەملەرنىڭ ئەجداد روھىدىن، ئادىمىلىكتىن ياتلىشىپ ئۆزلىرى تۆرەلگەن ئانا تەبىئەتنى ۋەيران قىلغانلىقىدىن ئىبارەت ۋەھشىيانە ھەرىكىتىنى قويۇق ئەپسانىۋي تۈسكە ئىگە مۇھىت ئىچىدە تەسۋىرلەپ، تەبىئەت ئېكولوگىيىسىنى

قوغداشقا ئاگاھلاندۇرىدۇ. ھەمدە كۆك نۇردىن ئاپىرىدە بولغان خاسىيەتلىك بالا بىلىكيارنىڭ نەزىرى ئارقىلىق، قوۋمىمىزنىڭ ئەجدادىنى قۇتقۇزغان سېھىرلىك ھايۋان يۈرتىمىزغا قايتىپ كەپتۇ دەيدىغان ئىپتىدائىي ئاڭنى، ئەپسانىۋىي دۇنيا ئىچىدە يەنە بىر قېتىم تىرىلدۈرىدۇ. ئىنسانلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغان ئانا تەبىئەت، بۆرىنىڭ ھەمراھى ۋە بالىلىرىنىڭ جانىدىن جۇدا قىلىنىشى، ھاياتلىقنىڭ مەڭگۈلۈك تەجەللىسى بولغان بىلىكيار ئۈچۈن قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان ۋەھشىيانە رېئاللىقتۇر، شۇڭا ئۇ، ئاخىرىدا ئانا بۆرىگە ئەگىشىپ زورلۇققا تولغان دۇنيادىن ئايرىلىپ نۇرئاتا چوققىسىغا چىقىپ غايىب بولىدۇ. دېمەك، يازغۇچى قويۇق ئەپسانىۋىي تۈسكە ئىگە مانا مۇشۇنداق گۈزەل رىۋايەت ئارقىلىق، ئىنسانىيەتنى ئۆز يىلتىزىنى، ئۆز تارىخىنى ئۇنۇتماسلىققا، ئەجدادلاردىن قالغان ساپ ئۇدۇملاردىن ۋاز كەچمەسلىككە، غۇبارسىز بالىلىق ۋىجدانىنى ئىنكار قىلماسلىققا سەمىمىي تەۋسىيە قىلىش بىلەن بىرگە ئۇلارنى ئەجدادلىرىدىن قالغان مۇقەددەس روھقا ۋارىسلىق قىلىشقا چاقىرىدۇ. دېمەك، ئاپتور بۇ خىل چوڭقۇر پەلسەپىۋىي پىكىرلەرنى، يۇزە ھالدىكى مۇلاھىزىلەر بىلەن ئەمەس بەلكى چوڭقۇر روھ يوشۇرۇنغان قويۇق ئەپسانىۋىي تۈسكە ئىگە سېھىرلىك تەسۋىرلەر ئارقىلىق ئالاھىدە ئېچىپ بېرىش بىلەن بىرلىكتە، يىتتۈرۈپ قويغان قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئالىيجاناب ھالىتىمىزنى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ئارقىلىق ئىزدەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى يەنە بىر قېتىم تونۇتتى، ھەمدە خەلقىمىزنىڭ روھىيەت تارىخى يىلتىزىنى چوڭقۇر قېزىپ، ئەجداد ئۇستىدە ئويلاندۇرۇپ، بۈنىڭدىن قايتقان جۇلائەتنىڭ ئۇپۇقتىكى يارقىن سىماسىنى كۆرسىتىپ بەردى.

يازغۇچى مۇھەممەت باغراشنىڭ «يۇرەكتاغ» ناملىق پوۋېستىدا بولسا، مۇنداق بىر رىۋايەت سۆزلىنىدۇ: بەگقۇلبەگنىڭ يېتەكچىلىكىدە قەدىمكى گۈزەل تەكلىماكان ۋادىسىدا بەختلىك، خاتىرجەم ياشاپ كېلىۋاتقان خەلق، ياۋلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى بىلەن قۇم ـ بوران ھەم ئېيتقۇسىز ئېغىر كۈلپەت ئىچىدە قالىدۇ، ئۇلار ئۇسسۇزلۇق ھەم ئاچارچىلىق دەستىدىن ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغاندا، بەگقۇلبەگ ئۆزىنىڭ قان تومۇرىنى كېسىپ ھاياتىنى تەقدىم قىلىش ھېسابىغا بالىلارنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ، بەگنىڭ ئايالى ئوتلۇق ـ كۆكلەئىنە باشپاناسىز قالغان ئاۋامغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزلۈكسىز نىجاتلىق يولىغا باشلاپ ماڭىدۇ، ئەمما كۈچلۈك ياۋلارنىڭ ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىقى تۈپەيلىدىن قوۋم پۈتۈنلەي تۈگىشىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن ھالقىلىق پەيتتە، ئوتلۇق ـ كۆكلەئىنە يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، خەلققە گۈزەل زېمىن، نىجاتلىق ھەم بەختىيار تۇرمۇش ئاتا قىلىدۇ، ئۇنىڭ يۈرىكىدىن بىر يۈرەكتاغ ھاسىل بولىدۇ، خەلق ئۇنى ھاياتلىقنىڭ كاپالىتى، ئەجداد روھىنىڭ بەلگىسى دەپ ھېسابلاپ چوقۇنىدۇ، دېمەك، يازغۇچى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان بوۋىلىرىمىزنىڭ ئاغزىدا ئېيتىلىپ كەلگەن ئاجايىپ سىرلىق قەدىمىي رىۋايەتنى، مىرۋۇش، تۇرەك ۋە ئېلدوس قاتارلىق ئۈچ بالىنىڭ ئەجداد روھىنى ئىزدەپ يۈرەكتاغقا سەپەر قىلىش يولىدا، قۇم ـ بوران ئاستىدا قېلىپ ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقىدىن ئىبارەت بىر قاتار تراگېدىيىلىك رېئال ۋەقەلەرگە باغلاپ، شۇ ئارقىلىق نەسىل توغرىسىدىكى ئىزدىنىش ۋە ئەجدادلارنى سېغىنىش ھېسسىياتىنى، روھىي گۇمرانلىقتا ياشاۋاتقان ئادەملەرنىڭ ھايات ـ ماماتى ھەققىدىكى ئەڭ چوڭقۇر روھىي قاتلاملىرىغا سىڭدۈرۈپ، ئۇلارنى ئەقىل ـ ھوشى بىلەن ياشاشقا، بۇ دۇنياغا ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا ئاگاھلاندۇرىدۇ. تېخىمۇ ئوچۇقراق ئېيتساق خۇددى ئەسەرگە ئېپىگراف قىلىپ ئېلىنغان: "ئوغلۇم، ئاتا ـ بوۋاڭنى، ئۇلار ياتقان يەرنى دائىم ياد ئەت، ئۇلارنىڭ تۇپراق بېشى چۆلدەرەپ قاراقسىز قالسا، قارا بوران چىقىپ، جاھانغا توپا يېغىپ، كۈننىڭ يۈزى تۇتۇلىدۇ"، دېگەن ئاتا سۆزىدە دېيىلگەندەك، كىشىلەرنى مەنىۋىي گۇمرانلىقتىن ئاگاھ بولۇپ، ئۆز تارىخىنى، ئۆز نەسلىنى ئۇنتۇپ قالماسلىققا تەۋسىيە قىلىدۇ. قويۇق ئەپسانىۋىي تۈس ئالغان بۇ رىۋايەتتە، گەرچە جىن ـ ئالۋاستىلار، ھۆر ـ

پەرلەر ھەققىدە ئاجايىپ-غارايىپ تەسۋىرلەر بولمىسىمۇ، لېكىن دەھشەتلىك قارا-بوران، چەدىغۇسىز ئاچارچىلىق ھەم ئۇسسۇزلۇق، يۈرەكتىن تاغ ھاسىل بولۇشلارنىڭ ھەممىسى بىرىكىپ، بىزگە يېتەرلىك ئاجايىپ سېھرىي تۈسكە ئىگە ئەپسانىۋىي مۇھىت ھازىرلاپ بېرەلەيدۇ.

دېمەك، بۇنداق ئەسەرلەر كۆپىنچە، بىر-بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن كۈچلۈك تارىخىي تۇيغۇغا ھەم مول مەدەنىيەت خاراكتېرگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بەدىئىيلىك جەھەتتىن ئالغاندىمۇ ئاجايىپ نەپىس ھەم قويۇق يەرلىك خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن كىشىگە شېرىن لەززەت ئاتا قىلىدۇ. ئەپسانىۋىي تۈس پەيدا قىلىشتىكى مەقسەت، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا ئەنئەنىۋىي روھنى ۋە بىرخىل ئەپسانىۋىي ئالاھىدىلىكنى قايتا نامايان قىلىشتۇر. چۈنكى باي مەزمۇنغا ئىگە ئاجايىپ-غارايىپ ئەپسانە-رىۋايەتلەر، خۇددى تارىخىي جۇغلانمىلارنىڭ ئەپسانىۋىي پىسخىك تىندۇرمىلىرى سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى زىننەتلەيدىغان بېزەك بولماستىن، بەلكى مەنىۋىي ھاياتىنىڭ دەل ئۆزى، ياشاش ئۇسۇلىنىڭ ئاساسى ھەم ئايرىلماس مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر. ۋەھالەنكى، يازغۇچى ئەنئەنىۋىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئومۇمىي پىسخىك ماھىيىتىنى چۈشەنمەكچى ھەم ئۇنىڭغا باھا بەرمەكچى بولىدىكەن، ئۇ چوقۇم مۇشۇنداق ئەپسانىۋىي روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان ئەڭ ئىپتىدائىي، ئەڭ قەدىمىي مەنبەنى ئىزدىشى ھەم چوڭقۇر قېزىشى كېرەك، ئەلۋەتتە. دېمەك، يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن بىر قاتار مۇلاھىزىلىرىمىز دەل بىزنىڭ مۇشۇ خىل قاراشلىرىمىزنىڭ روشەن دەلىلىدۇر.

## پايدىلانمىلار


[1] ئابدۇكېرىم راخمان: « يىپەك يولىدىكى ئەپسانە-رىۋايەتلەر» [M]، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999-يىلى 2-ئاي نەشرى.

[2] ئازات سۇلتان: «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا»[M]، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997-يىلى 4-ئاي نەشرى

[3] ئوسمان ئىسمايىل تارىم: «ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات» [M]، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006-يىلى 5-ئاي نەشرى.

[4] فۇ شيۇيەن، شيا خەنىنىڭ: «ئەدەبىي تەنقىد مېتودولوگىيىسىدىن ئاساس» (خەنزۇچە) [M]، نەنچاڭ: جياڭشى خەلق نەشرىياتى، 1986-يىلى 4-ئاي نەشرى.

[5] مەمتىمىن ھوشۇر: «مەمتىمىن ھوشۇر ھېكايىلىرىدىن تاللانما» (1-، 2-قىسىم)[M]، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999-يىلى 6-ئاي نەشرى.

[6] مەمتىمىن ھوشۇر: «قۇم باسقان شەھەر» [M]، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996-يىلى 7-ئاي نەشرى.

[7] توختى ئايۇپ: «بۆرە ئانا» [M]، ئۈرۈمچى:شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999-يىلى 9-ئاي نەشرى.

[8] مۇھەممەت باغراش: «يۈرەكتاغ» (پوۋېستلاردىن تاللانما) [M]، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999-يىلى 10-ئاي نەشرى.

[9] باتۇر مەخسۇت: «غەرب ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەپسانىلىرىدىكى ئاجايىپ ئوخشاشلىق ھەم پەرقلەر توغرىسىدا» [J]، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2005-يىللىق 1-سان.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل كىچىككىناخۇن**

www.uyghurkitap.com

30 ـ يىللىق 3 ـ سان　　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　　第 30 卷第 3 期
2009 ـ يىلى سېنتەبىر　　新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版 )　　2009 年 9 月

ماقالە نومۇرى:09 ـ 088 ـ 03 (2009) 5878 ـ 1005

# زوردۇن سابىر پوۋېستلىرىدىكى ئاياللار ئوبرازى توغرىسىدا*

شەرىپە ئابدۇغۇپۇر

(ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، غۇلجا، 835000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** مەزكۇر ماقالىدە، زوردۇن سابىر پوۋېستلىرىدىكى ئىلغار دۇنيا قاراشقا ئىگە بولغان، فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىگە قارشى ئوت ئاچقان، پاك مۇھەببەتنى ئۇلۇغلايدىغان، ۋاپادار، ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك ئاياللار ئوبرازى تەھلىل قىلىنىش بىلەن بىرگە، گۈزەل ئەخلاقى پەزىلەتلەردىن ياتسىرىغان، يولدىن ئازغان، چۈشكۈن ئاياللار ئوبرازى ئۈستىدىمۇ مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئاياللارنىڭ ئائىلە ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ مۇھىملىقى يورۇتۇپ بېرىلىدۇ.

**摘要：**本论文通过讲述祖尔东. 沙比尔中篇小说中具有先进世界观、反对封建婚姻制度，崇高纯真的爱情，讲情义，品质高尚的女性形象的同时，还分析了走向歧途的女 性形象揭示了女性在家庭与社会中的重要地位。

**Abstract:** In this article, along with the analysis of the portrayal in Zordun Sabir's novellas of the woman who is sophisticated in her thinking, opposed to the feudal marriage tradition, reverent toward pure love, faithful, and moral, a discussion will be carried out on the portrayal in the same novels of sorrowful women who have become distanced from beautiful morality and lost their way, and through this, the importance of the role of women in family and society will be illuminated.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I207　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

نىكراسوف: «ئايال ئۇلۇغ سۆز. ئۇنىڭدا قىزلىق نازاكىتى، دوستلۇق شەيدالىقى، ئانىلىق جاسارىتى مۇجەسسەم» دېسە، فرانس: «ئايال ئەركەك زاتىنىڭ ئۇلۇغ مۇرەببىيدۇر» دېگەن. دېمەك، ئاياللار دۇنيانىڭ كۆركى ـ زىننىتى، ھاياتنىڭ تەمى ـ لەززىتى، بۇ دۇنيادىكى بەختنىڭ مېغىزى. شۇڭا ئاياللارسىز بۇ دۇنيانى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ماركس: «تارىختىن سەللا خەۋىرى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇكى، ئاياللاردىن ئىبارەت بۇ ئېچىتقۇ بولمىغان بولسا، ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرلىگەنلىكىنى ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى بىلەن توغرا ئۆلچىگىلى بولىدۇ» دېگىنىدەك ئاياللارنى ئوبيېكت قىلغان تونۇش جەريانى ئىنسانىيەت تەرەققىيات جەريانىغا ئىزچىل ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان مەڭگۈلۈك تېما.

دېمەك، ئاياللار ئىنسانلارنىڭ ھايات ـ ماماتلىق ئالەمدىكى تولۇقلىنىش مەنبەسى، پەرزەنتلەرنىڭ سۆيۈملۈك ئانىسى، ئەرلەرنىڭ نىجاتلىق يۇلتۇزى. شۇ سەۋەبلىك تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەدەبىيات مەيلى يازما ئەدەبىيات بولسۇن، مەيلى ئېغىز ئەدەبىياتى بولسۇن قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە مۇشۇنداق مەڭگۈلۈك تارىخقا بېغىشلىنىپ كەلدى.

ئاتاقلىق يازغۇچى زوردۇن سابىرمۇ ئۆزىنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئېسىل بولغان ئون سەككىز پارچە پوۋېستىدا

* بۇ ماقالە 2009 ـ يىلى 14 ـ يانۋار تاپشۇرۇپ ئېلىندى.
ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى: شەرىپە ئابدۇغۇپۇر (1964 ـ يىلى 12 ـ ئايدا غۇلجىدا تۇغۇلغان)، لېكتور، باللار ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

خىلمۇ-خىل خاراكتېرگە ئىگە ئاياللار ئوبرازىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەسۋىرلەپ، قىز-ئاياللارنىڭ مۇرەككەپ ھېس-تۇيغۇلىرىنى، تۇرمۇشتىكى خۇشاللىق ۋە قايغۇ-ئەلەملىرىنى، بەخت بىلەن ئازابلىرىنى، تەقدىرچىلىك ئىدىيىسى بىلەن ئىسيانكارلىق روھىنى تۇرمۇش چىنلىقى ئاساسىدا كىشىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە يۇقىرى ماھارەت بىلەن سۈرەتلەپ، ئاياللارنىڭ ئائىلە ۋە جەمئىيەتتىكى مۇھىم ئورنىغا يۈكسەك باھا بەرگەن، ھەم ئۇلارنىڭ گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى ئېگىلمەس-سۇنماس ئىرادىسىگە ئىلھام بەرگەن ئىستىبداتلىق يازغۇچىلارنىڭ بىرىدۇر.

زوردۇن سابىر پوۋېستلىرىدا تەسۋىرلەنگەن ئاياللار ئاساسلىقى ئىلغار دۇنيا قاراشقا ۋە مەلۇم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ئاياللار بىلەن ئاقكۆڭۈل ئاددىي-ساددا، ئەمگەكچان دېھقان ئاياللىرىدىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى ئۇلۇغلايدىغان، ۋاپادار، سەمىمىي-ساداقەتمەن بولۇشتەك ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئۇنىڭدىن باشقا ئاپتور پوۋېستلىرىدا يەنە مال-دۇنيا، ئابرۇي، مەنپەئەت ئۈچۈن ھەر قانداق ئەسكىلىكلەرنى قىلىشتىن يانمايدىغان، شۆھرەتپەرەس، ئەخلاقىي پەزىلەتلەردىن ياتسىرىغان، بۇزۇلغان، ئازغان بىر قىسىم ئاياللار ئوبرازىنى ئىلغار، پەزىلەتلىك ئاياللارغا روشەن سېلىشتۇرما قىلىپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق، گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىگە ئاياللار ئوبرازىنى تېخىمۇ يارقىنلىققا ئىگە قىلغان.

زوردۇن سابىر ئاياللارنىڭ ئائىلە ۋە جەمئىيەتتىكى باراۋەرلىك ئورنىنى قوغداشنى ئۈمىد قىلغان ھەم ئۆزىنىڭ بۇ خىل ئوي-پىكىرىنى ئەسەرلىرىدە ئۆزى ياراتقان مۇرەككەپ خاراكتېرگە ئىگە ئاياللارنىڭ ئوخشاش بولمىغان دۇنيا قاراش ۋە ئېلىپ بارغان ئىش-ھەرىكەتلىرىدە گەۋدىلىك يورۇتۇپ بەرگەن. شۇڭا زوردۇن سابىر قەلىمى ئاستىدا تەسۋىرلەنگەن ئاياللار ئوبرازىنى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان خاراكتېرگە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تىپلارغا بۆلۈشكە بولىدۇ:

### بىرىنچى، ئىلغار دۇنيا قاراشقا ئىگە زىيالىي ئاياللار ئوبرازى

مەسىلەن: «ئارچا ياپرىقى»، «سۇبھى»، «قىبنى ئۇ باغلار» قاتارلىق پوۋېستلىرىدا ئاپتور ئۆز قەدىر-قىممىتىنى بىلىمدىن ۋە بىلىملىكلەردىن ئىزدەيدىغان، مۇھەببەت-نەپرەت كۆز قارىشى ئېنىق، گۈزەل ئارزۇ-غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا توختاۋسىز ئىزدىنىۋاتقان، كۈچلۈك ئىرادە ۋە ئىزدىنىش روھىغا ئىگە بولغان سۇبھى، راھەت، غىلمان ھاكىم («سۇبھى» پوۋېستى) مەھبۇبە («ئارچا ياپرىقى» پوۋېستى)، گۈلزار («قىنى ئۇ باغلار» پوۋېستى) قاتارلىق بىر تۈركۈم زىيالىي ئاياللارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق ئاياللارنىڭ ئائىلە ۋە جەمئىيەتتىكى مۇھىم ئورنىغا نىسبەتەن ئۆز كۆز قاراشلىرىنى گەۋدىلىك ئىپادىلىگەن.

ئاپتور «سۇبھى» ناملىق پوۋېستىدا شىنجاڭنى ئېچىش جۇملىدىن ئىلى رايونىنىڭ بىرلىك مەسئۇلاتىنى ئاشۇرۇپ، ئىلىنى ئاشلىق ئامبىرىغا ئايلاندۇرۇپ، خەلقنى باي-باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش يولىدا جاپالىق ئىزدىنىۋاتقان ئاگرونوم راھەت، سۇبھى، غىلمان ھاكىم قاتارلىق زىيالىي ئاياللارنىڭ ئوبرازىنى ياراتتى. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ئاگرونوم قىز راھەت مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى دەۋرىدىكى «سولچىل» سىياسەتنىڭ ياشلارغا پارلاق ئىستىقبال ئېلىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ ئۆزى سۆيگەن ئاگرونوملۇق كەسپىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئەسەت ئىشلەۋاتقان يېزىغا كېلىدۇ ھەم ئەسەتنىڭ يېنىغا ئېتىز بېشىغا چېدىر تىكىپ، ئەسەتتىن ھەر تەرەپلىمە بىلىم ۋە تېخنىكا ئۆگىنىپ، كەسپىتە ئاز بولمىغان نەتىجىلەرگە ئېرىشىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ ئۆزى ھەققىدىكى ئۆسەك سۆز-چۆچەك ۋە تاپا-تەنە، چەتكە قېقىشلارغا قىلچە پەرۋا قىلمايدۇ.

ئاپتور راھەت ئوبرازى ئارقىلىق يۈكسەك ئىشەنچ بىلەن مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈشكە قەدەم قويغان، توغرا ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قەتئىي كۈرەش قىلىدىغان تىرىشچان ئاياللارنىڭ روھى بىلەن ئەخلاق

پەزىلەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ كۆرسىتىپ بەرگەن. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن سۇبھى بولسا مۇھەببەت ـ نەپرەت كۆز قارىشى ئېنىق، بىلىمگە ھېرىسمەن، ئىجادىي ئەمگەككە پىداكارلىق بىلەن ئاتلانغان، نامۇۋاپىق ئىشلارغا قارشى باتۇرلارچە كۆكرەك كېرىپ چىقالايدىغان جەڭگىۋار روھقا ئىگە ياش زىيالىي قىز ـ ئاياللارنىڭ ئوبرازى.

«ئۆيۈمگە ئوت قويۇۋەتسە ۋاي دېمەيمەن، ـ دېدى سۇبھى ئىنچىكە قاشلىرىنى يىمىرىپ سۆزلەپ، ـ ئەمما، لېكىن بىرىنچىدىن، تەجرىبە ئېتىمىزغا زىيان سالسا، ئىككىنچىدىن، ئۇستۇمدىن گەپ تاپسا، ئۈچىنچىدىن، قاقتى ـ سوقتى قىلىپ خىيانەت قىلىشسا، تۆتىنچىدىن، ماڭا يامان نىيەتتە گەپ قىلسا، مەيلى كىم بولسا يانمايمەن» («سۇبھى» پوۋېستىدىن) . مانا بۇ پارچىدىن سۇبھىنىڭ كوللېكتىپ مەنپەئەتىنى شەخسى مەنپەئەتتىن ئۇستۇن كۆرۈدىغان، ھەق ـ ناھەق تۇيغۇسى كۈچلۈك، غۇرۇر ئىگىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن يەنە بىر مۇھىم ئوبراز غىلمان ھاكىم بولۇپ، ئۇ ئەينى يىللاردا ئۆز يېزىسىغا كەلگەن ئاگرونوم يىگىت ئەسەت بىلەن مۇھەببەتلىشىدۇ. لېكىن ياشلىق ھېسسىياتى ئەخلاقىي قاراشلىرىدىن غالىب كېلىپ، خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئۆگەي دادىسىنىڭ قوغلاپ چىقىرىشى ۋە ئۆزى سۆيگەن يىگىت ئەسەتنىڭ ئىز دېرەكسىز يوقاپ كېتىشى بىلەن چىقىش يولى تاپالماي ئۆلۈم يولىنى تاللايدۇ. ئەمما ياخشى نىيەتلىك ئوشەموفنىڭ قۇتۇلدۇرۇۋېلىشى بىلەن ئۇنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ تەقدىردە پۈتۈنلەي يېڭىچە ئۆزگىرىش بولىدۇ. ئوشەموف ئۇنى ئوقۇتىدۇ، خىزمەتكە قاتناشتۇرىدۇ. ئىخلاسىۋۇى بۇ خىل ياخشى پۇرسەتتىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، ئۆزىدىكى تىرىشچانلىق، بىلىم ئىلىشقا بولغان ئىنتىلىشچانلىقى ۋە خىزمەتتىكى ئەستايىدىللىقى بىلەن ئىخلاسىۋۇدىن غىلمان ھاكىمغا ئۆزگىرىپ، جەمئىيەتتە ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك ئورنىنى تاپىدۇ. ئائىلىدە بولسا كۆيۈمچان ئانا ۋە مېھرى ـ شەپقەتلىك ئايالغا، جەمئىيەتتە بولسا زامانغا لايىق ئىقتىدار ئىگىسىگە ئايلىنىدۇ.

ئاپتور غىلمان ھاكىم ئوبرازى ئارقىلىق بىلىملىك، ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى ئەتىۋارلاش، ئۇلارنىڭ ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلىپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت كۆرسىتىشىگە پۇرسەت يارىتىپ بېرىشنى ئۇمىد قىلىشتەك پەزىلەتنى ئوتتۇرىغا قويغان. «ئارچا ياپرىقى» ناملىق پوۋېستىدىكى مەھبۇبە بولسا، ئەمەلىي ئىش قىلىشنى ئويلايدىغان، بىلىم ئىلىشقا ھېرىسمەن، پۇل ـ بايلىق، ئابرۇي ـ مەنسەپنى دوست تۇتمايدىغان، ئۆز ئەقىدىسىدىن يانمايدىغان، تىرىشچان ئىرادىلىك زىيالىي ئاياللارنىڭ تىپى. گەرچە مەھبۇبە شەھەردە، يۇقىرى ئابرۇيلۇق ئائىلىدە ئۆسۈپ چوڭ بولغان ئەركە قىز بولسىمۇ جاپادىن قاچمايدۇ. شۇڭا مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، ياخشى ئورۇنلارغا خىزمەتكە چىقىش پۇرسىتى بولسىمۇ، قىلچە ئىككىلەنمەستىن يېزىغا چۈشۈپ ئىشلەشنى تاللايدۇ. جاپالىق مۇھىتتا يەنىلا بەل قويۇۋەتمەي داۋاملىق تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ، يېڭىلىق يارىتىش يولىدا ئىزدىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىلمىنى سۆيىدىغان، ئۆز ئىقتىدارىغا تايىنىپ ھالال ياشاشنى ئەۋزەل بىلىدىغان، ماددىي بايلىقتىن مەنىۋى بايلىقنى ئۇستۇن كۆرۈدىغان خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئاپتور ئۆز ئەسىرىدە ـ ئۇ تۇنجى مۇھەببەت خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، كامىلجان بىلەن بىللە بولغان كەچلىك سەيلىدىكى دىئالوگى ئارقىلىق روشەن يورۇتۇپ بەرگەن. مەسىلەن:

« ـ قۇرۇقلۇقتا بايلىق جىقمۇ؟ دېڭىز ئاستىدىمۇ؟ دېڭىز ئاستىدا يۈز مىليارد توننىدىن جىق ئالتۇن، ئۈچ يۈز سەكسەن مىليارد توننىدىن كۆپ نېفىت بار ئىكەن. دېڭىز ئاستىدىكى رۇدىلارنى يەر يۈزىگە يېيىتسا ئىككى يۈز مېتىر قېلىنلىقتا بولىدىكەن. ئاسمانمۇ دېڭىزغا ئوخشاش سىرلىق. ئىككىسى ئوخشايدۇ قايسىسى بايراقكەن...؟

ـ قايسىسى باي بولسىمۇ بىزگە ئەسقاتمايدۇ! ـ دېدى كامىلجان قىزغا پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن يېقىنلىشىپ،

لازىمى دادامنىڭ بايلىقى، دادامنىڭ ھوقۇقى، ئىناۋىتى، دادام يەنە ئۈستى، مەخسۇس ماشىنا تەگدى. دادام ھايات بولىدىكەن، بىز تىرىشمىساقمۇ بەختلىك بولالايمىز! ـ ئۇ ئوڭ قولىنى قىزنىڭ نازۇك بېلىدىن ئۆتكۈزدى. شۇ چاغدا قىزدا تۇيۇقسىز غايىۋى كۈچ پەيدا بولدى ـ دە بىرلا سىلكىنىپ يىگىتنىڭ چاڭگىلىدىن ئازاد بولدى.»، «قىبىنى ئۇ باغلار» ناملىق پوۋېستىدىكى گۈلزار ۋە «زاماندىشلار» ناملىق پوۋېستىدىكى راھىلە قاتارلىقلارمۇ بىلىمگە مۇھەببەت باغلىغان ئىقتىدارلىق زىيالىيلار بولۇپ، بىلىمنى ۋە بىلىم ئىگىلىرىنى قەدىرلەيدۇ. شۇڭا ئۆزىدىنمۇ يۇقىرى بىلىملىك يىگىتلەرگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىپ توي يېشىدىن ھالقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن باشقىلار تەرىپىدىن "قېرى قىز" دەپ ئاتىلىپ سۆز ـ چۆچەكلەرگە قالغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆز ئىرادە ئېتىقادىدىن يانمايدۇ.

دېمەك، ئاپتور يۇقىرىقى بىر تۈركۈم ئىلغار دۇنيا قاراشقا ئىگە ئاياللار ئوبرازى ئارقىلىق زىيالىيلار قوشۇنىدىكى ئاياللارنىڭ ئىلىم ـ پەن ساھەسىدە ھارماي ـ تالماي ئىزدىنىۋاتقان ئۇلۇغۋار روھىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن ھەم ئۇلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنى، جەمئىيەتتىكى ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

## ئىككىنچى، ۋاپادار، ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك ئاياللار ئوبرازى

زوردۇن سابىر ئۆزىنىڭ كۆپلىگەن پوۋېستلىرىدا ئوخشىمىغان تراگېدىيە شەكىللىرى ئارقىلىق تۇرمۇشنىڭ ئېغىر سىناقلىرى جەريانىدا ئائىلىسىدىن، يولدىشىدىن ۋاز كەچمىگەن، چىن ئەقىدىلىك، ۋاپادار، پەزىلەتلىك ئاياللار ئوبرازىنى ياراتتى. مەسىلەن:

«خەيرلىك ئىش» پوۋېستىدىكى زەرىپىخان، «ۋاپادارلىق» پوۋېستىدىكى تۇردىخان، «ئارچا ياپرىقى» پوۋېستىدىكى مەھبۇبە، «سۇبھى» پوۋېستىدىكى راھەت، «خىرە دېرىزە» پوۋېستىدىكى ھاشىخان، «گۈلەمخان» پوۋېستىدىكى گۈلەمخان، «زاماندىشلار» پوۋېستىدىكى راھىلە قاتارلىقلارنى مىللىتىمىزنىڭ گۈزەل ئەخلاقىي ئەنئەنىلىرىنى ئۆز روھىغا مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئاياللارنىڭ ئۆلگىسى دېيىشكە بولىدۇ.

«خەيرلىك ئىش» پوۋېستىدىكى زەرىپىخان بىر تەرەپتىن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك سەۋرچان، مۇلايىم، ئاقكۆڭۈل، ۋاپادارلىقتىن ئىبارەت ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتلىرى بىلەن كىشىنى تولىمۇ سۆيۈندۈرىدۇ. زەرىپىخان پۇل تاپقاندىن كېيىن ئۆزگىرىپ، ئۆزىدىن چېنىپ، سىرتتا ئاشنا تۇتۇۋالغان ئېرى رۇسۇل تەرىپىدىن شۇنچە خورلۇق ئازابلارنى تارتسىمۇ، رۇسۇلنىڭ بۇ ۋاپاسىزلىقىنى پەقەت پۇلدىن ۋە ئەتراپىدىكى ئادەملەردىنلا كۆرىدۇ. شۇڭا ئېرىنىڭ ھامان بىر كۈنى ئۆزگىرىپ ئادەم بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، ئۇنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتىدۇ. ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق رۇسۇلنىڭ قايتىدىن ئادەم بولۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. شۇنداق سەۋرى ـ تاقەت ئىچىدە نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. رۇسۇل تۇرمۇشنىڭ ھەممە قازانلىرىدا قايناپ، ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلغاندا سۆيۈملۈك ئائىلى زەرىپىخاننىڭ يېنىدا قايتا پەيدا بولىدۇ.

ئاپتور زەرىپىخاننىڭ پاك مۇھەببەت ئۈچۈن ھەم بالىلىرىغا مۇكەممەل بولغان بىر ئىللىق ئائىلە بەرپا قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ھەر قانداق خورلۇق ئازابلارنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۆز ئەقىدىسىدىن قايتمىغان سەۋرچان، ئەپۇچان خاراكتېرىنى ئۇنىڭ دوستى ھەسەلخان بىلەن بولغان تۆۋەندىكى دىئالوگى ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن.

«ـ زەرىپىخان تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى ئالقىنى بىلەن ئېتىپ تۇرۇپ، تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىنى تەستە مىدىرلىتىپ دوستىغا يالۋۇردى. بۇ دەردىنى مەنىلا تارتىپ ئۆتۈپ كېتەي، رۇسۇلنى بالاغا قويمايلى. بالىلىرىم بار، ئىنساپ قىلار، بىر كۈنى يامان يولدىن يانار! »، «ـ نېمانچە قارايسەن ھەسەل؟ قىزلار دېگەن مۇھەببەت ئۈچۈن ھەممە نەرسىنى قۇربان قىلىشقا يارالغان خەقكەنمىز، تۈگىدى، ھەممىنى ئاشۇ رۇسۇل ئۈچۈن سەرپ قىلىپ بولدۇم، ئەمدى بىرلا ئىسسىق جېنىم قالدى، ئۇنىڭمۇ ئاياپ ئولتۇرغۇچىلىكى قالمىدى».

www.uyghurkitap.com



دەرۋەقە، زەرپىخاننىڭ پاك مۇھەببىتى، سەۋرچان روھى، ئۆز ۋاپادارىدىن تانغان، ئازغان رۇسۇلنىمۇ ئاخىر مىڭ بىر پۇشايمانلىرى بىلەن قايتۇرۇپ كېلىدۇ. ئاپتور زەرپىخان ئوبرازى ئارقىلىق ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈنمۇ ئائىلىسىنى ۋەيران قىلىپ، باللارنى يېتىملىك كوچىسىغا باشلايدىغان بىر قىسىم ئايالىلارغا قايتا ئويلىنىش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگەن.

«ۋاپادارلىق» پوۋېستىدا ئاپتور كۆرۈمسىز ھەتتا تاماق ئېتىشنىمۇ بىلمەيدىغان، ئەمما ئۆز مۇھەببىتىنى قەدىرلەيدىغان، مېھرى ـ مۇھەببەتلىك، ساددا، ۋاپادار، ئاشىق، باشقىلار تەرىپىدىن ئېغىر قىسمەتلەرگە يولۇققان ئائىلە ئايالى تۇردىخان ئوبرازىنى ياراتقان. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن تۇردىخان يېتىمچىلىك تۈپەيلىدىن كىچىكىدىن خورلۇق، ئېغىر ئەمگەك، يېلىڭ ـ يالىڭاچلىق، كەمسىتىشلەر ئىچىدە ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇپ چوڭ بولغان. دەسلەپكى يولدىشى قاۋۇل تەرىپىدىن خورلانغان تۇردىخان قۇباقنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۆزىنى ئىنتايىن بەختلىك ھېسابلايدۇ. ياخشى بىر ھىمايىچىگە ئېرىشتىم دەپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئېرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ. ئەر ـ ئايال ئىككەيلەننىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى، بولۇپمۇ تۇردىخاننىڭ ئۆز قولى بىلەن بەرپا قىلغان ھەر بىر نەرسىنى چىڭ تۇتۇپ باشقۇرۇشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىگىلىكى تېز راۋاجلىنىدۇ. ئەمما گول قۇباق ئاچكۆز ھېكىم تەرىپىدىن ئازدۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇباق سەتەڭ ھېلىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي تۇردىخاندىن چېنىپ ئۇنى تاشلىۋېتىدۇ.

تۇردىخان بولسا قۇباقنى تەسىرلەندۈرۈپ، ئۆز يېنىغا قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ھېچ سۈرە بىلمىسىمۇ ناماز ئوقۇپ دۇئا قىلىپ خۇدادىن ئېرىگە ئىنساپ تىلەيدۇ، بارلىق مېھرى ـ مۇھەببىتى بىلەن خۇددى كالا موزىيىنى ياخشى كۆرگەندەك، مېكىيان چۈجىسىنى ئاسرىغاندەك، قىزغىنىش بىلەن ئېرىنى ئاسرايدۇ. ھەتتا ئېرى ئۈچۈن موخوركا ئوراشنى ئۆگىنىدۇ، ئېرى كەلگىچە بىر تەخسىگە تاماكا ئوراپ قويىدىغان، ھەر كۈنى ئېرى ئۈچۈن بىر پىيالە خام قايماق، ئىككى تۇخۇم پىشۇرۇپ قويىدىغان بولىدۇ.

تۇردىخان مانا مۇشۇنداق زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما قۇباقنى ئۆز يېنىغا قايتۇرۇپ كېلەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ روھى ئازاب ئىچىدە ھەر كۈنى دېگۈدەك قۇباقنى كۆرۈش ئىستىكىدە ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئەگىپ يۈرىدۇ ۋە ھېكىم بىلەن قۇتىگۈلنىڭ قۇباققا قۇرغان تۇۋەندىكىدەك تۇزاقلىرىنى خۇپىيانە ئاڭلايدۇ:

«ـ ھېكىمجان!... ئەقىللىق، ئامەتلىك ئادەمسىز ـ دە، قاراڭا، چاندۇرماستىن ئىككى خوتۇنلۇق بولۇۋالدىڭىز...

ـ مەدەنىيەت ئىنقىلابى ياشىسۇن!... جاھان قالايمىقانلاشسا بىزدەكلەرگە ياخشىكەن... قۇباقلارمۇ ئادەم ـ ھە؟ چوكا سالغۇچتىن نېمە پەرقى بار؟... بوينىنى تۇتۇپ بەرگەن ئادەمنى بوزەك قىلمىساڭ نامەرد بولىسەن... قورقما، بىزدەكلەرگە ھۆكۈمەتنىڭ چولىسى يوق.» شۇنىڭ بىلەن تۇردىخان، ئۆزىنىڭ خورلانغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى يولدىشى قۇباقنىڭ ھېكىم بىلەن قۇتىگۈل تەرىپىدىن ئالدىنىپ، دەپسەندە قىلىنىپ خورلىنىۋاتقانلىقىغا چىدىمايدۇ ۋە ھاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ:

«ـ مېنىڭ نېمىگە ئىچىم كۆيسە شۇنى خورلايدىغان دۇنيا، ئەمدى سېنى قايسى كۆزۈم بىلەن كۆرەي!...» دەپ ئۆلۈۋالىدۇ.

ئاپتور ئەسەردە تۇردىخان ئوبرازى ئارقىلىق پاك، سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنى ۋە سەمىمىي ـ ساداقەتنى، شۇنداقلا ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ سىرتقى گۈزەللىكتە ئەمەس، بەلكى ئىچكى قەلب گۈزەللىكىدە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. «ئارچا ياپرىقى» ناملىق پوۋېستتا بولسا قەلبى پاك، سۆيگۈ ـ مۇھەببەتكە تولغان ۋاپادار، ساداقەتمەن مەھبۇبە ئوبرازىنى ياراتقان. مەھبۇبە باشتىن ـ ئاخىر ئېلىگە چىن مۇھەببەت باغلايدۇ. ئۇنىڭ ئېلىگە بولغان مۇھەببىتى كامىلجاندەك شۆھرەتپەرەس بايۋەچچىنىڭ خىلمۇ ـ خىل قايمۇقتۇرۇشلىرى ئالدىدا قىلچىمۇ تەۋرەپ قالمايدۇ.

چۈنكى ئېلىنىڭ ۋۇجۇدىكى ئىزدىنىش روھى،

كەسىپچانلىقى ۋە جاپاغا چىداش قەيسەر ئىرادىسى مەھبۇبەنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغانىدى. شۇڭا مەھبۇبە بۇ ساپ قەلب ئىگىسى، تىرىشچان يىگىت ئېلىگە پۈتۈن تەقدىرىنى باغلاپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدۇ. ئۇلار بەختلىك تۇرمۇشقا ئەمدىلا قەدەم قويغاندا ئېلى مەھبۇبەگە نىيىتىنى بۇزغان كامىلجاننىڭ سەۋەبى بىلەن ئۆگزىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ پالەچ بولۇپ قالىدۇ. ئەمما مەھبۇبەنىڭ ئېلىغا بولغان مۇھەببىتى يەنىلا ئۆزگەرمەيدۇ. بۇنى ئاپتور تۆۋەندىكى دىئالوگ ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن:

«- مەن سىزگە يۈك، - دېدى ئېلى ئۇزاق جىمجىتلىقتىن كېيىن قىزنىڭ چېچىنى ئويناۋاتقان بارماقلىرىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، - سىزنى بەختسىز قىلىپ قويدۇم...

- نېمە؟ سىز ھاياتقۇ، قىز كۈلۈپ تۇرۇپ ئېلىنىڭ ئېڭىكىدىن كۆتۈرۈپ كۆزىگە قاراپ - ئىنسان بەدىنى بىلەن ئەمەس، قەلبى بىلەن قەدىرلىك، بەدەن كالىدىمۇ، تۆگىدىمۇ بار. مەن جىسمىڭىزنى ئەمەس قەلبىڭىزنى ياراتقان. بەدىنىڭىز مەيلى قانچىلىك دەرىجىدە كېرەكسىز بولۇپ كەتسىمۇ يۈرىكىڭىز سوقۇۋېلا تۇرسا، پاك قەلبىڭىز ئۆزگەرمىسىلا، سىز يۈك ئەمەس بەلكى بەخت بولۇپ تۇيۇلىسىز، ماڭا لازىمى قەلبىڭىز».

گېگېل مۇھەببەت ھەققىدە توختىلىپ: «مۇھەببەتتە ھەقىقەتەن بىر خىل ئالىيجاناب پەزىلەت بار، ئۇ پەقەت جىنسىي ھەۋەس بىلەنلا توختاپ قالماستىن بەلكى ئۆزىدىكى ئالىيجاناب، گۈزەل قەلبنى تولۇق ئىپادىلەپ جانلىق، تېتىك، باتۇر، پىداكارانە روھ ئارقىلىق باشقا بىرەيلەن بىلەن بىرلىشىش تەلپىدە بولىدۇ.» دېگەن. ئاپتور مەھبۇبە ئوبرازى ئارقىلىق خۇددى گېگېل ئېيتقاندەك پىداكارانە روھنى ئىپادىلەپ، ياخشى كۈنلەردە يولداشنىڭ يېنىدا، يولداشنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەندە سەن بىلەن ئادا-جۇدا دەيدىغان بىر قىسىم ۋاپاسىز ئاياللاردىن ئالاھىدە پەرقلەندۈرۈپ ئۇنىڭ ئاقكۆڭۈل، ۋاپادار، گۈزەل قەلب ئىگىسى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر سۆيۈنۈش ۋە ئۆگىنىش تۇيغۇسى قوزغىغان.

زوردۇن سابىر «خىرە دېرىزە» ناملىق پوۋېستىدا ئىسرايىل بوۋاينىڭ ياشلىقىدا نىكاھلىنىپ ئۈچ كۈن بىرگە بولۇپ، مەنچىستىر دوپپىسى بىلەن پەشمىتىنى يالىدىما قىلىپ، "مېنى ساقلا بىر يىلدا قايتىپ كېلىمەن" دېگەن بىر ئېغىز سۆزى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۈتكەن پاك، ئەقىدىلىك ھاشىخان ئوبرازى يارىتىلغان. «سوبھى» پوۋېستىدىكى ئاگرونوم قىز راھەتنىڭ ئەسەتنى 13يىل كۈتۈشى ئەسەتنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئايال غىلمان ھاكىم پەيدا بولغان چاغدا بولسا، ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئەسەت ئۈچۈن ئاقلىغۇچى، شۇ رەھىمسىز يىللارنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىشى راھەتنىڭ مۇھەببەتنى قەلبىدە يۈكسەك بىلىدىغان ئېسىل ئەخلاقىنى دەلىللەپ بېرىدۇ. دېمەك، ئاپتور يۇقىرىقى بىر قاتار ئوبرازلار ئارقىلىق پاك، سۆيگۈ-مۇھەببەتنى، سەمىمىي-ساداقەتنى، ۋاپادارلىقنى، گۈزەل ئەخلاقنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن.

### ئۈچىنچى، ئىسيانكار ئاياللار ئوبرازى

زوردۇن سابىر «گۈلەمخان» ناملىق پوۋېستىدا گۈلەمخان ۋە زىلەمخاندىن ئىبارەت ئىسيانكار قىزلارنىڭ ئوبرازىنى ياراتقان. بۇ قىزلار ئەقىل-ھوشلۇق بولغاندىن سىرت، ئۆتكۈر تىلغا، قوشاق، بېيىت توقۇشقا ناھايىتى ماھىر بولۇپ مەھەللىدە غۇلام مەزىندىن باشقىسى ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى ياخشى دەپ قارىغان كىشىلەرنى ھەر ۋاقىت ھىمايە قىلىدۇ، قوغدايدۇ، دۈشمەنلىرىگە قىلچىلىك يۈز خاتىرە قىلىپ ئولتۇرمايدۇ. ئۆتكۈر تىل بىلەن رەقىبلىرىنىڭ دەككىسىنى بېرىپ، ئۆزلىرى ھۆرمەتلەيدىغان كىشىلەرنى مەدھىيىلەيدۇ. ئاپتور ئەسەردە بۇ قىزلارنىڭ باتۇر، قورقۇمسىز، مۇھەببەت-نەپرەتتى ئېنىق ئىسيانكار خاراكتېرىنى ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلەپ بېرىدۇ.

«- ئېرىم قىل، زىياۋۇدۇننىڭ بۇلبۇلى، قوشاق بىلەن ئېرىم قىل!

www.uyghurkitap.com



قىز سوغا بىلەن بېشىنى ھىمايە قىلىپ ئوت چاقنىغان كۆزلىرىنى ئالايتتى. — ۋۇ بوجەن چەكچەيمە، بىكارلا بۆركۈتۈمگە يەم بولىسەن! باي بۆركۈتنى قىزنىڭ بېشىدا پۇلاڭلاتتى. لېكىن قىز ۋار-چۇر قىلمىدى. سوغىنى پۇلاڭلىتىپ ئۆزىنى ھىمايە قىلدى.

-بول قانجۇق! باي ھومايدى.

چاشقان ئېلىك! قىز غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى.

-نېمە؟ باي قامچىسى بىلەن قىزنىڭ دولىسىنى چىرتىپ ئۇردى.

-توڭگۇز ئېلىك ئىلاھىم! قىز سوغا بىلەن ئاتنىڭ بېشىغا ئۇردى. ئات خارىلداپ ئارقىغا شوخشىدى. قالغان ئۇۋچىلارمۇ قامچىلىرىنى پۇلاڭلىتىپ باي ئۈچۈن ياقا يىرتىشقا تەييارلىنىشتى. لېكىن باي بۇرۇلۇپ-تاتىرىشنىڭ ئورنىغا قىزغا قاراپ ھىجايدى.

-بولدى، ئۇنى قويۇۋېتىڭلار. نېمە ئالىدىغىنىمنى كۆزدە كۆرۈدۇ بۇ چىرايلىق، ھى-ھە-ھى! قىز، قېنى بىر بېيت ئېيتقىنا ئاق يولluق بولايلى.

قىز نەپرەتلىك كۆزلىرى بىلەن بايغا تىكىلدى-دە قوشاق ئوقۇدى:

ئوچاق بېشىدا ئويماق،
بۆكىڭىزنى قىردا قويماڭ.
مەن سىزنىڭ خىلىڭىز ئەمەس،
خىلىڭىزنى تېپىپ ئويناڭ.»

يۇقىرىقى دىئالوگدا ئاپتور گۈلەمخاننىڭ باتۇر، قورقۇمسىز خاراكتېرىنى مانا مۇشۇنداق ئېچىپ بەرگەن بولسا، زىلەمخاننىڭ شوخ، تېتىك، قورقماس ئىسيانكار خاراكتېرىنى تۆۋەندىكى قوشاق ئارقىلىق ئېچىپ بەرگەن:

«ئۆرۈكنى قېقىۋەتتى،
تۆتىنچى ئاينىڭ دوققىلى.
يوقالماسەن كۆزۈمدىن،
ئەڭگە باينىڭ توقلى.»

ئەسەردە ئاپتور يەنە گۈلەمخاننىڭ قىزلارغا خاس لاتاپەتكە ئىگە چېچەنلىكىنى تەسۋىرلەپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئوغۇللاردەك چەبدەس ۋە دادىللىقىنى ئۇنىڭ ئەمەلىي ئىش-ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق تۆۋەندىكىدەك جانلىق سۈرەتلەپ بەرگەن:

«-ئاتقا مىنىڭ! دېدى گۈلەمخان ئوغۇلچە ياسانغان ھالدا ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ.

-نېمىگە؟-بوساق مەقسەتسىز سورىدى.

-تېخى بىلمەمسىز!؟-دېدى گۈلەمخان دادىللىق بىلەن،- مەن بۇ يەرگە بىكار كەلمىدىم، مېنى ئېلىپ قاچىسىز!

-ياق، ياق، مەن قورقىمەن-بوساق داجىدى،- سىز ئەڭگە باينىڭ!...

-ئانداق بولسا،-دېدى قىز ئاتقا سەكرەپ مىنىپ،- مىنىڭىشىڭ، مەن سىزنى ئېلىپ قاچاي!»

گۈلەمخان غۇلام مەزىنىدەك ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا زالىم بايلار ۋە ھۆكۈمرانلارغا نەپرەتلىنىش، ئازادلىق ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئېڭى ئۆسۈپ يېتىلگەن. شۇڭا ئۇ ئىنسان ھۆرلىكى مۇھەببەت ئەركىنلىكى يولىدا فېئودال قارا كۈچلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى تۈرلۈك قاماللىرىنى يوكسەك قارشىلىق كۆرسىتىش روھى بىلەن دادىل بۆسۈپ ئۆتۈپ توي كۈنى قېچىپ كېتىدۇ ھەم غۇلام مەزىن باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابچىلار سېپىگە قېتىلىپ قولىغا قورال ئېلىپ كۈرەدە جىياڭجۈن ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش، ئەزگۈچىلەرنى يوقۇتۇش كۈرىشىگە قاتنىشىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئاشكارا ھالدا فېئوداللىق تۈزۈمگە جەڭ ئېلان قىلغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

گۈلەمخاننى قاچۇرۇۋېتىش ئىشى ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئويلىمىغان يەردىن ئەڭگە بايغا ياتلىق قىلىنىشتىن ئىبارەت بۇ شۇم تەقدىر زىلەمخاننىڭ بېشىغا چۈشىدۇ. ئەمدىلا 14 ياشقا كىرگەن بۇ گۆدەك قەلب ئىگىسى زىلەمخان ئەڭگە باي تەرىپىدىن نابۇت قىلىنىدۇ. زىلەمخان ئۆز قەدىر- قىممىتىنى بۇنداق ئاياق-ئاستى قىلىپ ياشاشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرۈپ، ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋالىدۇ.

دېمەك، ئاپتور گۈلەمخاننىڭ دادىللىق بىلەن قولىغا

قوراڭ ئىلىشى، زىلەمخاننىڭ ئۆلۈمى ئارقىلىق قارشىلىق كۆرسىتىش يولىغا مېڭىشىدەك ئىسيانكار روھىنى تېپىكلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەپ، فېئوداللىق جەمئىيەت تۈزۈمىگە، فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىگە، ئەركىنلىك ۋە ھەققانىيەتنىڭ قاتىللىرىغا قارشى باتۇرلۇق بىلەن ئوت ئاچقان بۇ قىزلارنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن.

**تۆۋەنچى، ئەخلاقى پەزىلەتلەردىن ياتسىرىغان ئاياللار ئوبرازى**

زوردۇن سابىر پوۋېستلىرىدا يۇقىرىقىدەك ئۆز ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان، ئىلىم-پەن ئارقىلىق ئۆز قىممىتىنى يارىتىۋاتقان، چىن ئىنسانىي مۇھەببەتكە ئىگە ۋاپادار، ساداقەتمەن، قەلبى گۈزەل ئاياللار ئوبرازىنى يارىتىپلا قالماي، يەنە مال-دۇنياغا بېرىلگەن، ئادىمىيلىك غۇرۇر ۋە ئاياللىق خىسلەتلىرىنى يوقاتقان ئازنىخان، خانقىز، قۇتىگۈل، ئايىمخان قاتارلىق سەلبىي ئاياللار ئوبرازىنىمۇ ياراتقان. مەسىلەن:

«خەيرلىك ئىش» پوۋېستىدىكى ئايىمخان ئۆز ئىپپىتىنى پۇل، مال-دۇنياغا ساتىدۇ. بىر-بىرى بىلەن سودا مۇناسىۋىتى بولغان ھېلىم جادۇ ۋە رۇسۇلدىن ئىبارەت ئىككى ئەر بىلەن بىنورمال مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. ھەتتا ئايىمخان تەپتارتماستىن، ھەسەلخان ئارقىلىق زەرىپىخانغا: «رۇسۇل مېنىڭ، ئۇنىڭ پۇللىرىغا مەن شېرىك. تېخى مەھەللىۋىلاردىكى ھەيۋەت ئۆيىنىمۇ مەن تۇتىمەن، خوتۇننى خىزمىتىمگە سالىمەن.» دېگەن دۇئايى سالامنى يوللايدۇ.

«ۋاپادارلىق» پوۋېستىدىكى قۇتىگۈلمۇ ئوخشاشلا بىر بىرى بىلەن تونۇشلۇقى بولغان ھېكىم بىلەن قۇباقتىن ئىبارەت ئىككى ئەر بىلەن بىنورمال مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. قۇتىگۈلنىڭ ھازازۇللىقى ئايىمخاندىن ئېشىپ چۈشىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ گۈزەل چىراي، ناز كەرەشمىلىرىگە تايىنىپ، ئۆزى قىلچە ياخشى كۆرمەيدىغان، كۆرۈمسىز قۇباقنى پەقەت ئۇنىڭ مال-دۇنياسىغا ئېرىشىش ئۈچۈنلا ئۇنى ئازدۇرۇپ، شۇ ئائىلىنىڭ خوجايىنلىق ھوقۇقىنى قولغا ئالىدۇ ھەم قۇباقنىڭ ۋاپادارى تۇردىخاننىڭ ئۆلۈۋېلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ.

«گۈلەمخان» پوۋېستىدىكى گۈلەمخاننىڭ ئانىسى ئازنىخان بولسا، مال-دۇنيا، يۈز-ئابرۇيغا جېنىنى بېرىدىغان ھازازۇل، ۋاپاسىز ئايال.

ئاپتور ئازنىخاننىڭ بۇ خىل خاراكتېرىنى تۆۋەندىكى پارچىلاردا روشەن يورۇتۇپ بەرگەن:

«-ئاتلار تېپىلدىما؟

-ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ پايدا ئەمدى قىزىم، بەختىڭ ئېچىلدى. بەرقۇت، مەخمەل، تاۋار-دۇردۇن، لەمبۇق-كەشمىر، ئالتۇن-كۈمۈشكە ئورۇلۇپ كېتىدىغان بولدۇڭ ئەمدى.»

«-ئامەت، بەخت دېگەن شۇ، ئەڭگە بايغا ئانا بولىدىغان بولدۇم، بۈگۈن جانىسىخان ئاپپاقنىڭ ئۆزى مېنى سارايغا تەكلىپ قىلىپ گۈلەمخاننى سورىدى. ئايلانسۇن بىر ئەمەس يۈز گۈلەمخان بولسىمۇ باينىڭ بېشىدىن سادىغا قىلىۋېتىمىز دېدىم.»

«-ئۆزۈم چوڭ قىلدىم، قىزىم مېنىڭ قولۇمدىكى ئۆزۈكۈم، كۆڭلۈم كىمنى تارتسا شۇنىڭ قولىغا سېلىپ قويىمەن.»

ئازنىخان ئۆز قىزى گۈلەمخاننى دادىسىدىنمۇ چوڭ بولغان ئەڭگە بايغا ياتلىق قىلىشنى خۇشاللىق بىر ئامەت دەپ بىلىدۇ. ئاخىرىدا گۈلەمخان ئۇنى داغدا قويۇپ قېچىپ كەتكەندە بولسا ھېچ ئىككىلەنمەستىن گۈلەمخاننىڭ نەۋرە سىڭلىسى زىلەمخاننى تۇتۇپ بېرىپ بۇ مەسۇمەنىڭ ئۆلۈۋېلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. «ئارچا يايرىقى» پوۋېستىدىكى خانقىز بولسا بىر زىيالىي ياش بولسىمۇ جاھاننىڭ ئىشلىرىنى ئويۇن تاماشا دەپ چۈشەنگەن، ياسانچۇق، بىلىمنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىغان، كۆڭۈلنى بايلىق-مەرتىۋە بىلەن ئۆلچەيدىغان، شۇ سەۋەبتىن ئەڭ ئاخىرىدا ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قىلمىشتەك پاجىئەگە يولۇققان ئوبراز.

ئاپتور يۇقىرىقى بىر قاتار ئوبرازلار ئارقىلىق راھەت-پاراغەت ئۈچۈن بايلىق قوغلىشىپ ياشاشنىڭ ئاياللارنىڭ

قەدىر ـ قىممىتىنى تۆۋەنلىتىپ پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەرگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

**بەشىنچى، يولدىن ئازغان چۈشكۈن ئاياللار ئوبرازى**

زوردۇن سابىر «تۇمان» ناملىق پوۋېستىدا گۈزەل ياشلىق باھارىنى ئىچىملىك ۋە چېكىملىككە سەرپ قىلىپ، يولدىن ئېزىپ، بۇ پاتقاقتىن چىقالماي، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئۆز ئۆلۈمىنى كۈتۈپ ياتقان بىر قىسىم قىز ئاياللىرىمىزدىكى روھىي زەئىپلىكنى ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ھەبىبە ئوبرازىغا مەركەزلەشتۈرۈپ كۆرسىتىپ بەرگەن. مەسىلەن:

«ـ سەن بۇ ئىشلارنى نەدىن بىلىسەن؟ ئۆيدىن تالاغا چىقمىساڭ.

ـ ھەبىبە ئاڭلاپتۇ.

ـ ھەبىبە دېگەن كىم ئۇ؟

ـ بىلمەمسىنا؟ بۇرۇنقى سەتەڭ. ھازىرقى كېسەل كۆرپىسى ھى،ھى... ـ يىگىت پىخىلداپ كۈلدى، ـ ئۇ بىزنىڭ ئۆلپىتىمىز، خىروئىن چېكىشنى بىز بىلەن بىللە باشلىغان بىللە ئۆلىمىز. ئۇنىڭ گېپى توگىمەيلا ياتاقتا چاچلىرى تولىمۇ قويۇق، بۇدۇر، زەپىرەڭ يۈزىنى چاچلىرى يېپىپ بۇرنىنىڭ ئۇچى بىلەن ئېغىزىلا كۆرۈنۈپ قالغان ئاۋاق قىز سەندىرەكلەپ كىرىپ كەلدى، ـ ماڭىمۇ قارايدىغانلار بار ئىكەن، ئازراق تاپاۋەت قىلدىم. بولە، ھەي مانا ‹مەمبولۇمۇ› بار، ـ دېدى قىز نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن ھوشۇرغا قاراپ قويۇپ. »

مانا بۇ پارچىدىن ھەبىبەنىڭ ئىمجان، چۈشكۈن ھالىدىن تاماكىنىڭ قۇلى بولۇپ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىپپەتلىك، شەرم ـ ھايالىق گۈزەل ئوبرازىغا داغ تەگكۈزۈپ ئۆزىنىڭ ئانىلىق سالاھىيىتىنى يوقۇتۇپ قويىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، زوردۇن سابىر قەلىمى ئاستىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئاياللار ئوبرازى ئۆزلىرىنىڭ لاتاپەتلىك سىماسى بىلەن گۈزەل بولۇپ قالماستىن، بەلكى ھەقىقىي ئۇيغۇر ئاياللىرىغا خاس گۈزەل ئەخلاق پەزىلىتى چىدامچانلىقى، تىرىشچان روھى، ۋاپادارلىقى بىلەن شۇنچە سۆيۈملۈكتۇر.

ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ئاياللارنىڭ بەختلىك ۋە بەختسىز كەچۈرمىشلىرى شۇنىڭدەك ئۇلۇغ ئانىلىق سالاھىيىتىگە ئىگە بولمىغان بىر قىسىم ئاياللارنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى بىزنى ئاياللار ۋە جەمئىيەت ھەققىدە قايتا ئويلىنىشىمىزغا، ئۇلگە ئېلىشىمىز ۋە ئىبرەت ئېلىشىمىزغا يول كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

**پايدىلانمىلار**


[1] زوردۇن سابىر: «ئارچا ياپرىقى»(پوۋېستلار توپلىمى) [M]، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى.

[2] زوردۇن سابىر: «خىرە دېرىزە»(پوۋېستلار توپلىمى) [M]، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى.

[3] زوردۇن سابىر:«گۈلەمخان»(پوۋېستلار توپلىمى) [M]، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى 10 ـ ئاي نەشرى.

[4] ئازاد سۇلتان: «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» [M]، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن**

30-يىللىق 3-سان    شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى)    第 30 卷第 3 期
2009-يىلى سېنتەبىر    新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)    2009 年 9 月

ماقالە نومۇرى: 1005-5878 (2009) 03-097-08

# مۈلۈك ھوقۇقىغا توغرا نىيەتتە ئېرىشىش تۈزۈمى توغرىسىدا*

غەيرەت نۇرەخمەت

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى، 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** نۆۋەتتە تاۋار ئۆي سودىسىنىڭ جانلىنىشىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭغا دائىر ھەق تەلەپ ماجىرالىرى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. مۈلۈك ھوقۇقىغا توغرا نىيەتتە ئېرىشىش تۈزۈمىنى توغرا، ئەتراپلىق چۈشىنىش — بۇ تۈردىكى ماجىرالارنى ئادىل بىر تەرەپ قىلىپ جەمئىيەتتىكى سودىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ماقالىدە، مۈلۈك ھوقۇقىغا توغرا نىيەتتە ئېرىشىش تۈزۈمى، ئۇنىڭ شەكىللىنىش شەرتلىرى ۋە قانۇنىي ئاقىۋىتى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要:** 当前，随着商品房交易的活跃，与此相关的民事纠纷日益增多。正确、全面地理解善意取得产权的制度对公正处理此类纠纷、保障社会交易安全具有重要的意义。本文论述善意取得产权的制度及其形成的条件和法律后果等问题。

**Abstract:** With the development of the household goods market, financial complaints are increasing as well. Correctly and fully understanding the rules involving the correct receipt of goods is of enormous importance in fairly handling this sort of complaint and guaranteeing the safety of trade in society. In this article, a discussion will be carried out on the rules governing the correct way to receive goods, the requirements for its formation, its legal repercussions, and various other issues.

**كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: D923.2**    **ماتېرىيال بەلگىسى: A**

مۈلۈك ھوقۇقىغا توغرا نىيەتتە ئېرىشىش تۈزۈمى پۈتكۈل مۈلۈك ھوقۇقى قانۇن سىستېمىسىدا، بولۇپمۇ مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ ئۆزگىرىشىگە دائىر قانۇن-تۈزۈملەردە ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان بولۇپ، بۇ تۈزۈم دۆلىتىمىزنىڭ ئىلگىرىكى ھەق تەلەپ ئىشلىرىغا دائىر قانۇن-قائىدىلەردە بىۋاسىتە بەلگىلەنمىگەن. كۆچمە مۈلۈككە بولغان مۈلۈك ھوقۇقىغا توغرا نىيەتتە ئېرىشىش تۈزۈمى پەقەت بىر قىسىم ھەق تەلەپ ئىشلىرىغا دائىر ئەدلىيىلىك ئىزاھاتلاردا ناھايىتى ئاددىي ھالدا ئەكس ئەتكەن. مۈلۈك ھوقۇقىغا توغرا نىيەتتە ئېرىشىش تۈزۈمى 2007-يىلى 3-ئاينىڭ 16-كۈنى ماقۇللانغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مۈلۈك ھوقۇقى قانۇنى»دا تۇنجى قېتىم مۇكەممەل ئاساستا بەلگىلەندى ھەمدە بۇ تۈزۈمنىڭ تەتبىقلىنىش دائىرىسى ئىلگىرىكى كۆچمە مۈلۈكتىن كۆچمەس مۈلۈككە كېڭەيتىلدى. بۇ تۈزۈمگە دائىر ئاساسلىق قائىدە-پرىنسىپلار مەزكۇر قانۇننىڭ 106-، 107-، 108-ماددىلىرىدا ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. مۈلۈك ھوقۇقىغا توغرا نىيەتتە ئېرىشىش تۈزۈمىنىڭ ھەقىقىي روھىي ماھىيىتىنى ۋە دۆلەتنىڭ بۇ جەھەتتىكى قانۇن چىقىرىش مەقسىتىنى توغرا چۈشىنىش نۆۋەتتە كۈنسايىن كۆپىيىۋاتقان مۈلۈك ھوقۇقىغا دائىر

* بۇ ماقالە 2009-يىل 18-مارت تاپشۇرۇپ ئېلىندى.

ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى: غەيرەت نۇرەخمەت (1958-يىلى 6-ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، ھەق تەلەپ سودا قانۇنى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ماجىرالارنى ئادىل بىر تەرەپ قىلىپ جەمئىيەتتىكى سودىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

### 1. مۈلۈك ھوقۇقىغا توغرا نىيەتتە ئېرىشىش تۈزۈمى ۋە ئۇنىڭ قىممىتى

مۈلۈك ھوقۇقىغا توغرا نىيەتتە ئېرىشىش تۈزۈمى باشقىلارنىڭ ئىگىدارلىقىدىكى كۆچمە مۈلۈك ياكى كۆچمەس مۈلۈكنى قانۇنلۇق ئىگىلەپ تۇرغان ئەمما ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولمىغان كىشى ئۆزى ئىگىلەپ تۇرغان مال ـ مۈلۈكنى ئۈچىنچى كىشىگە ئۆتۈنۈپ بېرىدىغان، ئۆتۈنۈۋالغۇچى شۇ مۈلۈككە توغرا نىيەتتە ئېرىشىدىغان، مۈلۈكنىڭ ئەسلى ئىگىسى شۇ مۈلۈككە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولىدىغان قانۇن ـ تۈزۈمنى كۆرسىتىدۇ.

مۈلۈك ھوقۇقىغا توغرا نىيەتتە ئېرىشىش تۈزۈمى ئەمەلىيەتتە خاس كۆچمە مۈلۈك ياكى كۆچمەس مۈلۈكنى چۆرىدىگەن ھالدا مۈلۈكنىڭ ئەسلىدىكى ئىگىدارلىق قىلغۇچىسى، شۇ مۈلۈككە توغرا نىيەتتە ئېرىشكەن ئۈچىنچى كىشى ۋە شۇ مۈلۈكنى قانۇنلۇق ھالدا ئىگىلەپ تۇرغان، ئەمما بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولمىغان كىشىدىن ئىبارەت ئالاقىدار ئۈچ تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى قانۇنىي مۇناسىۋەتنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

توغرا نىيەتتە ئېرىشىش تۈزۈمى چوڭ قۇرۇقلۇق قانۇن سىستېمىسى بىلەن ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا قانۇن سىستېمىسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنىدا ئورتاق بەلگىلەنگەن بىر خىل قانۇنىي تۈزۈم بولۇپ، ئۇ ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ تىنچ ھالەتتە تۇرۇۋاتقان مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش رولى بىلەن ھەرىكەت ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان، جۈملىدىن، سودىلىشىۋاتقان مۈلۈكنىڭ مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش رولىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مۈلۈك ھوقۇقىنى نورمال قوغداش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، مال ـ مۈلۈككە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىدىن باشقىلارنىڭ ھوقۇقسىز ھالدا بىر تەرەپ قىلىش ھەرىكىتى ئارقىلىق مەھرۇم قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئەگەر شۇنداق ئەھۋال كۆرۈلسە، مۈلۈككە ئىگىدارلىق قىلغۇچى مۈلۈكنى ئۆتۈنۈۋالغۇچىدىن مۈلۈككە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. ئەمما بۇ پرىنسىپ ھەددىدىن زىيادە تەكىتلەنسە ئۇ مۇقەررەر ھالدا جەمئىيەتتىكى سودىنىڭ بىخەتەرلىكىگە خەۋپ تۇغدۇرىدۇ. چۈنكى نورمال سودا مۇناسىۋىتىدە مۈلۈكنى ئۆتۈنۈپ بەرگۈچىگە بولغان ئىشەنچ قانۇن تەرىپىدىن قوغدالمىسا، بازاردا ھېچكىم سودا قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. كىشىلەر ئۆزى قىلىۋاتقان سودىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن چوقۇم مۈلۈكنى ئۆزىگە ئۆتۈنۈپ بېرىۋاتقان كىشىنىڭ شۇ مۈلۈكنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ياكى ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈشى كېرەك. بۇنداق بولمىغاندا سودىنىڭ تەننەرخى ئۆرلەپ كېتىدۇ ۋە سودا پائالىيىتىگە قۇلايسىزلىق ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا تىنچ ھالەتتە تۇرغان مۈلۈك ھوقۇقىنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى ھەر كۈنى تەكرار داۋاملىشىۋاتقان سودىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنىدا مۈلۈك ھوقۇقىغا توغرا نىيەتتە ئېرىشىش تۈزۈمى بەلگىلەنگەن. دېمەك، بۇ تۈزۈمنىڭ قىممىتى ئەسلىدىكى مۈلۈك ئىگىسىنىڭ مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى سودىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت.

### 2. مۈلۈك ھوقۇقىغا توغرا نىيەتتە ئېرىشىشنىڭ شەكىللىنىش شەرتلىرى

دۆلىتىمىز «مۈلۈك ھوقۇقى قانۇنى»نىڭ 106 ـ ماددىسىدا «بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى بولمىغان كىشى كۆچمەس مۈلۈك ياكى كۆچمە مۈلۈكنى ئۆتۈنۈۋالغۇچىغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن بولسا، ئىگىدارلىق قىلغۇچى قايتۇرۇۋېلىشقا ھوقۇقلۇق؛ قانۇندا ئايرىم بەلگىلەنگەنلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تۆۋەندىكى ئەھۋاللارغا چۈشىدىغان ئۆتۈنۈۋالغۇچى مەركۇز كۆچمەس

مۈلۈك ياكى كۆچمە مۈلۈكنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا ئېرىشىدۇ:

(1) ئۆتۈنۈۋالغۇچى مەركىزى كۆچمەس مۈلۈك ياكى كۆچمە مۈلۈكنى توغرا نىيەتتە قوبۇل قىلغان بولسا؛ (2) مۇۋاپىق باھادا ئۆتۈنۈپ بېرىلگەن بولسا؛ (3) ئۆتۈنۈپ بېرىلگەن كۆچمەس مۈلۈك ياكى كۆچمە مۈلۈكتىن قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە تىزىملاشقا تېگىشلىكلىرى تىزىملانغان، تىزىملاشقا تېگىشلىك بولمىغانلىرى ئۆتۈنۈۋالغۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن بولسا» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ ماددىنىڭ روھىغا ئاساسلانغاندا، مۈلۈك ھوقۇقىغا توغرا نىيەتتە ئېرىشىشنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك بەش شەرت ھازىرلانغان بولۇشى كېرەك:

1) بۇ تۈزۈمنى تەتبىقلاشقا بولىدىغان مال-مۈلۈك كۆچمە مۈلۈك بىلەن كۆچمەس مۈلۈكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى شەرت.

ئەنئەنىۋى ھەق تەلەپ قانۇنىدىكى مۈلۈك ھوقۇقىغا توغرا نىيەتتە ئېرىشىش تۈزۈمى پەقەتلا كۆچمە مۈلۈككە تەتبىقلىنىلغان. يەنى پەقەت كۆچمە مۈلۈككە بولغان مۈلۈك ھوقۇقىغا توغرا نىيەتتە ئېرىشىش تۈزۈمى بويىچە ئېرىشكىلى بولىدۇ دەپ قارالغان. ئەمەلىيەتتە توغرا نىيەتتە ئېرىشىش تۈزۈمىدىكى ئۆتۈنۈۋالغۇچىدا توغرا نىيەت بولۇش دېگەنلىك، ئۆتۈنۈۋالغۇچى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولمىغان كىشى مال-مۈلۈكنى ئۆزىگە ئۆتۈنۈپ بەرگەندە، شۇ كۆچمە مۈلۈكنى ئىگىلەپ تۇرغۇچى شۇ مۈلۈكنىڭ ھەقىقىي ئىگىدارى ياكى شۇ كۆچمەس مۈلۈكنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى گۇۋاھنامىسىگە ئىسمى يېزىلغان ئادەم شۇ مۈلۈكنىڭ ئىگىدارى دەپ ئىشەنگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ مۈلۈكنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى ئەمەسلىكىنى بىلمەسلىكىنى، شۇنداقلا بىلىشى ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

رېئال تۇرمۇشىمىزدا كۆچمە مۈلۈكنى ئىگىلەپ تۇرغۇچى شۇ مۈلۈكنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولمايدىغان ئەھۋاللار دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، تۆۋەندىكى قانۇنىي مۇناسىۋەتلەر تۈپەيلىدىن بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولمىغان كىشىلەر مۈلۈك ئىگىسىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئۇنىڭ مۈلكىنى قانۇنلۇق ئىگىلەپ تۇرىدۇ، مەسىلەن:

ساقلاش ۋە ئىسكىلاتتا زاپاس ساقلاش توختام مۇناسىۋىتى، ئىجارە ۋە ئارىيەت ئېلىش توختام مۇناسىۋىتى، توشۇشنى ھاۋالە قىلىش ۋە زاكاسنى ھۆددىگە ئېلىش توختام مۇناسىۋىتى، سىناپ ئىشلىتىش مۇددىتى بولغان سېتىۋېلىش-سېتىش توختام مۇناسىۋىتى قاتارلىقلار.

دېمەك، يۇقىرىقى توختام مۇناسىۋىتى سەۋەبىدىن مال-مۈلۈكنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولمىغان كىشى باشقىلارنىڭ مال-مۈلكىنى مەلۇم ۋاقىت قانۇنلۇق ئىگىلەپ تۇرىدۇ ۋە قانۇنلۇق ئىگىلەپ تۇرغان ئەھۋالدا ئۆزى ئىگىلەپ تۇرغان، ئەمما بۇ مۈلۈك پالانىغا تەۋە دېيىدىغان شەرتلىك بەلگىسى بولمىغان كۆچمە مۈلۈكنى ئەھۋالدىن خەۋەرسىز بولغان ئۈچىنچى كىشىگە ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ. ئۈچىنچى كىشى شۇ مۈلۈككە ئېرىشكەندە مۈلۈكنى ئۆتۈنۈپ بەرگۈچىنى شۇ مۈلۈكنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى دەپ قارايدۇ ۋە قانۇن بويىچە شۇ مۈلۈككە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا ئېرىشىدۇ.

رېئال تۇرمۇشىمىزدا يەنە مۈلۈك ھوقۇقى گۇۋاھنامىسىگە ئىسىم فامىلىسى ياكى نامى خاتا يېزىلىپ قالىدىغان ياكى ھەقىقىي مۈلۈك ئىگىسى بىلەن ھاۋالىنى قوبۇل قىلغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى خۇپىيانە كېلىشىم بويىچە كۆچمەس مۈلۈكنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى بىلەن ھوقۇق گۇۋاھنامىسىگە ئىسمى يېزىلغان ھوقۇق ئىگىسى بىردەك بولمايدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. نەتىجىدە ھوقۇق گۇۋاھنامىسىگە ئىسمى يېزىلغان، لېكىن مۈلۈكنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى بولمىغان كىشى شۇ كۆچمەس مۈلۈكنى توغرا نىيەتلىك ئۈچىنچى كىشىگە ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ. ئۈچىنچى كىشى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بېرىلگەن گۇۋاھنامىگە ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۆتۈنۈپ بەرگۈچى بىلەن سودا قىلىدۇ ۋە مۈلۈك ھوقۇقىغا توغرا نىيەتتە ئېرىشىش تۈزۈمى بويىچە شۇ كۆچمەس مۈلۈككە بولغان ئىگىدارلىق

www.uyghurkitap.com



ھوقۇقىغا ئېرىشىدۇ. مەسىلەن، A بىلەن B بىر پارچە خۇپىيانە كېلىشىم ئىمزالاپ ئەسلى A نىڭ ئىگىدارلىقىدىكى بىر يۈرۈش ئۆينى B نىڭ نامىدا تىزىمغا ئالدۇرۇپ ھوقۇق گۇۋاھنامىسى بېجىرگەن. كېيىن B ئۆز نامىدىكى ئۆي كىنىشكىسىنى كۆرسىتىپ بۇ ئۆينى C غا ساتقان ۋە ئۆي باشقۇرۇش تارماقلىرىغا بېرىپ ئۆينىڭ مۈلۈك ھوقۇقى گۇۋاھنامىسىنى ئالماشتۇرۇش رەسمىيىتىنى بېجىرگەن. ئۆينىڭ ھەقىقىي ئىگىسى A بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن C دىن ئۆز ئۆيىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ئۇنداقتا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بېرىلگەن گۇۋاھنامىگە ئىشەنگەن توغرا نىيەتلىك ئۈچىنچى كىشىنىڭ ھوقۇقى قانداق قوغدىلىدۇ؟ يەنە مەسىلەن، نادىر بىلەن سانىيە 1999 ـ يىلى 11 ـ ئايدا نىكاھلانغان بولۇپ، ئۇلار 2007 ـ يىلى 10 ـ ئايدا سەككىز يىل ئورتاق تۇرمۇش كەچۈرۈش جەريانىدا توپلىغان ئەر ـ خوتۇننىڭ ئورتاق ئىگىدارلىقىدىكى 270 مىڭ يۈەنگە دافىڭ ئائىلىكلەر ئولتۇراق رايونىدىن بىر يۈرۈش تاۋار ئۆي سېتىۋالغان، ھەمدە شەھەرلىك ئۆي باشقۇرۇش ئىدارىسىغا بېرىپ، ئائىلە باشلىقى نادىرنىڭ نامىدا ئۆي مۈلۈك ھوقۇق گۇۋاھنامىسى بېجىرگەن. ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي تاۋار ئۆيلەرنىڭ بازار باھاسى ئۆرلىگەنلىكى سەۋەبلىك نادىر ئەسلىي ئەر ـ خوتۇننىڭ ئورتاق ئىگىدارلىقىدىكى ئۆينى ئايالى سانىيەنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي ئۆز نامىدىكى كىنىشكىنى كۆرسىتىپ داۋۇتقا 350 مىڭ يۈەنگە ساتقان. داۋۇت ھۆكۈمەت ئورگىنى تەرىپىدىن بېرىلگەن نادىرنىڭ نامىدىكى كىنىشكىگە ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن ئۆي سودىسى قىلغان ھەمدە ئۆي باشقۇرۇش تارماقلىرىغا بېرىپ ئۆينىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇق گۇۋاھنامىسىنى ئالماشتۇرۇش رەسمىيىتىنى بېجىرگەن. سودىدىن كېيىن نادىرنىڭ قانۇنلۇق جورىسى سانىيە ئەر ـ خوتۇننىڭ ئورتاق ئىگىدارلىقىدىكى ئۆينى ئورتاق ئىگىدارلىق قىلغۇچىلاردىن بىرى بولغان سانىيەنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي ئۆز ئالدىغا سېتىۋەتكەن دېگەن ئاساس بويىچە سوتتىن نادىر بىلەن داۋۇت ئوتتۇرىسىدىكى ئۆي سودا توختامىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ئىلتىماس قىلغان. ئۇنداقتا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بېرىلگەن گۇۋاھنامىغا ئىشەنگەن، ئۆي سودىسىدا ئورتاق ئىگىدارلىق قىلغۇچىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالمىغان پاكىتنى بىلمىگەن توغرا نىيەتلىك ئۈچىنچى كىشى داۋۇتنىڭ ھوقۇقى بىلەن ماقۇللۇقى ئېلىنمىغان ئورتاق ئىگىدارلىق قىلغۇچى سانىيەنىڭ مەنپەئىتى قانداق قوغدىلىدۇ؟ بۇ يەردىكى ئەڭ ياخشى چارە ھەقىقىي مۈلۈك ئىگىسىنىڭ مەنپەئىتىنى ۋاقىتىنچە قۇربان قىلىش بەدىلىگە توغرا نىيەتلىك ئۈچىنچى كىشىنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش كېرەك. چۈنكى، ئۇ توغرا نىيەتتە ئېرىشىش تۈزۈمى بويىچە مۈلۈك ھوقۇقىغا ئېرىشكەن. مۇشۇنداق قىلغاندىلا جەمئىيەتتىكى سودىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

نۆۋەتتىكى سوت ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا مۈلۈك ھوقۇقىغا توغرا نىيەتتە ئېرىشىش تۈزۈمىنى تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئەھۋالدىلا ئاندىن كۆچمەس مۈلۈككە تەتبىقلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچىسى، ھوقۇق ئىگىسىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە كۆچمەس مۈلۈك باشقىلارنىڭ نامىدا تىزىمغا ئالدۇرۇلغانلىقتىن ئۆينىڭ ھەقىقىي ئىگىسى بىلەن كىنىشكىدە نامى خاتىرىلەنگەن ئادەم بىر بولمىغان ئەھۋال؛ ئىككىنچىسى، ئەر ـ خوتۇننىڭ ئورتاق ئىگىدارلىقىدىكى ئۆيگە ئەر ياكى ئايالدىن ئىبارەت بىر تەرەپنىڭ نامىدا كىنىشكە بېجىرگەن ئەھۋال؛ ئۈچىنچىسى، ئىناۋەتسىز سودا سەۋەبىدىن ئۆينىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇق گۇۋاھنامىسىدە خاتىرىلەنگەن نام ئەمەلىيەتتە ماس كەلمەي قالغان ئەھۋال. مەسىلەن، A ئۆينى B غا ساتقان ۋە تىزىمغا ئالدۇرۇش رەسمىيىتىنى بېجىرگەن. كېيىن B ئۆينى يەنە C غا ساتقان ۋە تىزىمغا ئالدۇرۇش رەسمىيىتىنى بېجىرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئىلگىرىكى A بىلەن B ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان ئۆي سېتىۋېلىش ـ سېتىش توختامىنىڭ ئىناۋەتسىزلىكى

جاكارلانغان ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

سوت ئەمەلىيىتىدە مۈلۈك ھوقۇقىغا توغرا نىيەتتە ئېرىشىش تۈزۈمىنى كۆچمە مۈلۈككە تەتبىقلىغاندا مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك:

بىرىنچىدىن، قانۇنلۇق ئىگىلەش بىلەن قانۇنسىز ئىگىلەشنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك.

قانۇنلۇق ئىگىلەش — كۆچمە مۈلۈكنى ھوقۇق ئىگىسىنىڭ ئىرادىسى بويىچە مەلۇم قانۇنىي مۇناسىۋەتنى ئورنىتىش ئارقىلىق ئىگىلەشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئىجارىگە ئالغۇچىنىڭ ئىجارىگە بېرىلگەن نەرسىنى ئىگىلىشى، ساقلىغۇچىنىڭ ساقلاشقا بېرىلگەن نەرسىنى ئىگىلىشى، ئارىيەت ئالغۇچىنىڭ ئارىيەت ئالغان نەرسىنى ئىگىلىشى، زاكاسنى ھۆددىگە ئالغۇچىنىڭ زاكاز قىلىنغان نەرسىنى ئىگىلىشى، سىناپ ئىشلىتىش مۆھلىتىدىكى سودىدا سېتىۋالماقچى بولغان تەرەپنىڭ سىناپ ئىشلىتىش مۆھلىتى ئىچىدە ساتقۇچىنىڭ مال-مۈلكىنى ئىگىلەپ تۇرۇشى قاتارلىقلار قانۇنلۇق ئىگىلەشكە كىرىدۇ. بۇنداق كۆچمە مۈلۈكلەرگە توغرا نىيەتتە ئېرىشىش تۈزۈمىنى تەتبىقلاشقا بولىدۇ.

قانۇنسىز ئىگىلەش — كۆچمە مۈلۈكنى ئىگىلەشتە ھوقۇق ئىگىسىنىڭ ئىرادىسى ئاساس قىلىنمىغان ياكى ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا ئىگىلەشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، زاڭ مال، زاڭ پۇلنى ئىگىلەش، ئىگىسى يىتتۈرۈپ قويغان نەرسىنى تېپىۋالغۇچىنىڭ ئىگىلىشى، سۇدا ئېقىپ كەلگەن نەرسىلەرنى ئىگىلەش، يەر ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان ياكى يوشۇرۇپ قويۇلغان نەرسىلەرنى ئىگىلەش قاتارلىقلار قانۇنسىز ئىگىلەشكە كىرىدۇ. قانۇنسىز ئىگىلىگەن كۆچمە مۈلۈككە پرىنسىپ جەھەتتە توغرا نىيەتتە ئېرىشىش تۈزۈمىنى تەتبىقلاشقا بولمايدۇ. ناۋادا يۇقىرىقى مال-مۈلۈكلەرگە ئۈچىنچى كىشى مۇۋاپىق ھەق تۆلەش ئارقىلىق كىم ئارتۇق سودا بازىرىدىن ياكى قانۇنلۇق تىجارەت گۇۋاھنامىسى بولغان سودا ئورنىدىن ئېرىشكەن بولسا، توغرا نىيەتتە ئېرىشىش تۈزۈمىنى تەتبىقلاشقا بولىدۇ. مەسىلەن، A نىڭ 29 سۇڭلۇق بىر دانە رەڭلىك تېلېۋىزورى بولۇپ، B بۇ تېلېۋىزورنى ئوغرىلاپ ئېلىپ چىقىپ قانۇنلۇق تىجارەت گۇۋاھنامىسى بولغان C دۇكانغا سېتىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلغان، ئەھۋالدىن خەۋەرسىز D بۇ رەڭلىك تېلېۋىزورنى 800 يۈەنگە سېتىۋالغان. كېيىن A ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ D دىن تېلېۋىزورنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. بۇنىڭدا D A نىڭ تەلىپىنى رەت قىلسا ۋە توغرا نىيەتتە ئېرىشىشنى تەشەببۇس قىلسا بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، توغرا نىيەتتە ئېرىشىش تۈزۈمىنى ئالاھىدە كۆچمە مۈلۈك بولغان پۇلغا تەتبىقلاشقا بولمايدۇ. چۈنكى پۇلغا بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقى بىلەن پۇلنى ئىگىلەپ تۇرۇش ھوقۇقى يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئادەتتە باشقىلارنىڭ پۇلىنى ساقلاپ بەرگۈچى بىلەن باشقىلارنىڭ پۇلىنى ئوغرىلىۋالغۇچى ئوخشاشلا شۇ پۇلنىڭ ئىگىسى، يەنى ئىگىدارلىق قىلغۇچىسى دەپ قارىلىدۇ. پۇلنىڭ چەك يۈزىگە شۇ پۇلغا ئىگىدارلىق قىلغۇچىنىڭ ئىسىم-فامىلىسى ياكى نامى خاتىرىلەنمىگەچكە، شۇ پۇلنى ئۆتۈنۈۋېلىش ئارقىلىق ئۇنى ئىگىلەپ تۇرغان ئۈچىنچى كىشى ئەمەلىيەتتە شۇ پۇلغا ھەقىقىي ئىگىسى ئارقىلىق ۋاسىتىلىك ھالدا ئېرىشىدۇ. شۇڭا پۇلغا نىسبەتەن توغرا نىيەتتە ئېرىشىش مەسىلىسى مەۋجۇت بولمايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، باھالىق ئاكسىيىگە توغرا نىيەتتە ئېرىشىش تۈزۈمىنى تەتبىقلىغاندا شۇ باھالىق ئاكسىيىنىڭ نامى خاتىرىلەنگەن باھالىق ئاكسىيە ياكى نامى خاتىرىلەنمىگەن باھالىق ئاكسىيە ئىكەنلىكىنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈش لازىم.

قانۇن نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، باھالىق ئاكسىيە ئاكسىيە ئىگىسىنىڭ مەلۇم مال-مۈلۈك ھوقۇقىغا ئېرىشكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ بېرىدىغان يازما ئىسپاتنى كۆرسىتىدۇ. دۆلىتىمىزدە باھالىق ئاكسىيە پۇل چېكى، پېرېۋوت چېكى، خاس چەك، شىركەت قەرز چېكى، پاي چېكى، زايوم، مال ئېلىش تالونى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. باھالىق ئاكسىيە ئادەتتە شۇ باھالىق ئاكسىيىنىڭ چەك يۈزىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



چەك ئىگىسىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى ياكى نامى خاتىرىلەنگەن ياكى خاتىرىلەنمىگەنلىكى بويىچە نامى خاتىرىلەنگەن باھالىق ئاكسىيە ۋە نامى خاتىرىلەنمىگەن باھالىق ئاكسىيە دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. نامى خاتىرىلەنمىگەن باھالىق ئاكسىيىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش ئۆتۈنۈۋالغۇچىغا تاپشۇرۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇڭا نامى خاتىرىلەنمىگەن باھالىق ئاكسىيىگە توغرا نىيەتتە ئېرىشىش تۈزۈمىنى تەتبىقلاشقا بولىدۇ. لېكىن نامى خاتىرىلەنگەن باھالىق ئاكسىيىنى ئۆتۈنۈپ بېرىشتە چەكنىڭ ئارقا يۈزىگە ئىمزا قويۇش ياكى ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى يۆتكەش رەسمىيىتىنى بېجىرىش تەلەپ قىلىنغاچقا ئۇنىڭغا ياخشى نىيەتتە ئېرىشىش تۈزۈمىنى تەتبىقلاشقا بولمايدۇ.

2) ئۆتۈنۈپ بەرگۈچى ئۆزى ئۆچىنچى كىشىگە ئۆتۈنۈپ بەرگەن مال ـ مۈلۈككە قارىتا بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولمىغان بولۇشى شەرت.

ئۆتۈنۈپ بەرگۈچىنىڭ ئۆزى ئۆتۈنۈپ بەرگەن مال ـ مۈلۈككە قارىتا ئەگەر بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى بولسا، بۇ توغرا نىيەتتە ئېرىشىش تۈزۈمىنىڭ دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. بۇنداق ئۆتۈنۈپ بېرىش ئۆتۈنۈۋالغۇچىغا نىسبەتەن ۋاستىلىك ئېرىشىش ھېسابلىنىدۇ. ئۆتۈنۈپ بەرگۈچىدە بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى بولماسلىق ئۆزى ئۆتۈنۈپ بەرگەن مال ـ مۈلۈككە قارىتا ئىگىدارلىق ھوقۇقى بولماسلىق بىلەن ئىگىدارلىق ھوقۇقى چەكلىمىگە ئۇچراشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3) ئۆتۈنۈپ بەرگۈچى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولمىغان مال ـ مۈلۈكنى ئۆچىنچى كىشىگە ھەقلىق ئۆتۈنۈپ بەرگەن بولۇشى شەرت.

مال ـ مۈلۈكنى ھەقلىق ئۆتۈنۈپ بېرىشنىڭ شەكلى ئادەتتە مۇۋاپىق باھا بويىچە ھەقلىق ئۆتۈنۈپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ كونكرېت شەكلى مالنى مالغا ئالماشتۇرۇش، سېتىۋېلىش ـ سېتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا ئۆتۈنۈپ بېرىش يۈرگۈزۈلىدىغان ھەقلىق قانۇنىي ھەرىكەت ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان بولۇشى كېرەك. ئەگەر ھەقلىق قانۇنىي ھەرىكەت شەكلىنى قوللانماي ئۆتۈنۈپ بەرگەن بولسا، توغرا نىيەتتە ئېرىشىش تۈزۈمىنى تەتبىقلاشقا بولمايدۇ. مەسىلەن، ھەدىيە قىلىش، مىراسقا قانۇن بويىچە ۋارىسلىق قىلىش، مىراس ھەدىيە قىلىش، شىركەتلەرنى قوشۇۋېتىش قاتارلىقلار.

4) ئۆتۈنۈۋالغۇچىدا توغرا نىيەت بولۇشى شەرت

ھەق تەلەپ قانۇنىدا ئېيتىلغان «توغرا نىيەت» ئەھۋالنى بىلمەسلىكنى يەنى ئۆتۈنۈۋالغۇچى بىلەن ھوقۇقسىز بىر تەرەپ قىلغۇچى ئۆتۈنۈپ بېرىشكە دائىر قانۇنىي ھەرىكەتنى ئېلىپ بارغاندا ئۈچىنچى كىشىنىڭ قارشى تەرەپنىڭ نىشاندىكى نەرسىنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى يوقلۇقىنى بىلمىگەن بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. ئالاھىدە تەكىتلەشكە تېگىشلىكى شۇكى، توغرا نىيەتتە ئېرىشىش مال ـ مۈلۈككە دەرھال ئېرىشىش بولۇپ، بۇ يەردىكى توغرا نىيەت پرىنسىپى جەھەتتە ئۆتۈنۈۋالغان نەق مەيداندا قارشى تەرەپنىڭ بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى يوق ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىكنى كۆرسىتىدۇ. ئىشتىن كېيىن بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بىلىش توغرا نىيەتتە ئېرىشىشكە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. مەسىلەن، A 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۆزىنىڭ بىر دانە رەڭلىك تېلېۋىزورىنى يېقىن دوستى B غا ساقلاپ بېرىشنى ھاۋالە قىلغان. 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى B رەڭلىك تېلېۋىزورنى كونا ماللار سودا ئورنىغا ئاپىرىپ ئەھۋالدىن خەۋەرسىز C غا سېتىۋەتكەن. C تېلېۋىزورنى سېتىۋېلىپ ئۈچىنچى كۈنى دوستى D دىن بۇ رەڭلىك تېلېۋىزورنىڭ ئەسلىي ئىگىدارلىق قىلغۇچىسى A ئىكەنلىكىنى بىلگەن. بۇنىڭدا C رەڭلىك تېلېۋىزورغا توغرا نىيەتتە ئېرىشىش تۈزۈمى بويىچە ئوخشاشلا ئېرىشەلەيدۇ.

5) ئۆتۈنۈپ بېرىلگەن مال ـ مۈلۈك ئۈچىنچى كىشىگە ئەمەلىي تاپشۇرۇلغان بولۇشى، ياكى تىزىملاشقا تېگىشلىك مال ـ مۈلۈك تىزىملانغان بولۇشى شەرت.

مۈلۈك ھوقۇقى قانۇنى بويىچە مۈلۈك ھوقۇقىدا ئۆزگىرىش بولغاندا، چوقۇم مۈلۈك ھوقۇقىدىكى ئۆزگىرىشنى كەڭ جامائەتچىلىككە ئاشكارا جاكارلاش

لازىم. كۆچمە مۈلۈككە بولغان مۈلۈك ھوقۇقىدىكى ئۆزگىرىشنى ئاشكارا جاكارلاشنىڭ ئۇسۇلى مۈلۈكنى ئەمەلىي تاپشۇرۇش. كۆچمەس مۈلۈككە بولغان مۈلۈك ھوقۇقىدىكى ئۆزگىرىشنى ئاشكارا جاكارلاشنىڭ ئۇسۇلى تىزىمغا ئالدۇرۇشتىن ئىبارەت. شۇڭا توغرا نىيەتتە ئېرىشىش تۈزۈمىنى كۆچمە مۈلۈككە تەتبىقلىغاندا، بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى بولمىغان كىشى شۇ كۆچمە مۈلۈكنى ئەھۋالدىن خەۋەرسىز بولغان توغرا نىيەتلىك ئۈچىنچى كىشىگە ئەمەلىي تاپشۇرۇپ بەرگەن بولۇشى كېرەك. ئەگەر توغرا نىيەتتە ئېرىشىش تۈزۈمى كۆچمەس مۈلۈككە تەتبىقلانسا، بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى بولمىغان كىشى شۇ كۆچمەس مۈلۈكنى ئەھۋالدىن خەۋەرسىز بولغان توغرا نىيەتلىك ئۈچىنچى كىشىگە ئەمەلىي تاپشۇرۇپ بەرگەندىن سىرت، شۇ مۈلۈكنى تىزىملاشقا مەسئۇل بولغان دۆلەت ئورگانلىرىغا بېرىپ، ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى يۆتكەش رەسمىيىتىنى بېجىرگەن بولۇشى كېرەك. مەسىلەن، A B ئۆزىگە ساقلاپ بېرىشكە ھاۋالە قىلغان بىر دانە ئۈنئالغۇنى ئەھۋالدىن خەۋەرسىز Cغا 300 يۈەنگە سېتىۋەتكەن. C مال پۇلىنى تاپشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۈنئالغۇنى 10 كۈندىن كېيىن ئېلىپ كەتمەكچى بولغان. ئەمما بۇ 10 كۈن توشقۇچە A ساقلاشقا بەرگەن ئۈنئالغۇنى ئېلىپ كەتكەن بولسا، مال پۇلىنى تاپشۇرۇپ بولغان C توغرا نىيەتتە ئېرىشىش تۈزۈمى بويىچە ئۈنئالغۇغا قارىتا ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى تەشەببۇس قىلالمايدۇ. يەنە مەسىلەن، A ئۆزى بىلەن B نىڭ ئورتاق ئىگىدارلىقىدىكى بىر يۇرۇش ئۆينى ئورتاق ئىگىدارلىق قىلغۇچى B نىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي، ئەھۋالدىن خەۋەرسىز C غا ساتقان. لېكىن ئۆينىڭ مۈلۈك ھوقۇقى گۇۋاھنامىسىنى ئالماشتۇرۇش رەسمىيىتىنى تېخى بېجىرمىگەن. بۇ ۋاقىتتا ئۆيگە ئورتاق ئىگىدارلىق قىلغۇچى B، ئۆي سېتىۋالغۇچى C دىن توختامنى بىكار قىلىپ ئۆينى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ئۇنداقتا ئۆي سېتىۋالغۇچى C ئۆزى سېتىۋالغان ئۆيگە نىسبەتەن توغرا نىيەتتە ئېرىشىشنى تەلەپ قىلسا بولامدۇ؟ بۇ ئۆي سودىسىغا توغرا نىيەتتە ئېرىشىش تۈزۈمىنى تەتبىقلاشقا بولمايدۇ. چۈنكى دۆلىتىمىز مۈلۈك ھوقۇقى قانۇنىنىڭ ئالاقىدار ماددىسىغا ئاساسلانغاندا قورۇ جاي سودىسى رەسمىيەتلىك قانۇنىي ھەرىكەت، جۈملىدىن رەسمىيەتلىك توختام بولۇپ، ئىككى تەرەپ ئۆي سېتىش-سېتىۋېلىش توختامىنى ئىمزالىغاندىن كېيىن، چوقۇم ئۆي باشقۇرۇش تارماقلىرىغا بېرىپ، ئۆينىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى گۇۋاھنامىسىنى ئالماشتۇرۇش رەسمىيىتىنى بېجىرىشى كېرەك. رەسمىيەت بېجىرىلگەندىن كېيىن، مۈلۈك ھوقۇقى يۆتكىلىدۇ. ئەگەر رەسمىيەت بېجىرىلمىگەن بولسا، ئۆي سېتىۋالغۇچى C توختام بويىچە پەقەت قەرز ھوقۇقىغىلا ئېرىشىدۇ. ئۆي ئىگىسى A بىلەن B مۈلۈك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. قانۇن نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مۈلۈك ھوقۇقى قەرز ھوقۇقىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ساتقان ئۆينى سېتىۋالغۇچىغا تاپشۇرۇش-تاپشۇرماسلىقنى يەنىلا مۈلۈك ھوقۇقىغا ئىگە ئۆي ساتقۇچى بەلگىلەيدۇ. توغرا نىيەتلىك ئۈچىنچى كىشى بولغان ئۆي سېتىۋالغۇچى قانۇنىي رەسمىيەتنى بېجىرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆي سېتىۋالغۇچىدىن توغرا نىيەتتە ئېرىشىش تۈزۈمى بويىچە ئۆيگە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى تەشەببۇس قىلسا بولمايدۇ. بۇ ئۆي ساتقۇچىدىن پەقەت توختام بويىچە توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشنىلا تەلەپ قىلالايدۇ.

## 3. مۈلۈك ھوقۇقىغا توغرا نىيەتتە ئېرىشىش تۈزۈمىنىڭ ئۈنۈمى

مۈلۈك ھوقۇقىغا توغرا نىيەتتە ئېرىشىش تۈزۈمىنىڭ ئۈنۈمى ئەمەلىيەتتە توغرا نىيەتتە ئېرىشىش تۈزۈمىدىن كېلىپ چىققان قانۇنىي ئاقىۋەتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تۈزۈم تۆۋەندىكى ئىككى تۈرلۈك قانۇنىي ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

1) توغرا نىيەتلىك ئۈچىنچى كىشى يەنى ئۆتۈنۈۋالغۇچى شۇ مال-مۈلۈككە قارىتا ئىگىدارلىق

هوقۇقىغا ئېرىشىدۇ. ئەسلىدىكى مۈلۈك ئىگىسى ئىگىدارلىق هوقۇقىدىن مەھرۇم بولىدۇ. ئىگىدارلىق هوقۇقىغا ئېرىشكەن تۇغرا نىيەتلىك ئۈچىنچى كىشى ئۆزى ئېرىشكەن مال-مۈلۈكنى باشقىلارغا ھەقلىق ياكى ھەقسىز ھالدا قايتا ئۆتۈنۈپ بەرسە بولىدۇ.

2) بىر تەرەپ قىلىش هوقۇقىغا ئىگە بولمىغان كىشى ئەسلىدىكى مۈلۈك ئىگىسىنىڭ زىيىنىنى تۆلەش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇنىڭدا ئەسلىي مۈلۈك ئىگىسى هوقۇقسىز بىر تەرەپ قىلغۇچىغا قارىتا هوقۇقتا دەخلى-تەرۇز قىلىش دەۋاسىنى سۇنىدۇ. نەتىجىدە هوقۇقسىز بىر تەرەپ قىلغۇچى مال-مۈلۈكنى ئۆتۈنۈپ بېرىش ئارقىلىق، ئېرىشكەن مال پۇلىنى ئەسلىي مال ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشى، ئەگەر ئەرزان باھادا سېتىۋەتكەن بولسا، كەم قالغان قىسمىنى تولۇقلاپ بېرىشى ۋە باشقا زىيانلارنى تۆلەپ بېرىشى كېرەك.

دېمەك، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە ئۇنىڭ كەڭ دائىرىدە يولغا قويۇلۇشى نەتىجىسىدە بازار ئاۋاتلىشىپ، تۈرلۈك ھەق تەلەپ سۇبيېكتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سودا بارغانسېرى جانلانماقتا ۋە كۈندىن-كۈنگە مۇرەككەپلەشمەكتە. جەمئىيەتتىكى تاۋار ئالماشتۇرۇش جەريانىدا بارلىققا كەلگەن مۇرەككەپ ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى نورمال تەرتىپكە سېلىش، كىشىلەرنىڭ سودا جەريانىدىكى تۈرلۈك ئەندىشىلىرىنى تۈگىتىپ، سودىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشتا مۈلۈك هوقۇقىغا تۇغرا نىيەتتە ئېرىشىش تۈزۈمىنى تۇغرا ئىگىلەش ناھايىتى مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

## پايدىلانمىلار


[1] سۇن شيەنجۇڭ: «جۇڭگو مۈلۈك هوقۇقى قانۇن-قائىدىلىرى» (خەنزۇچە) [M]، قانۇن نەشرىياتى، 2004-يىلى نەشرى.

[2] گوەن تاۋ: «مۈلۈك هوقۇقى قانۇنىنى دېلو مىسالى ئارقىلىق ئوقۇتۇش دەرسلىكى» (خەنزۇچە) [M]، بېيجىڭ: بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007-يىلى نەشرى.

[3] گاۋ فۇپىڭ: «جۇڭگونىڭ مۈلۈك هوقۇقىغا دائىر قانۇن-تۈزۈملىرىنى لايىھىلەش-يېڭىلىق يارىتىش»(خەنزۇچە) [M]، بېيجىڭ: جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2005-يىلى نەشرى.

[4] «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مۈلۈك هوقۇقى قانۇنى»(خەنزۇچە) [M]، قانۇن نەشرىياتى، 2007-يىلى نەشرى.


جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتهاجى

30-يىللىق 3-سان　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　第 30 卷第 3 期
2009-يىلى سېنتەبىر　新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)　2009 年 9 月

ماقالە نومۇرى:1005-5878 (2009) 03-105-06

# جۇڭگو قانۇن تۈزۈم تارىخىنى ئۆگىنىشكە قارىتا ئىلمىي مۇئامىلە قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدا*

ئەركىن توختى

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى، 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، جۇڭگو قانۇن تۈزۈم تارىخىنى ئوقۇتۇش، ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئۇنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش تەدبىرلىرى، جۈملىدىن جۇڭگو قانۇن-تۈزۈم تارىخىنى تەتقىق قىلىش — قانۇن مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقى قاتارلىق مەزمۇنلار مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

**摘要：** 本文讨论中国法制史教学和研究中存在的问题及合理解决的办法，包括研究中国法制史对研究和继承法律文化有重要作用等内容。

**Abstract:** This article discusses problems remaining in the teaching and learning of, and research into, Chinese legal history, as well as appropriate measures for resolving these problems, and on the important role played by researching Chinese legal history in researching and inheriting Chinese legal culture, as well as other issues.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: D929　ماتېرىيال بەلگىسى: A

بارلىق پەنلەرنىڭ تەرەققىي قىلىپ مۇكەممەللىشىشى ئۇزۇن مۇددەت توختىماستىن ئىزدىنىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى قانۇن مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان جۇڭگو قانۇن-تۈزۈم تارىخى ئىلمىگە نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ شۇنداق. بۇ يەردە بىز ئىزاھلاپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە — جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى قانۇن مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى قانداق چۈشىنىشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگو قانۇن-تۈزۈم تارىخىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش، ئۇنى ئىلمىي چۈشىنىش ۋە ئىلمىي بايان قىلىش، ئەنئەنىۋى قانۇن مەدەنىيىتىگە توغرا مۇئامىلە قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر. مەن ئۇزۇن يىللاردىن بۇيانقى قانۇن-تۈزۈم تارىخى تەتقىقات تەجرىبىلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلىرىمنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتا ئارقىلىق بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

**1. جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى قانۇن-تۈزۈمىگە ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن توغرا باھا بېرىشىمىز لازىم.**

قانداق قىلغاندا جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە توغرا مۇئامىلە قىلغىلى بولىدۇ دېگەن مەسىلىدە، ئادەتتە تەنقىدىي ئاساستا ۋارىسلىق قىلىش، شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ مېغىزىنى قوبۇل قىلىش دېگەنلەرنى ھەممىمىز ئېتىراپ قىلىمىز. بۇنىڭ بىلەن قارىماققا ھەممە مەسىلە ھەل بولۇپ كەتكەندەك بىلىنىدۇ. جۇڭگو قانۇن-تۈزۈمىگە پاسسىپ پوزىتسىيە بىلەن

* بۇ ماقالە 2008-يىلى 2-دېكابىر تاپشۇرۇپ ئېلىندى.

ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى: ئەركىن توختى (1961-يىلى 6-ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، جۇڭگو قانۇن تۈزۈم تارىخىغا دائىر ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



قارايدىغان بولساق، ئۇ كىشىگە گويا جۇڭگو قانۇن مەدەنىيىتىنىڭ مېغىزىدىن شاكىلى كۆپتەك، جۇڭگو قانۇن ـ تۈزۈمىنىڭ شەپقەتسىز جازا ئارقىلىق خەلقنى كونترول قىلىش ۋە ئېزىشتىن باشقا ھېچقانداق رولى يوقتەك تۇيغۇ بېرىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىدىكى سەۋەب ئاساسلىقى قانۇن ماتېرىياللىرىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقى، جۇڭگو قانۇن ـ تۈزۈم تارىخىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش نۇقتىئىنەزەرى بويىچە كۆزىتىشنىڭ يېتەرسىز بولۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان دېيىشكە بولىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئەنئەنىۋى قانۇن ـ تۈزۈم ۋە قانۇن مەدەنىيىتىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى قانۇن ئىنكارچىلىق ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى بىلەن ئەنئەنىۋى قانۇن فېئودالىزمنىڭ زەھىرى دەپ قاراپ تازىلىنىشقا تېگىشلىك ئوبيېكت قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ ئومۇميۈزلۈك ئىنكار قىلىنغانىدى. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى جەريانىدا ئەنئەنىۋى قانۇن مەدەنىيىتىدىكى ئېسىل ئەنئەنىلەردىن سۆز ئېچىش مۇمكىن بولمىغانىدى. ئىسلاھات ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت يېڭى تارىخىي مەزگىلگە كىرگەندىن كېيىن، دېموكراتىيە ۋە قانۇن ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، قانۇن ـ تۈزۈم تارىخى تەتقىقاتى زور ئىلگىرىلەشكە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن قانۇن ـ تۈزۈم تەتقىقاتىدا يەنىلا ئىلمىي بولمىغان بىلىش نەزەرىيىسى ۋە تەتقىقات ئۇسۇلى ساقلانماقتا، يەنى تارىخىي ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان ھالدا جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى قانۇن ـ تۈزۈمىنى ھازىرقى زامان قانۇن ـ تۈزۈمى بىلەن قارمۇ قارشى نەرسە دەپ قاراپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ۋارىسلىق مۇناسىۋەتنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنى ئاددىي ھالدا ھازىرقى زامان قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيىسى ئارقىلىق ئۆلچەپ، ھازىرقى زامان قانۇن ـ تۈزۈم قارىشىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان جايلارنى تەھلىل يۈرگۈزمەستىن ئىنكار قىلىش قاتارلىقلار مەۋجۇت.

جۇڭگو قانۇن ـ تۈزۈم تارىخىنى ئىلمىي چۈشىنىش ۋە ئىلمىي بايان قىلىشتا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت بىلىش نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ بۇ پرىنسىپنى قانۇن ـ تۈزۈم تەتقىقاتىغا تەتبىقلاش كېرەك، تارىخىي پاكىتنى ئاساس قىلىشىمىز، تارىخنى ۋە قانۇننى ئىنكار قىلىدىغان، ئىلمىيلىكى يوق، قالاق، خاتا خاھىشلارنى يېڭىشىمىز لازىم. بۇ خىل خاھىشلار ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىغا خىلاپ بولغاچقا، جۇڭگو قانۇن ـ تۈزۈم تارىخىنى توغرا بايان قىلغىلى، قەدىمكى زامان قانۇن ـ تۈزۈملىرىنىڭ شاكىلى بىلەن مېغىزىنى ئايرىغىلى بولمايدۇ. جۇڭگونىڭ قانۇن ـ تۈزۈمىنى ئىلمىي تەتقىق قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى تېخىمۇ بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز چوقۇم ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى ۋە دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزەرىگە ئاساسەن جۇڭگو قانۇن ـ تۈزۈم ئەنئەنىسى ۋە قانۇن مەدەنىيىتىگە توغرا باھا بېرىشىمىز لازىم . كونكرېتراق قىلىپ ئېيتقاندا، تۆۋەندىكى ئۈچ تەرەپتىن دىققەت قىلىشىمىز لازىم .

بىرىنچى، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى قانۇن ـ تۈزۈم تەتقىقاتىغا ئومۇميۈزلۈك ئوبيېكتىپ باھا بېرىشىمىز لازىم. جۇڭگونىڭ قانۇن ـ تۈزۈمى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنى قوغدىغان ۋە ئۇنىڭ قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. قەدىمكى زامان قانۇن ـ تۈزۈمى بىلەن نۆۋەتتىكى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش قارىشىدا نۇرغۇن پەرق بار، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە پاسسىپ كۆرۈنگەن نۇرغۇن نەرسىلەر ئەينى دەۋردىكى ئىقتىسادىي ۋە تارىخىي ئەھۋالغا ماسلاشقان بولىدۇ. دېمەك، جۇڭگونىڭ قانۇن ـ تۈزۈم تارىخىنى ئومۇميۈزلۈك تەھلىل قىلغاندا ۋە ئۇنىڭغا باھا بەرگەندە، ئۇنىڭ تارىختا ئوينىغان ئاكتىپ رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىم.

ئىككىنچى، جۇڭگو قانۇن ـ تۈزۈم تارىخىنى ئىلمىي تەرەققىيات قارشى بويىچە چۈشىنىش لازىم. جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ قانۇن ـ تۈزۈممۇ ئالدىنقى دەۋر قانۇن ـ تۈزۈمىنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى قوبۇل

قىلىش ئاساسىدا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلغان ۋە مۇكەممەللەشكەن، ھازىرقى زامان قانۇن-تۈزۈمى تارىختىكى قانۇن-تۈزۈمنىڭ نۇرغۇن ئىجابىي تەرەپلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان. شۇڭا بىز بۇ باغلىنىشلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋەتمەسلىكىمىز، بۈگۈنكى ئىلغارلىق ئارقىلىق قەدىمكىلەرنىڭ تۆھپىسىنى ئىنكار قىلىۋەتمەسلىكىمىز، تارىختىكى قانۇن-تۈزۈمنىڭ بارلىققا كېلىش سەۋەبى، ئىجتىمائىي رولى، تۆھپىسى قاتارلىقلارغا ئىلمىي تەرەققىيات قارشى بويىچە ئوبيېكتىپ باھا بېرىشىمىز لازىم .

ئۈچىنچى، جۇڭگو قانۇن-تۈزۈم تارىخىنى دىئالېكتىكىلىق نۇقتىئىنەزەردە تۇرۇپ تەتقىق قىلىشىمىز لازىم. جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان قانۇن-تۈزۈمىدىكى ئاكتىپ ۋە پاسسىپ ئامىللارغا نىسبەتەن پاكىتنى ئاساس قىلىپ ئىلمىي تەھلىل يۈرگۈزۈشىمىز كېرەك. چۈنكى بىزگە ناچار، پاسسىپ كۆرۈنگەن بىر قىسىم نەرسىلەر ئەينى ۋاقىتتا ئىنتايىن مۇۋاپىق بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇلارغا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا باھا بېرىش لازىم. قەدىمكى زامان قانۇن-تۈزۈمىدىكى تەبىقە تۈزۈمىنى قوغداش، قانۇندا تەبىقە پەرقى بولۇش دېگەنلەردىن قەتئىي ۋاز كېچىش كېرەك. بىراق ئەدەپ تەربىيىسىدىكى ئېھتىياتچان جازا پرىنسىپى، قەستەنلىك بىلەن سەۋەنلىكنى ئايرىش پرىنسىپلىرىدىن يەنىلا ئۆلگە ئېلىشقا بولىدۇ. شۇڭا ئەنئەنىۋى قانۇن-تۈزۈمنىڭ مېغىزى بىلەن شاكىلىنى توغرا ئايرىش، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئېسىل ئەنئەنىلەرنى نۆۋەتتىكى قانۇن-تۈزۈم قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم.

### 2. جۇڭگو قەدىمكى زامان قانۇن سىستېمىسىنى ئىلمىي تونۇش كېرەك.

جۇڭگو قانۇن-تۈزۈم تارىخىنى ئىلمىي بايان قىلىشتا قەدىمكى زامان قانۇن سىستېمىسىنى توغرا تونۇش لازىم. جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان قانۇن سىستېمىسىدا قانۇن كودېكسلىرى ئاساسەن دۆلەتنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى بولۇپ ئۇنىڭ مەزمۇنى دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ تۈپ تۈزۈملىرىگە قارشى چىققان ۋە باشقىلارنىڭ مال-مۈلكىگە دەخلى-تەرۇز قىلغان قىلمىشلارغا جىنايى ئىشلار جازاسى بېرىشكە مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمە ھېسابلىنىدۇ. جىنايى ئىشلار قانۇنى تۈرلۈك قانۇن شەكىللىرى ئىچىدىكى بىر تۈرلۈك قانۇن شەكلى بولۇپ، قەدىمكى زامان قانۇن چىقىرىش شەكلىدىن قارىغاندا قانۇن، پەرمان، يارلىق، تۈزۈم، بۇيرۇق، نىزام، ئۆلگە، بەلگىلىمە، قائىدە، تەرتىپ، كۆرسەتمە، يوليورۇق، ھۆكۈم ئۆلگىلىرى، دېلو مىساللىرى دېگەندەك كۆپ خىل قانۇن شەكىللىرى بولغان، بۇنىڭدىن باشقا ھەر قايسى سۇلالىلەر نۇرغۇنلىغان يەرلىك قانۇن-نىزاملارنى ئېلان قىلغان بولۇپ ھەر بىر خىل قانۇن شەكلى ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە ئىدى. مەسىلەن: قانۇن (律) جىنايەت ۋە جازاغا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمە ئىدى، پەرمان(令) دۆلەتنىڭ تەشكىلىي تۈزۈمى ھەققىدىكى مەمۇرىي بۇيرۇق ئىدى. جۇڭگو قەدىمكى زامان قانۇنىنى ئەگەر مەزمۇنىغا ئاساسەن ئايرىيدىغان بولساق ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ، ھەربىي ئىشلار، تاشقى مۇناسىۋەت، جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ قاتارلىق جەھەتلەردىكى قانۇنلاردىن ئورتاق شەكىللەنگەن قانۇن سىستېمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىغان ئايرىم قانۇن-قائىدىلەر بولغان. مەسىلەن، مىڭ سۇلالىسىدە «بۈيۈك مىڭ سۇلالىسى قانۇنى»دىن باشقا «مەنسەپ ۋازارىتى نىزامى»، «ئالتە ۋازارەت نىزامى»① قاتارلىق مەمۇرىي ئىشلارغا دائىر ئايرىم قانۇن-نىزاملار بولغاندىن باشقا يەنە ئىقتىساد، ھەربىي ئىشلار، مەكتەپ باشقۇرۇش قاتارلىق ئايرىم قانۇن-قائىدىلەر تۈزۈلگەن. ھەتتا يېزا-مەھەللىلەرنى باشقۇرۇش قانۇنلىرىمۇ تۈزۈلگەن بولۇپ، ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك يەرلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلار ياكى يامۇللارمۇ نىزام، قائىدە، بەلگىلىمە قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان يەرلىك قانۇن-قائىدىلەرنى ئېلان قىلغان.

دېمەك، جۇڭگو قانۇن-تۈزۈمىنىڭ ئومۇمىي

www.uyghurkitap.com



خاراكتېرىنى ياكى بىرەر سۇلالىنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمىنىڭ ئومۇمىي خاراكتېرىنى ئومۇمىيۈزلۈك چۈشىنىش ئۈچۈن ھەرخىل قانۇن ـ تۈزۈملەرنى ئومۇمىيۈزلۈك چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زامان قانۇن سىستېمىسىنى ئۆگەنگەندە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى قائىدە ـ تۈزۈمىنىڭ جۇڭخۇا قانۇن سىستېمىسىغا كۆرسەتكەن تەسىرىگە مۇۋاپىق باھا بېرىش ئىنتايىن مۇھىم.

### 3. قەدىمكى زامان قانۇنلىرىنىڭ فۇنكسىيىسىنى توغرا تونۇش كېرەك.

جۇڭگو تارىخىدىكى ھەر قانداق قانۇن ۋە تۈزۈمنىڭ ھەممىسى مەلۇم ئىجتىمائىي زىددىيەتنى ھەل قىلىش، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن تۈزۈلگەن ۋە يولغا قويۇلغان، شۇڭا جۇڭگونىڭ قەدىمكى قانۇن ـ تۈزۈملىرىنى تەتقىق قىلغاندا ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە ۋەزىيەتنى توغرا تەھلىل قىلىش كېرەك، قايسىسىنىڭ زىددىيەتنى ھەل قىلىپ ئەمگەكچى خەلقنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىماسلىقتا تەتبىقلانغانلىقىنى، قايسىسىنىڭ مەمۇرىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە باشقا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى باشقۇرۇش، مىللىي زىددىيەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا تەتبىقلانغانلىقىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پوزىتسىيىسىدە تۇرۇپ تەھلىل يۈرگۈزۈپ، تارىخىي پاكىتقا ئاساسەن ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي زىددىيەت ۋە قانۇن چىقىرىش ئارقا كۆرۈنۈشىنى بايان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

تارىختىكى ھەر خىل قانۇنلارنىڭ مەزمۇنى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن رولىمۇ ئوخشاش ئەمەس ئەلۋەتتە. مەسىلەن: ‹‹جىن سۇلالىسى پەرمانى››، ‹‹لياڭ سۇلالىسى پەرمانى››، ‹‹كەيخۇاڭ پەرمانى››، ‹‹بۆيۈك ئىشلار پەرمانى››، ‹‹جىنگۇەن پەرمانى›› قاتارلىقلارنىڭ مەزمۇنى مەمۇرىي قانۇننى ئاساس قىلغان بولۇپ دۆلەتنىڭ تۈپ تۈزۈملىرى بەلگىلەنگەن ئاساسلىق قانۇن ھېسابلىنىدۇ. بىراق سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ‹‹مەنسەپ ۋازارىتى نىزامى››②، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ‹‹خان ھۇزۇرىدا تۈزۈلگەن مەنسەپ ۋازارىتى قائىدىسى›› قاتارلىقلار ئەمەلدارلارنى ئىدارە قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك قانۇن ھېسابلىنىدۇ. دۆلەتنىڭ باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك قانۇنلارنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول بولۇپ، يېزا ئىگىلىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا، مالىيە ئىشلىرى، پۇل ـ مۇئامىلە قاتارلىق كەڭ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، دۆلەتنىڭ مالىيە كىرىمىگە كاپالەتلىك قىلىش ھەققىدىكى قانۇنلارنى ئېلىپ ئېيتساق، خەن سۇلالىسىدىن كېيىنكى ھەر قايسى سۇلالىلەرنىڭ ھەممىسى تۇز قانۇنى، چاي قانۇنى، باج قانۇنى قاتارلىقلارنى تۈزۈپ بىر قىسىم تىجارەتنى دۆلەتنىڭ مەخسۇس سېتىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ ، خۇسۇسىيلارنىڭ بۇ خىل تىجارەتنى قىلىشىنى چەكلىگەن .

دېمەك، تارىختىن بۇيانقى ھەر خىل قانۇنلارنىڭ مەزمۇنى ۋە فۇنكسىيىسى ئوخشاش بولمىسىمۇ، بۇ قانۇنلار ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ھوقۇقى ۋە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرتىپنى قوغداش، ھەر قايسى قاتلام ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەشتىن ئىبارەت ئورتاق ئىقتىدارنى جارى قىلدۇرۇپ، سىنىپىيلىق ۋە ئىجتىمائىيلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل خاسلىققا ئىگە بولغان. پەقەت قانۇننىڭ خاسلىقى ۋە ئىقتىدارىنى ئىلمىي، توغرا چۈشەنگەن ۋە توغرا ئايرىغاندىلا ھەر خىل مەزمۇندىكى تۈرلۈك قانۇنلارنىڭ تارىختىكى رولىغا توغرا باھا بەرگىلى بولىدۇ.

چۈنكى ئەنئەنىۋى قاراشلار قانۇننىڭ سىنىپىيلىقىنىلا مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىيلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ، جىنايى ئىشلار قانۇنىدىن باشقا تۈرلۈك قانۇنلارنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىشتە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى تۆۋەن مۆلچەرلەيدۇ ياكى ئۇنى ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتىدۇ. ئەمەلىيەتتە جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ فۇنكسىيىسىنى قەدىمكى دەۋردىكى دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ۋە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشنى باشقۇرۇشتىكى كۆپ خىل

فۇنكسىيىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدۇ.

قەدىمكى دەۋردە قانۇن ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇزۇن بىر مەزگىل نىسپىي مۇقىملىقنى ساقلىغان، ھەر قايسى سۇلالىلەر جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدە كېلىپ چىققان يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، تۈرلۈك قانۇنلارنى چىقىرىش ئارقىلىق قانۇننىڭ كەم جايلىرىنى تولۇقلىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسمىي قانۇندىن باشقا تولۇقلىما قانۇنلارنىڭ رولىنىمۇ تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ.

## 4. جۇڭگو قانۇن-تۈزۈمىنىڭ تەرەققىي قىلىش قانۇنىيىتىنى ئىلمىي بايان قىلىش لازىم.

قانۇن-تۈزۈم تەرەققىياتى جەريانىدا قانۇن ھەر قايسى سۇلالىلەرنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى باشقۇرۇشنىڭ قورالى بولۇش سۈپىتى بىلەن جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆزگەرگەن ۋە مۇكەممەللەشكەن. جۇڭگو قانۇن-تۈزۈم تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي جەريانىدىن قارىغاندىمۇ قانۇن-تۈزۈم ئومۇمەن دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلغان ۋە مۇكەممەللەشكەن . قانۇن ماددىلىرى كۆرۈنۈشتە بىر خىل ھالەتتە تۇرغاندەك قىلسىمۇ لېكىن قانۇننىڭ تۈزۈلۈش جەريانى ۋە يولغا قويۇلۇشىنىڭ ئۆزى ئەزەلدىن ھەرىكەت ھالىتىدە بولۇپ كەلگەن. يەنى دۆلەتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى نىسبەتەن مۇقىم بولغان مەزگىللەردە قانۇنمۇ ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئەدلىيە پائالىيىتى ئەمەلىيىتىگە ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلغان ۋە مۇكەممەللەشكەن. شۇڭا جۇڭگو قانۇن-تۈزۈم تارىخىنى تەرەققىيات ئۆزگىرىش نۇقتىئىنەزىرى بىلەن مۇنازىرە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ .

جۇڭگو قەدىمكى زامان جەمئىيىتىنىڭ خاراكتېرى ۋە قانۇننىڭ خاسلىقىغا بولغان تونۇش ھەر خىل بولغانلىقتىن، بەزىلەر سىنىپ ۋە ئىجتىمائىي فورماتسىيىلەرنى تەھلىل قىلىپ چۈشەندۈرۈپ، سىنىپ ۋە دۆلەت پەيدا بولغاندىن تارتىپ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى قانۇنلارنىڭ ھەممىسى جۇڭخۇا قانۇن سىستېمىسىغا مەنسۇپ دەپ قارايدۇ.

يەنە بەزىلەر: جۇڭخۇا مەدەنىيىتى بىلەن قانۇننىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى تارىخىي تەرەققىيات نۇقتىسىدىن بايان قىلىپ، جۇڭگو قەدىمكى زامان قانۇنى دۆلەت پەيدا بولۇشتىن بۇرۇنلا پەيدا بولغان دەپ قارايدۇ ، ئۇلارنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى چۈشەندۈرۈشى ئوخشىمايدۇ. بەزىلەر يېغىلىق دەۋرى جۇڭگونىڭ ئەڭ دەسلەپكى قانۇنى بارلىققا كەلگەن دەۋر، چىن سۇلالىسىدىن تارتىپ جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەرگىچە بولغان دەۋر تەرەققىي قىلغان دەۋر، سۈي، تاڭ سۇلالىلىرىدىن تارتىپ مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرىغىچە بولغان دەۋر رەسمىي ئورنىتىلغان دەۋر، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئىسلاھ قىلىنغان دەۋر دەپ قارايدۇ. مەيلى قايسى خىل قاراشتا بولسۇن بۇ يەردىكى ھالقىلىق مەسىلە جۇڭگو قانۇن-تۈزۈم تارىخىنى دەۋرگە بۆلۈپ تەھلىل قىلىش مەسىلىسى بولۇپ، بۇ مەسىلە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلىم ساھەسىدە ئەزەلدىن تالاش-تارتىش قىلىنىۋاتقان مەسىلە ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا بۇلارنى قەدىمكى ماتېرىياللار ئارقىلىق يەنىمۇ ئىسپاتلاشقا توغرا كېلىدۇ.

جۇڭگو قانۇن-تۈزۈم تارىخىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن مەمۇرىي قانۇن، جىنايى ئىشلار قانۇنى ۋە مىللىي قانۇن چىقىرىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى تولۇق نەزەرگە ئېلىش كېرەك

چىڭ سۇلالىسى نۇرغۇنلىغان ئايرىم قانۇن-نىزاملارنى ئېلان قىلغان بولۇپ ، تارىختىن بۇيانقى مىللىي قانۇن چىقىرىشنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقان. جىنايى ئىشلار قانۇنىنى ئېلىپ ئېيتساق مەيلى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن ياكى قانۇننىڭ قۇرۇلمىسى، قانۇن چىقىرىش تېخنىكىسى جەھەتتىن بولسۇن ھەممىسىدە يېڭىلىق بارلىققا كەلگەن.

تاڭغۇتلار، قىتانلار، موڭغۇللار، مانجۇلارنىڭ قانۇنلىرى ھەر قايسى مىللەتلەر ئورتاق ياراتقان جۇڭخوا قانۇن سىستېمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن قانۇن ـ تۈزۈمنىڭ تەرەققىياتىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ، جۇڭگو قانۇن ـ تۈزۈم تارىخىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلغاندا ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى تارىخ ئۆگىنىش ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىش ھەرگىزمۇ ئارقىغا قاراپ ماڭغانلىق ئەمەس، ھەر قايسى مىللەتلەر ئورتاق ياراتقان قىممەتلىك قانۇن مەدەنىيىتى بايلىقىنى قېزىپ چىقىشىمىز ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى قانۇنشۇناسلىق قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. نۆۋەتتە تەكىتلىنىۋاتقان ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى پۈتكۈل ئۆگىنىش تەتقىقات خىزمەتلىرىمىزگىچە ئومۇملاشتۇرۇشىمىز لازىم.

**ئىزاھلار:**

① چېن شىڭچىڭ: «قانۇن ـ تۈزۈم تەتقىقاتى ۋە جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك قانۇنشۇناسلىق توغرىسىدا»، 3 ـ، 5 ـ بەتلەر.

② سېڭ شيەنيى: «جۇڭگو قانۇن ـ تۈزۈم تارىخى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 7 ـ ئاي نەشرى.

## پايدىلانمىلار


[1] جاڭ جىنفەن: «جۇڭگو قانۇن ـ تۈزۈم تارىخى»(2 ـ نەشرى)[M]، بېيجىڭ: ئالىي مائارىپ نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى 7 ـ ئاي.

[2] جېڭ چىن، جاڭ شىنگو: «جۇڭگو قانۇن ـ تۈزۈم تارىخى» [M]، بېيجىڭ: جۇڭگو سىياسىي قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى 1 ـ ئاي.

[3] فۇ جەن: «جۇڭگو قانۇن ـ تۈزۈم تارىخى» [M]، بېيجىڭ: مەركىزىي رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى 7 ـ ئاي.

[4] جاۋ شاۋگېڭ: «جۇڭگو قانۇن ـ تۈزۈم تارىخى ئوقۇتۇش مەسىلىلىرى»[M]، 2006 ـ يىلى 8 ـ ئاي.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

ماقالە نومۇرى:04_111_03 (2009) 5878_1005

# چوڭلار مائارىپىنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا*

مۇختەر ئەبەيدۇللا

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى چوڭلار مائارىپى ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى، 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، چوڭلار مائارىپىنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈپ، يېزا-بازار كارخانا خادىملىرىنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش، ئوقۇتۇش، تەربىيىلەش ئارقىلىق چوڭلار مائارىپىنى يېزىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要：**本文论述让成人教育面向农村，提高村镇和企业人员的素质，及建设社会主义新农村，通过教学、培育让教育为农村服务的意义。

**Abstract:** In this article, a discussion is carried out on the significance of extending adult education to the villages, raising the level of employees at village and town workplaces, creating a new socialist village, and making education work for villages through teaching and training.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G72　ماتېرىيال بەلگىسى: A

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ئوتتۇرىغا قويغان «9-بەش يىللىق» ۋە «10-بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىدە پارتىيىنىڭ يېزا خىزمىتى ۋە يېزا مائارىپىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، دېھقانلارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش تەلىپىگە ئاساسەن، مائارىپ مىنىستىرلىكى يېزا خىزمىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئاساسىدا ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ ۋە ئەھمىيەت بېرىپ، يېزىلاردىكى ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى تەڭشەپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا-بازار مائارىپىدا ئومۇمىيۈزلۈك يېڭىلىق يارىتىپ، ئۆزلۈكسىز مائارىپنى يۈكسەلدۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ھازىر دۆلىتىمىز يېزىلىرىدا 9 يىللىق مەجبۇرىي مائارىپ بىرقەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۆزلۈكسىز مائارىپ تېخى كۆرۈنەرلىك ئەمەلىيلەشكىنى يوق. بۈگۈنكى ئۈچۈر دەۋرىدە كۈنسايىن يېڭىلىنىۋاتقان پەن-مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىش ۋە ئۇنىڭغا ئاكتىپ ماسلىشىش ئۈچۈن دېھقانلارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى يېڭىلاپ، دەۋرگە ماسلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بەزى ستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ھازىر مەملىكەت بويىچە 770 مىليون يېزا-بازار نوپۇسى ئىچىدە 200 مىليون دېھقان ئۆزلۈكسىز مائارىپ ۋە كەسپىي تېخنىكا مائارىپى بويىچە تەربىيىلىنىشنى كۈتۈپ تۇرماقتا. چۈنكى مۇشۇ 200 مىليون دېھقان ئىچىدە ھېچقانداق تېخنىكا تەربىيىسى ئالمىغانلار 74.4%نى ئىگىلەيدىكەن. بۇلارنىڭ 80%تىن يۇقىرىسى دېھقان ئىشلەمچىلەر بولۇپ، ئاساسلىقى دېھقانچىلىق، قۇرۇلۇش، كان، توقۇمىچىلىق، ئورمانچىلىق، باقمىچىلىق قاتارلىق كۆپ خىل كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار

---

* بۇ ماقالە 2007-يىلى 10-ئاپرېل تاپشۇرۇپ ئېلىندى.

ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى: مۇختەر ئەبەيدۇللا (1954-يىلى 7-ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، چوڭلار مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ماھارىتى تۆۋەن، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئېڭى ئاجىز بولۇشى ئىش ئۈستىدىكى بەزى ھادىسىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. مەملىكىتىمىزدىكى يېزا ئەمگەك كۈچلىرى ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر 12.4%نى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر 50.3%نى، باشلانغۇچ مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىن تۆۋەن بولغانلار 37.3%نى ئىگىلەيدۇ. بۇنى بەزى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى ئارقىدا بولۇپ، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە بولسا يېزا ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ 45%~65%تى ئالىي مائارىپ تەربىيىسى ئالغانلار ئىكەن. مەملىكىتىمىزدە بولسا يېزا ئەمگەك كۈچلىرى ئىچىدىكى ھەر 100 ئادەم ئىچىدە تېخنىك خادىملار ئاران 0.003%نى ئىگىلەيدۇ. بۇ ھال مەملىكىتىمىزدە يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن، زامانىۋىي پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىشچانلىقى يېتەرسىز بولۇشتەك ھالەتنى شەكىللەندۈرمەكتە. مەركىزىي كومىتېت ئوتتۇرىغا قويغان «ئۈچىنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش»نىڭ بىرى مائارىپنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈشتىن ئىبارەت. نۆۋەتتە سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش، دېھقانلارنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، دۆلەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش — دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسەتلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. مانا مۇشۇنداق تارىخىي دەۋردە ھەر دەرىجىلىك چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتلىرى قانداق قىلغاندا، ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە رولىنى مۇستەقىل جارى قىلدۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە تېگىشلىك رول ئوينىيالايدۇ؟ قانداق قىلغاندا ئۆزلىرىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ ئاساسىي تەربىيىلەش نىشانىنى يېزا ـ بازار كارخانىلىرىغا يۈزلەندۈرەلەيدۇ؟ بۇ چوڭلار مائارىپى باش قاتۇرۇپ ئويلىششقا تېگىشلىك مۇھىم بىر مەسىلە. نۆۋەتتە چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتلىرىنىڭ ئوقۇتۇش شەكىللىرى: پۈتۈن كۈنلۈك ئوقۇتۇش (ئىشتىن ئايرىلىپ)، ئىشتىن سىرت ئوقۇتۇش، (شەنبە، يەكشەنبە ياكى كەچلىرى)، ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇتۇش، يىراق مۇساپىلىك ئوقۇتۇش، خىزمەت ئورنىدا تۇرغۇزۇپ ئوقۇتۇش، كەسىپلەر بويىچە مۇددەتكە بۆلۈپ تەربىيىلەش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ خىل ئوقۇتۇش شەكىللىرىنىڭ ئاساسلىقى ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلغان ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە مەركەزلىشىپ قالغان بولغاچقا ئۇنى يېزىلارغا قەدەر كېڭەيتىشكە، يېڭىلاشقا توغرا كېلىدۇ. چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتلىرى ئۆزىنىڭ مۇشۇ كۆپ خىل ئالاھىدىلىكىنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈشتە مېنىڭچە تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

1. يېزىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ماسلىشىش كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەبىئىي شارائىتى، يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى، ئۇلار ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان كەسىپلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، كۆپ خىل كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان رايونلارغا قارىتا تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلۈكسىز مائارىپنى قوبۇل قىلىش ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ، ئوقۇغۇچى مەنبەسىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، كەسىپلەرنى تەڭشەش كېرەك. چۈنكى يېزا ـ بازار كارخانىلىرى چوڭلار مائارىپىنىڭ ئوقۇغۇچى مەنبەسىدىكى مۇھىم بازا. يېزىلاردىكى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ئاجىز بولغان رايونلارغا قارىتا بىرقەدەر كەڭ بولغان ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ، جازالاش بىلەن مۇكاپاتلاشنى، ياخشىلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىشنى يولغا قويۇپ، ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. ئۇلار شۇغۇللىنىۋاتقان كەسىپلەرگە ئاساسەن، كەسىپ بىلەن دەرسنى، خىزمەت بىلەن ئوقۇتۇشقا ياردەم بېرىشنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا يېزا ـ بازار كارخانىلىرىدىكى تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە دېھقان ئىشلەمچىلەرنى ئۆزلۈكسىز

مائارىپ تەربىيىسى ئارقىلىق ئالىي تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە قىلغىلى، نامرات رايونلارنىڭ مائارىپ مالىيىسىگە كېتىدىغان راسخوتنى ئازايتقىلى، ئائىلە ۋە شەخسلەرنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى يېنىكلەتكىلى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ئوقۇتۇش مۇددىتى قىسقا، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان پايدىلىق ئوقۇتۇش شارائىتى بىلەن تەمىن ئېتىپ، نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئىقتىسادنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

2. يېزا-بازار كارخانىلىرىدا چوڭلار مائارىپى بويىچە تەربىيىلەش نۇقتىلىرىنى تەسىس قىلىش كېرەك. ھازىر مەملىكەت بويىچە 600 دىن ئارتۇق ناھىيە، 5200 دىن ئارتۇق يېزا-بازار كارخانىلىرىدا چوڭلار مائارىپى بويىچە تەربىيىلەش نۇقتىلىرى تەسىس قىلىنغان بولسىمۇ بۇ تېخى ئېھتىياجنى قاندۇرۇپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدا بولسا چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتلىرى ئاساسەن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە مەركەزلىشىپ قالغاچقا، يېزا-بازار كارخانىلىرىدا تەسىس قىلىنغان چوڭلار مائارىپى بويىچە تەربىيىلەش نۇقتىلىرى يوق دېيەرلىك. شۇنداق بولغاچقا ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە شەھەرلەرنىڭ ئىختىساسلىق خادىملارغا بولغان ئېھتىياجى تويۇنۇپ، يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ ئېھتىياجى قاندۇرۇلمايۋاتىدۇ. مۇشۇ سەۋەبلىك يېزىلارنىڭ شەھەرلەر بىلەن بولغان پەرقى تېخىمۇ زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە چوڭلار مائارىپى بويىچە ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار مەنبەسى يىلدىن-يىلغا ئازىيىپ، بىر قىسىم ئىنستىتۇتلارنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانى ئورۇنلانماي ئىنستىتۇتلاردا ئوقۇغۇچى ئاز، شتات ئارتۇق، يارىتىلغان ئىقتىسادىي ئۈنۈم تۆۋەن بولۇشتەك ھالەت شەكىللىنىپ قېلىۋاتىدۇ. بۇنداق ھالەت ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشسا بىر قىسىم ئىنستىتۇتلارنىڭ ئوقۇتۇش بىنالىرى قۇرۇق، ئوقۇتقۇچىلىرى بىكارچى بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن چوڭلار مائارىپىنى چوقۇم يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈپ ئوقۇغۇچى مەنبەسىنى قېزىشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىر يېزا-بازار كارخانىلىرىدىكى نۇرغۇن ياشلار ئۆز كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، بىلىم قۇرۇلمىسىنى يېڭىلاش باسقۇچىدا تۇرماقتا. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئېھتىياجىنى پەقەت چوڭلار مائارىپى ۋە ئۆزلۈكسىز مائارىپ ئىنستىتۇتلىرىلا قاندۇرالىشى مۇمكىن. بۇنىڭ ئۈچۈن چوڭلار مائارىپى ۋە ئۆزلۈكسىز مائارىپ ئىنستىتۇتلىرى يۇقىرى دەرىجىلىك مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن، شەھەر، ناھىيە، يېزا-بازار كارخانىلىرىدىن ئىبارەت كۆپ تەرەپنى ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق، شۇ جاينىڭ ئالاھىدىلىكى، ئەۋزەللىكى ۋە ئېھتىياجىغا ئاساسەن، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، تەرتىپكە سېلىپ، يەرلىك ئورۇنلار بىلەن ئالدىن كېلىشىپ، پىلان بويىچە نىشانلىق تەربىيىلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ئاساسىي قاتلام يېزا ياشلىرىنى ئۆز رايونلىرىدا داۋاملىق ئولتۇراقلىشالايدىغان، داۋاملىق تۆھپە يارىتالايدىغان، ئەمەلىيەتچانلىقى ۋە تېخنىك ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغان ئىختىساس ئىگىلىرى قىلىپ تەربىيىلەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. چوڭلار مائارىپىنىڭ ئاساسىي تەربىيىلەش نۇقتىسىنى يېزىلارغا قارىتىش يالغۇز يېزا ياشلىرىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى ھەرقايسى چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتلىرىنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بەلگىلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىشى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق.

3. ئوقۇتۇش ۋە تەربىيىلەش جەھەتتە ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى يولغا قويۇش كېرەك. ئوقۇتۇش جەھەتتە، ئادەمنى ئاساس، ئېھتىياجنى چىقىش نۇقتا قىلىپ، مەكتەپ ئېچىش مەقسىتى ۋە نىشانىنى توغرىلاپ، ئىلىم-پەن تەرەققىيات قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئۇزۇن مۇددەت ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىش قانۇنىيىتىنى ئىگىلەش كېرەك. يېزا-بازار كارخانىلىرىدىكى خادىملارنىڭ

www.uyghurkitap.com



ئىجابىي ۋە سەلبىي ئامىللىرىنىڭ ئوخشاشماسلىقى، خىزمەت خاراكتېرى ۋە ئوقۇتۇش تارىخىنىڭ ئوخشاشماسلىقى تۈپەيلى ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكى جەھەتتىمۇ پەرق بولىدىغانلىقى مۇقەررەر، بۇنىڭغا قارىتا ئوقۇتۇش قىزغىنلىقى يۇقىرى خادىملارنى ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارغا تايىنىش، ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈش، ئۇلارغا ئىلھام بېرىش، ئوقۇغۇچىلار ھەممىدىن ئەلا دەيدىغان قاراشنى تۇرغۇزۇش، ھەتتا زۆرۈر تېپىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئوقۇش پۇلىنىڭ مەلۇم پىرسەنتىنى كەچۈرۈم قىلىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا بولىدۇ. ئوقۇتۇشقا كېتىدىغان ئىلغار ئۈسكۈنىلەرنى سەپلەپ ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق ئوقۇتۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاپ، دەرس ئۆتۈش سۈپىتى ئەلا، ساپاسى يۇقىرى، ئەخلاقى دۇرۇس ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى كۆپلەپ يېزىلارغا ئەۋەتىپ، يېزا-بازار كارخانىلىرى ئۈچۈن ئەلا مۇلازىمەت قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىپ، ئوقۇتۇشنى ئۇلارنىڭ شارائىتى، نىشانى، ۋەزىپىسى، ئىسلاھاتى، تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقى قاتارلىق مۇرەككەپ ئامىللارغا بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ئوقۇتۇشتا ئەمگەك بىلەن ئوقۇتۇشنى، ئوقۇش تارىخى بىلەن مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى، بازار ئىگىلىكىگە ئەڭ ئېھتىياجلىق كەسىپلەرنى تەسىس قىلىش بىلەن يېزا ياشلىرىنىڭ ئۆگىنىش ئاكتىپچانلىقىنى، جەڭگىۋارلىقىنى قوزغاشنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك. تەربىيىلەش جەھەتتە، مەقسەت بىلەن نىشاننى، يەرلىك ئالاھىدىلىك بىلەن ئېھتىياجنى، قىزىقىش بىلەن ئەقلىي ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈشنى، ئادىمىيلىك بىلەن سوتسىيالىستىك شەرەپ-نومۇس قارىشىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزلۈكسىز يېڭىلاشقا موھتاج بولۇۋاتقان كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش كېرەك. ئۇلارنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆگىنىدىغان، ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزىدىغان، مەسىلىلەرگە قارىتا مۇستەقىل ئانالىز يۈرگۈزەلەيدىغان، يېڭىلىق يارىتىشقا ئىنتىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلەش بىلەن ئادىمىيلىك جەھەتتىمۇ ئۇلارنى خاراكتېرى، ھېسسىياتى، قىزىقىشى، ئالاھىدىلىكى، ئىرادىسى، ئەخلاقى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك كۆز قارىشى جەھەتتىمۇ تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا، يېزا-بازار كارخانىلىرىدىكى ياشلارنى خىزمەت ئورنىدا بىلىم قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، ئىگىلىك يارىتىشتا ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولالايدىغان، بىلىمگە، پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىش يولىغا ماڭالايدىغان تايانچلاردىن قىلىپ تەربىيىلەپ چىققىلى بولىدۇ. مانا بۇ نۆۋەتتە چوڭلار مائارىپىنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈشنىڭ مۇھىملىقى ۋە زۆرۈرىيىتى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە چوڭلار مائارىپى ئۆزىنىڭ تەربىيىلەش نىشانىنى يېزا-بازار كارخانىلىرىغا قارىتىپ، ئوقۇغۇچىلارنى بىر پۈتۈن گەۋدە، تەربىيىلەشنى ئۆزىنىڭ غايىسى قىلغاندىلا ئاندىن ئۈنۈملۈك نەتىجىگە ئېرىشەلەيدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ تۇرالايدۇ.

## پايدىلانمىلار


[1]《继续教育》月刊，全国中文教育类核心期刊，2007 年第 3 期。

[2]《成人高教》学刊，教育部主管，中国人民大学主办，2007 年第 1 期。

[3]《全国自学考试简报》，2007 年第五期。

[4]《成人高等教育研究》，新疆人民出版社，2004 年 12 月出版。


جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

30 - يىللىق 3 - سان
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
第 30 卷第 3 期
2009 - يىلى سېنتەبىر
新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)
2009 年 9 月

ماقالە نومۇرى:04 _ 115 _ 03 (2009) 5878 _ 1005

# «ھازىرقى زامان جۇڭگو ئەدەبىياتىدىن تاللانما» دەرسلىكىنى خەنزۇ تىلىدا ئۆتۈشتە ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە ئۇنى ھەل قىلىش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا *

گۈلجامال ئابىت
(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى، 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** قوش تىللىق مائارىپ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى ئاساسلىق تەدبىرلەرنىڭ بىرى. بۇ ماقالىدە، «ھازىرقى زامان جۇڭگو ئەدەبىياتىدىن تاللانما» دەرسلىكىنى خەنزۇ تىلىدا ئۆتۈشتە ساقلانغان مەسىلىلەر — دەرسلىك، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مېتودى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاڭلاپ چۈشىنىشىدىكى يېتەرسىزلىكلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ ھەم ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇل - تەدبىرلىرى كۆرسىتىلىدۇ.

**摘要：**双语教学是提高各少数民族综合水平的主要措施之一。本文提出《中国现代文学作品选》汉语授课中存在的教材、教师的教学方法、学生听讲理解方面的不足之处等问题及解决的办法。

**Abstract:** Bilingual education is one of the fundamental measures in raising the general level of all nations. In this article, problems remaining in teaching the textbook "Selections from Modern Chinese Literature" in Chinese-- namely, inadequacies in the textbook, the teachers' methods, and the students' listening comprehension-- will be put forward, and methods for resolving these problems will be shown.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G40
ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئالىي مەكتەپلەردە قوش تىللىق ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىش، مىللىي مائارىپتىكى ئوقۇغۇچىلارغا ئاساسىي كەسپىي دەرسلىكلەرنى خەنزۇ تىلىدا ئۆتۈش دېگەنلىكتۇر. ئۇ نەچچە يىللىق ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، خەنزۇ تىلىدا ئوقۇ - ئوقۇتۇش مىللىي مائارىپنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم يوللىرىنىڭ بىرى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، ھۆكۈمەت بارلىق ئالىي - ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەرنى 2010 - يىلغا بارغاندا قوش تىلدا ئوقۇتۇش ئېلىپ - بېرىشنى ئومۇملاشتۇرۇشقا چاقىردى. بۇ سىياسەت شىنجاڭنىڭ مىللىي مائارىپ تەرەققىيات تارىخى جۈملىدىن بارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي مائارىپ تەرەققىيات تارىخىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپ بولۇش سۈپىتى بىلەن پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، قوش تىللىق ئوقۇتۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە دەرسلىك، ئوقۇتۇش پىلانى، ئوقۇتۇش تىلى، تاپشۇرۇق، ئىمتىھان، پراكتىكا قاتارلىق ئوقۇتۇش ھالقىلىرىدا بىر تۇتاش خەنزۇ تىلى ئىشلىتىشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇردى.

بۇنداق ئومۇمىي ۋەزىيەت ئاستىدا، ئاز - سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت ئالاھىدە كەسپنى ئاساس قىلغان دەرسلەرنى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي

---

• بۇ ماقالە 2009 - يىلى 11 - ئىيۇن تاپشۇرۇپ ئېلىندى.
ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى: گۈلجامال ئابىت (1958 - يىلى 5 - ئايدا تۇغۇلغان). لېكتور، ھازىرقى زامان جۇڭگو ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات كەسپى ۋە قازاق تىل ـ ئەدەبىيات كەسىپلىرىدە خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ ـ بارىدىغان دەرسلەرنى بەلگىلەپ چىقتى. ھەم بۇ دەرسلەرنى ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچىلارغا ئۆلچەملىك خەنزۇ تىلى سەۋىيە سىناش ئىمتىھانىدا يېتىش كېرەك بولغان ئۆلچەمنى بېكىتتى. ھازىر بۇ بەلگىلىمە تەرتىپلىك ھالدا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ.

«ھازىرقى زامان جۇڭگو ئەدەبىياتىدىن تاللانما» دەرسلىكى ئەنە شۇ خەنزۇ تىلىدا ئۆتۈلىشى كېرەك بولغان دەرسلىكلەرنىڭ بىرى. بۇ دەرسلىكتە پۈتۈنلەي ھازىرقى زامان جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە يازغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ نەمۇنىلىك ئەسەرلىرى سۆزلىنىدىغان بولغاچقا، ئانا تىلىدا سۆزلەنگەندىمۇ، نىسبەتەن چۈشىنىشكە قىيىن بولغان بۇ دەرسلىك، خەنزۇ تىلىدا سۆزلەنگەندە مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا بەلگىلىك قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدۇ. ئەلۋەتتە. مەن ئۆزۈمنىڭ 25 يىلدىن بۇيان مۇشۇ دەرسنى ئۆتۈپ كېلىۋاتقان تەجرىبەمگە ئاساسلىنىپ، «ھازىرقى زامان جۇڭگو ئەدەبىياتىدىن تاللانما» دەرسلىكىنى خەنزۇ تىلىدا ئۆتۈش جەريانىدىكى قىيىنچىلىق ۋە ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

1) ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنىڭ چەكلىك بولۇشى

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسى قوش تىللىق ئوقۇتۇشنى ئۇتۇقلۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم ھالقا. بۇ گەرچە بۇ دەرسلىكنى ئۆتۈشنى زىممىسىگە ئالغان ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپ بەلگىلىگەن ئۆلچەملىك خەنزۇ تىلى سەۋىيە سىناش ئىمتىھانىنىڭ دەرىجىسىگە يەتكەن بولسىمۇ، دەرسنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بۇ سەۋىيىسىدىن ھالقىپ كەتكەن. خۇددى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» دەرسلىكىنى ئۇيغۇر تىلىغا پىششىق ھەممىلا ئادەم ياخشى ئۆتەلەيدۇ، ـ دېگىلى بولمىغانغا ئوخشاش، بۇ دەرسلىك ئوقۇتقۇچىنىڭ خەنزۇ تىلىغا ئۆز ئانا تىلىغا ئوخشاش پىششىق بولۇپلا قالماي، يەنە ھازىرقى زامان خەنزۇ ئەدەبىياتىغا مۇناسىۋەتلىك كەسپى مەزمۇنلارغا پۇختا بولۇشىنى، ئەسەر تىلىنى ئوقۇغۇچىلارغا ئوبرازلىق يېشىپ كۆرسىتىپ، ئۇلارغا ئەسەر مەزمۇنىنى تولۇق ھەم توغرا يەتكۈزۈشنى ئەڭ راۋان، ئەڭ ئاددىي تىل بىلەن ئەڭ مۇرەككەپ مەزمۇنلارنى ئوقۇغۇچىلار ھەزىم قىلالىغۇدەك دەرىجىدە چۈشەندۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

2) ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى

دەرسلىكتە ئىشلىتىلگىنى ئومۇمىي ئاتالغۇ، تۇرمۇش سۆزلىرى ئەمەس بەلكى ئۆزگىرىشچان، ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلارغا باي بولغان ئەدەبىي خەنزۇ تىلى. ئەسەرلەر تىلىدا كۆپلەپ مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىلىرى، ماقال ـ تەمسىل، ئىدىئوم، ھەتتا قەدىمكى زامان خەنزۇ تىلىنىڭ تىل تەركىبلىرى ئۇچراپ تۇرىدۇ، بۇ ھال ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاڭلاش ۋە ئوقۇپ چۈشىنىش ئىقتىدارىنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىدە ئەمەس بەلكى يۇقىرى دەرىجىدە بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما ئۆز ئانا تىلىدا باشلانغۇچ، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرىنى تۈگەتكەن. پەقەت بىر يىللا خەنزۇ تىلى بويىچە تەييارلىق قىلغان مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇ ھەقىقەتەنمۇ تەس ئۆتكەل.

3) مۇۋاپىق دەرسلىكنىڭ بولماسلىقى

ھازىر بىز ئىشلىتىۋاتقان دەرسلىك خەنزۇ تىل ـ ئەدەبىياتى بولسا ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن بىر تۇتاش پىلانلىنىپ بېسىلغان دەرسلىك بولۇپ، قىيىنلىق دەرىجىسى خېلىلا يۇقىرى. مىللىي مائارىپنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ تۈزۈلگەن دەرسلىك يوق. بۇ ئەھۋال ئانا تىلىدا ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئېلىپ ـ بېرىۋاتقان ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەتنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرىۋەتكەن.

4) ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ ئىزچىل بولماسلىقى

ھازىر بۇ دەرسلىكنى ئۆتۈش جەريانىدا تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئوقۇتۇش ئۇسۇلى مەۋجۇت. بىرىنچى، باشتىن ئاخىر خەنزۇ تىلىدا سۆزلەش؛ ئىككىنچى، دەرس

مەزمۇنىنى تولۇق يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىپ، قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغان تېكىستلەرنى پۈتۈنلەي ئانا تىلدا سۆزلەش: ئۈچىنچى، ئاۋۋال خەنزۇ تىلىدا دەرسنىڭ مەزمۇنى بىر قۇر چۈشەندۈرۈلۈپ، ئوقۇتقۇچى ئۆزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشىنىشى تەس بولىدۇ،ـ دەپ قارىغان مەزمۇنلارنى ئانا تىلدا قايتىدىن سۆزلەپ بېرىش. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەگەر بىرىنچى خىل ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا باشچىلاپ كىرىپ كەتكەندە، تىل سەۋىيىسى چەكلىك بولغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس مەزمۇنىنى ئۆزلەشتۈرۈشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. ئىككىنچى خىل ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بولسا قوش تىللىق ئوقۇتۇشنىڭ روھىغا خىلاپ. ئۈچىنچى خىل ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدا ئوقۇغۇچىلاردا ئوقۇتقۇچىغا تايىنىۋېلىش پسىخىكىسى پەيدا بولۇپ، ئۆزىگە تەس بىلىنگەن نۇقتىلاردا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ چۈشىنىشكە ئۇرۇنماي ئەكسىچە مۇئەللىمنىڭ قايتا ئۆز تىلىدا سۆزلەپ بېرىشىنى ساقلاپ تۇرۇشتەك پاسسىپ ئۆگىنىش ئۇسۇلى پەيدا بولۇشى مۇمكىن.

5) ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەسلى ئەسەرلەر بىلەن ئۇچرىشىشى كەمچىل

دەرسلىكتە بېرىلگىنى ئاساسەن نەمۇنىلىك ئەسەرلەرنىڭ پارچىلىرى، تولۇق بېرىلگەن ئەسەرلەر ئاز ئۇچرايدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئەسەرنىڭ تولۇق تېكىستىنى كۆرمەي تۇرۇپ، بېرىلگەن پارچىغا قاراپ، ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى، تىلى، پېرسوناژلار خاراكتېرى، بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى ئۆگىنىشكە ئۇرۇنىدۇ. بۇنداق بولغاندا، ئوقۇغۇچىلاردا چوڭقۇرلاش ھاسىل بولماي، ئەسەرلەرنى يۈزەكى چۈشىنىپ قېلىپ، دەرس كۈتكەن ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەي قالىدۇ.

بۇ بىرنەچچە نۇقتا نۆۋەتتە «ھازىرقى زامان جۇڭگو ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىن تاللانما» دەرسلىكىنى ئۆتۈشتىكى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك قىيىن نۇقتىلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بۇلارنىڭ ۋاقتىدا ھەل بولۇش بولماسلىقى، ئوقۇتۇشنىڭ نەتىجىلىك بولۇش ـ بولماسلىقىنى بەلگىلەيدۇ. مەن تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىل چارىنىڭ ئۈنۈمىنى سىناپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ،ـ دەپ قارايمەن.

1) ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خەنزۇ تىلىدا دەرس ئۆتۈش سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇش

ئىنستىتۇت نوقۇل ئۇلارنىڭ تىل سەۋىيىسىگە بولغان تەلەپنى كۈچەيتىپلا قالماي، «قوش تىلدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىش» ئۇسۇلىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە چاقىرىق قىلىش، ئوقۇتۇشنى لايىھەلەش، ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى بىر تەرەپ قىلىش، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى تاللاش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىجادىيەت قابىلىيىتىنى ئىشلىتىپ، مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن ئوقۇتۇش ئېلىپ بارالايدىغان خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش كېرەك. ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ تارىخى بۇرۇلۇشتا تۇرۇۋاتقان ئورنىنى ھېس قىلىپ، مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن بۇ دەرسلىكنى ئۇستىگە ئېلىپ، تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا ماس كېلىدىغان دەرسلىك تۈزۈپ چىقىش يەنى مەزمۇنلىرى قىيىنلىق دەرىجىسى بويىچە رەتلەنگەن، بەزى جايلىرى تەپسىلىي، بەزى جايلىرى ئىخچاملىق بولغان، ئالدى ـ كەينى تەرتىپلىك بولغان دەرسلىك تۈزۈش نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن، توختىماي ئىزدىنىشى كېرەك.

2) ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنى، بۇ دەرسكە بولغان قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇش

دەرسنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، نوقۇل ئۇلارنىڭ ئومۇمىي خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكىلا تايانماي، كۆپ مىقداردىكى كەسپىي ئاتالغۇلارنى ئىگىلەشكە تەشكىللەش، زۆرۈر تېپىلغاندا قوشۇمچە كۇرس ئېچىپ، ئوقۇغۇچىلارغا ياندىشىپ مەشىق پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنى ئەسلى ئەسەر، ئەسەرلەردىن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن كىنو ـ تىياتىر، ئەسەرلەر ھەققىدىكى ئوبزورلار بىلەن كۆپلەپ ئۇچرىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، بۇنىڭدىن ھاسىل بولغان كەسىپ قىزغىنلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئوقۇتۇش ئۈنۈمىگە يېتىش كېرەك.

3) ئەسلىدىن بار بولغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى باھالاشنى ئۆزگەرتىش

مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەسلىدىنلا خەنزۇ تىلى بىلەن تەربىيىلىنىشىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدىن بۇ دەرسنى ئۆگەنگەندىن كېيىن ئېرىشىدىغان ئۈنۈمىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىنىپتىكى قىزغىنلىقى بىلەن ئىمتىھان نەتىجىسىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاكتىپ ئۆگىنىش ھالىتىدە تۇرغان ـ تۇرمايۋاتقانلىقىغا قاراپ، نەتىجە ئىشلەپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ بىكار كەتمىگەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى تەسىرلەندۈرۈپ، ئىلھاملاندۇرۇپ، بۇ قېتىم دەرسلىكنى ئۆلاردا قىزىقارلىق ئىكەنغۇ، ـ دېگەن تەسىرات ھاسىل قىلدۇرغاندا، ئوقۇتۇشنىڭ ئۈنۈملۈك ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

## پايدىلانمىلار


[1] 韩建业. 加强双语教育促进双语教学[J]. 青海民族研究, 1993 年第二期.

[2] 古丽加娜提. 新疆地区双语教育的现状与展望[J]. 民族教育研究, 2009 年第一期.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى**

ماقالە نومۇرى:06 _ 119 _ 03 (2009) 5878 _ 1005

# پسىخىكىلىق مەسلىھەت ۋە پسىخىكىلىق داۋالاش توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە*

**ئاسىيە ھېكىم**

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي - ئاممىۋى باشقۇرۇش ئىلمى ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى، 830046 )

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، پسىخىكىلىق مەسلىھەت بىلەن پسىخىكىلىق داۋالاشنىڭ مەنىسى، ئورتاقلىقى ۋە پەرقى، بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا باغلىنىشلىق مۇناسىۋەت ئۈستىدە كونكرېت توختىلىپ، ھەر قايسى نۇقتىلار بىر قەدەر تەپسىلىي تەھلىل قىلىنىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەھمىيىتى ۋە رولى توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要:** 本文具体讨论心理咨询与心理治疗的含义、共性和区别及其相互联系，对其中的每一点都做比较详细的分析并指出它们的意义和作用。

**Abstract:** In this article, the meaning of psychological advice and psychological treatment, their similarities and differences, and their interconnections will be concretely considered and analyzed in detail from all standpoints, and a discussion will be carried out on their significance and role.

**كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: B84**

**ماتېرىيال بەلگىسى: A**

بىئو مېدىتسىنانىڭ تەدرىجىي ھالدا بىئولوگىيە - پسىخىكا - مېدىتسىنا پەنلىرىگە ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، پسىخىكىلىق ئامىل بىلەن ئىجتىمائىي مۇھىت ئىنسانلارنىڭ سالامەتلىكىگە بولغان تەسىرى بارغانسېرى كىشىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىماقتا. كىشىلەر ئۆزىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپلا قالماي، پسىخىكا ساغلاملىقىغىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغان بولدى. پسىخىكىلىق مەسلىھەت ۋە پسىخىكىلىق داۋالاش چەت ئەل كىنولىرىدا كۆرۈلىدىغان كۆرۈنۈشلا بولماستىن، بەلكى مەملىكىتىمىزدىكى چوڭ - ئوتتۇرا شەھەرلەردىكى كىشىلەرگىمۇ تونۇشلۇق بولۇپ قالدى. كىشىلەر ئۆزىنىڭ كەيپىياتىدا ئۆزگىرىش بولسا، پسىخىكىلىق مەسلىھەت بەرگۈچىنى ئىزدەپ مەسلىھەت سورايدىغان بولدى. ئەمما، پسىخىكىلىق مەسلىھەت ۋە داۋالاشتىن ئىبارەت بۇ مەسىلىنى نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە پسىخىكىلىق مەسلىھەت بەرگۈچى ياكى پسىخىك دوختۇرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ دەرد - ئەلەم ۋە يولۇققان مەسىلىلىرىنى سۆزلەپ بەرسىلا، مەسلىھەت بەرگۈچى ياكى داۋالىغۇچى مەسىلىنىڭ كېلىپ چىقىشى، مەسىلىنى قانداق چۈشىنىش كېرەكلىكى، ھەل قىلىش چارىسىنى كۆرسىتىپ بەرسە، ئۆزىدىكى بارلىق كۆڭۈلسىزلىكلەر تۈگەيدىغاندەكلا ئويلايدۇ. مانا بۇ كىشىلەردە پسىخىكىلىق مەسلىھەت ۋە پسىخىكىلىق داۋالاشقا قارىتا بولغان خاتا چۈشەنچە. تۆۋەندە بۇ توغرىلىق ئۆزەمنىڭ كۆزقارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

## 1. پسىخىكىلىق مەسلىھەت ۋە پسىخىكىلىق داۋالاشنىڭ مەنىسى

پسىخىكىلىق مەسلىھەت ۋە پسىخىكىلىق داۋالاش بولسا، پسىخولوگىيە ئىلمىنىڭ ئالاقىدار نەزەرىيە ۋە ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئارا سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق، مەسلىھەت

* بۇ ماقالە 2007 - يىلى 10 - ئىيۇل تاپشۇرۇپ ئېلىندى.

ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى: ئاسىيە ھېكىم (1964 - يىلى 12 - ئايدا تۇغۇلغان)، لېكتور، پسىخولوگىيە ئوقۇتۇش تەتقىقاتى، پسىخىك ساغلاملىق ۋە پسىخىكىلىق مەسلىھەت بېرىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سورىغۇچىنىڭ سورىغان مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىدىغان بىر خىل كەسپىي تېخنىكا. ئۇ خۇددى ئېچكى كېسەل ۋە تاشقى كېسەل ئىلمىغا ئوخشاش، كەسپچانلىقى، تېخنىكىلىق تەلپىي ئىنتايىن يۇقىرى ئىلىم. پسىخكىلىق مەسلىھەت بىلەن پسىخكىلىق داۋالاش مەنە جەھەتتە تامامەن ئوخشاشمۇ ئەمەس. ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەزمۇن جەھەتتە پەرق بار. پسىخكىلىق مەسلىھەت بولسا، مەسلىھەت ئوبيېكتىغا ياردەم بېرىش جەريانى بولۇپ، ئۇ ئىككى تەرەپنىڭ دوستانە كىشىلىك مۇناسىۋەت ئاساسىغا قۇرۇلغان بىر قاتار پسىخىك پائالىيەت جەريانىدۇر. ئۇنىڭ ئوبيېكتى روھىي كېسەل، كىشىلىك توسالغۇغا ئۇچرىغان، ئەقلىي ئىقتىدارى تۆۋەن ياكى ئورگانىك نېرۋا ئۆزگىرىشى بار بىمارلار بولماستىن، بەلكى پسىخكىلىق ماسلىشىش ۋە پسىخىك تەرەققىياتىدا ياردەمگە مۇھتاج كىشىلەردۇر. شۇڭا ئۇنىڭ چېتىلىش قاتلىمى بىر قەدەر يۈزەكى، ئۇ، ئادەتتە كونكرېت مەسىلە ۋە ئالامەتلەرگىلا قارىتىلىدۇ. تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق پسىخىك مەسىلە ئۈستىدە تەتقىق ۋە ئىزدىنىش ئېلىپ بارمايدۇ. مەسلىھەت سورىغۇچىنى قوللاش ۋە يېتەكلەشكە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇنىڭ مۇلازىمەت ئوبيېكتى بىر قەدەر كەڭ. شۇڭلاشقا مەسلىھەتچى ئۆزىنىڭ كەسپىي تېخنىكىسى ئارقىلىق، ياخشى مەسلىھەت كەيپىياتى يارىتىپ، مەسلىھەت ئالغۇچىنى ئۆزىنى تونۇش ۋە مۇھىتقا ماسلىشىش، ئۆزىنىڭ پسىخكىسىنى تەڭشەش، شۇنداقلا يولۇققان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ماھارىتىنى ئىگىلەشكە ياردەم بېرىدۇ.

يۇقىرقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پسىخكىلىق مەسلىھەت بولسا، مەسلىھەت بەرگۈچى پسىخولوگىيىگە ئالاقىدار نەزەرىيە ۋە ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئالاھىدە كىشىلىك مۇناسىۋەت ئارقىلىق مەسلىھەت سورىغۇچىنىڭ پسىخكىلىق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشىغا، روھىي ۋە جىسمانىي ساغلاملىقنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، ماسلىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئىندىۋىدئاللىق تەرەققىياتى ۋە يوشۇرۇن كۈچىنى جارى قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

پسىخكىلىق داۋالاش بولسا، پەقەت داۋالىغۇچى بىلەن داۋالانغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كېلىدۇ ھەمدە ئۇزۇن مۇددەت ئۆز ئارا تىرىشىپ ھەمكارلىشىش جەريانى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئاساسەن داۋالانغۇچىنىڭ پسىخىك تۇرمۇشىدىكى چوڭقۇر قاتلاملىق مەزمۇنلارغا چېتىلىدۇ. داۋالاش مەقسىتىمۇ بايقالغان ئالامەتلەردىن باشقا، داۋالانغۇچىنىڭ خاراكتېرى ياكى تونۇش پائالىيىتىدىكى مەسىلىلەر بىلەن چېتىلىدۇ. پسىخىك داۋالاشنىڭ ھەر خىل نەزەرىيە ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ تېخنىكىلىرى بولىدۇ. مەسىلەن، ئانالىز تىپىدىكى پسىخكىلىق داۋالاش، بىلىش ھەرىكىتى تىپىدىكى پسىخكىلىق داۋالاش، سىستېمىلىق ئائىلىۋى داۋالاش ئۇسۇلى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. مەيلى قايسى داۋالاش ئۇسۇلى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەمكارلىشىشنىڭ مۇھىملىقىنى، يەنى داۋالىغۇچى بىلەن داۋالانغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى «ئالاھىدە مۇناسىۋەت» نى تەكىتلەيدۇ. بۇخىل مۇناسىۋەتتە، داۋالانغۇچى داۋالاشنى پاسسىپ ھالدا قوبۇل قىلماستىن، بەلكى ئاكتىپ قاتناشقۇچى ۋە ھەمكارلاشقۇچى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر پسىخىك دوختۇرنى «تېرنېر» دېسەك، داۋالاشنى قوبۇل قىلغۇچى بولسا، «كوماندا ئەزاسى» غا ئوخشايدۇ. پەقەت تېرنېر بىلەن كوماندا ئەزاسى ئورتاق ھەمكارلىشىپ تىرىشقاندىلا، ئاندىن ئەڭ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. دېمەك، پسىخكىلىق داۋالاش بولسا، كەسپتە مۇنتىزىم تەربىيلىنىپ چىققان مەسلىھەتچى، مەسلىھەت سورىغۇچىنىڭ ئالاھىدە پسىخىك پاتولوگىيىسىگە ئاساسەن، پسىخكىلىق داۋالاشقا ئائىت نەزەرىيە ۋە تېخنىكىلارنى قوللىنىپ، ئۇزۇن مۇددەت ئۆز ئارا ماسلىشىش ئارقىلىق داۋالانغۇچىنىڭ پسىخىك توسالغۇلىرىنى تۈگىتىپ ياكى كونترول قىلىپ، ئۇنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي ساغلاملىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت.

### 2. پسىخكىلىق مەسلىھەت بىلەن پسىخكىلىق داۋالاشنىڭ ئورتاقلىقى ۋە پەرقى

پسىخكىلىق مەسلىھەتكە ئائىت ھەر قانداق بىر ئەسەردە، پسىخكىلىق مەسلىھەت بىلەن پسىخكىلىق داۋالاش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ زادى قانداقلىقى ئۈستىدە

جاۋاب ئىزدەيدۇ. بۇنىڭغا نىسبەتەن بېرىلگەن جاۋاب ئوخشاش ئەمەس. بەزىلەر ئىككىسىنىڭ مەنىسى ئوخشاش دېسە، بەزىلەر تامامەن ئىككى نەرسە دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر بۇ ئىككىسى ھەم پەرقلىق، ھەم بىر-بىرىگە باغلىنىشلىق دەپ ھېسابلايدۇ. يەنى مۇناسىۋەت جەھەتتىكى خاراكتېرى، ئۆزگىرىش ۋە ئۆگىنىش جەريانى، يېتەكچى نەزەرىيىسى جەھەتتە ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئەگەر پسىخىكىلىق مەسلىھەت بەرگۈچى ۋە پسىخىكىلىق داۋالىغۇچى ئىككى مۇتەخەسسىسكە ئۆزىنىڭ كەسپىي خىزمەتتە قوللانغان نەزەرىيە ئاساسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش تەلەپ قىلىنسا، شۇنىڭدىن ئايان بولىدۇكى، ھەر ئىككىلىسى ئوتتۇرىغا قويغان نىزاملار ئاساسەن ئوخشايدۇ. ئەگەر ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق بار دېيىلسە، پەقەتلا سۈنئىي پەرق، ھەرگىزمۇ ماھىيەت جەھەتتىكى پەرق ئەمەس. شۇڭا، پسىخىكىلىق مەسلىھەت بىلەن پسىخىكىلىق داۋالاشنى تامامەن ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ؛ پسىخىكىلىق مەسلىھەت بەرگۈچىنىڭ ئەمەلىيىتى پسىخىكىلىق داۋالىغۇچى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىر خىل داۋالاش ھېسابلىنىدۇ. پسىخىكىلىق داۋالىغۇچىنىڭ ئەمەلىيىتى پسىخىكىلىق مەسلىھەت بەرگۈچى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىر خىل مەسلىھەت بېرىش ھېسابلىنىدۇ. مەيلى قانداق بولسۇن، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەزى پەرقلەر مەۋجۇت. ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، پسىخىكىلىق مەسلىھەتتە قارىتىلىدىغىنى بىر قەدەر يېنىك تىپتىكى مەسلىھەت سورىغۇچى، بىر تەرەپ قىلىدىغىنى ئايرىم، گەۋدىلىك مەسىلە. پسىخىكىلىق داۋالاشنىڭ ئوبيېكتى بىر قەدەر ئېغىر بولغان كېسەللىك بولۇپ، كىشىلىك ۋە پسىخىك توسالغۇلار بىلەن چېتىلىدۇ. داۋالاش سورۇنلىرىدىلا ئېلىپ بېرىلىدۇ. يۇقىرىقىلارنى يىغىنچاقلىغاندا، پسىخىكىلىق مەسلىھەتچى ياكى پسىخىكىلىق داۋالىغۇچىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى، خىزمەت ئۇسۇلى ۋە ۋەزىپىسىدە ئاز-تولا پەرقلەر مەۋجۇت، شۇڭلاشقا بىز بۇلارنىڭ ئورتاقلىقى ۋە پەرقلىرىنى توغرا چۈشىنىشىمىز كېرەك.

(1) مۇناسىۋەت خاراكتېرى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ھەر ئىككىلىسى مەسلىھەت سورىغۇچى بىلەن مەسلىھەت بەرگۈچى ئوتتۇرىسىدا ئېناق كىشىلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ ھەمدە بۇ مەسلىھەت ۋە داۋالاشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. بۇنى مەسلىھەت سورىغۇچىدا ئۆزگىرىش بولۇشى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى زۆرۈر شەرت ھېسابلايدۇ.

(2) مەقسەت جەھەتتە، ھەر ئىككىلىسى مەسلىھەتچى بىلەن مەسلىھەت سورىغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىشىش ئارقىلىق، مەسلىھەت سورىغۇچىدا ئۆزگىرىش ۋە ئىلگىرىلەش بولۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

(3) ئوبيېكتى جەھەتتە، ھەر ئىككىسىنىڭ خىزمەت ئوبيېكتى دائىم دېگۈدەك ئوخشىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، پسىخىكىلىق مەسلىھەت بىلەن پسىخىكىلىق داۋالىغۇچى كۈتكەن ئوبيېكتىپ، بەلكىم كىشىلىك مۇناسىۋەت مەسىلىسىگە يولۇققان، كەيپىياتتا توسالغۇغا ئۇچرىغان مەسلىھەت سورىغۇچى بولۇشى مۇمكىن.

(4) يېتەكچى نەزەرىيە ۋە تېخنىكىلىق ئۇسۇل جەھەتتە، ھەر ئىككىلىسى ئەمەل قىلىدىغان يېتەكچى نەزەرىيە، قوللانغان ئۇسۇل ۋە تېخنىكا ئاساسەن بىردەك بولىدۇ.

(5) پسىخىكىلىق مەسلىھەتنىڭ ئوبيېكتى ئاساسەن نورمال كىشىلەر بولۇپ، ئەسلىگە كېلىشكە باشلىغان ياكى ئەسلىگە كېلىپ بولغان كىشىلەردۇر. ئەمما پسىخىكىلىق داۋالاش ئاساسلىقى پسىخىكا جەھەتتە توسالغۇغا ئۇچرىغان كىشىلەرگە قارىتىلغان بولىدۇ.

(7) پسىخىكىلىق مەسلىھەت نۇقتىلىق بىر تەرەپ قىلىدىغىنى نورمال كىشىلەر يولۇققان ھەر خىل مەسىلىلەر بولۇپ، ئاساسلىقى كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى كىشىلىك مۇناسىۋەت، كەسپ تاللاش، تەلىم-تەربىيە، مۇھەببەت ۋە نىكاھ، پەرزەنت تەربىيىسى قاتارلىقلار. پسىخىكىلىق داۋالاشنىڭ دائىرىسى بولسا، بەزى روھىي كېسەللەر، جىنسىي غەيرىي نورماللىق، ھەرىكەت توسالغۇسى، پسىخىك فىزىئولوگىيىلىك توسالغۇ، روھىي ۋە جىسمانىي كېسەللىك، شۇنداقلا ئەسلىگە كېلىش باسقۇچىدىكى روھىي كېسەل قاتارلىقلار.

(8) ۋاقىت جەھەتتە ئوخشاش ئەمەس. پسىخىكىلىق مەسلىھەتنىڭ ۋاقتى بىر قەدەر قىسقا بولىدۇ. ئۇ ئاساسەن بىر قېتىم، بىر نەچچە قېتىم، ئاز ساندىكىسى ئون نەچچە قېتىم

www.uyghurkitap.com



ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەمما پسىخىكىلىق داۋالاشنىڭ ۋاقتى بىر ئاز ئۆزگىرىشچان بولىدۇ. ئادەتتە بىر نەچچە قېتىم، بىر نەچچە ئون قېتىم، ھەتتا بەزىلىرىگە بىر نەچچە يىلمۇ كېتىدۇ.

(9) ئاڭنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا چېتىلىش دەرىجىسى ئوخشاش ئەمەس. پسىخىكىلىق مەسىلىھەتتە ئاڭنىڭ قاتلىمى بىر قەدەر تېيىز، كۆپ ھاللاردا ئاڭنىڭ يۈزەكىي قاتلىمىدا ئېلىپ بېرىلىپ، تەربىيە بېرىش، قوللاش، يېتەكلەشكە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولسا، مەسلىھەت سورىغۇچىنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت بولغان ئىچكى ئامىلنى تېپىپ چىقىپ، ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ياكى بولمىسا، ھازىرقى ئەھۋالغا قارىتا ئانالىز ئېلىپ بېرىش ئاساسىدا، ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىبارەت. ئەمما بەزى پسىخىكىلىق داۋالاش ئېقىمىدىكىلەر ئاساسلىقى مەقسەتسىز ئاڭ قاتلىمى ئۈستىدە مەشغۇلات يۈرگۈزۈپ، مۇھىم نۇقتىنى مەسلىھەت سورىغۇچىنىڭ خاراكتېرىنى قايتا تۈزۈشقا قارىتىدۇ.

(10) مەقسەت جەھەتتە ئوخشاش ئەمەس. پسىخىكىلىق مەسلىھەتنىڭ مەقسىتى ئادەتتە بىر قەدەر بىۋاستە، كونكرېت، ئېنىق بولىدۇ. ئەمما پسىخىكىلىق داۋالاش بولسا، بىر قەدەر مۇجمەل، ھە دېسىلا كىشىلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ئالغا ئىلگىرىلىشىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

(11) مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش ئورنى ئوخشاش ئەمەس. پسىخىكىلىق مەسلىھەتنىڭ مەشغۇلات ئورنى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئۇنى دوختۇرخانا، ئامبۇلاتورىيە، مەكتەپ، مەھەللە، رايون، قانۇن تارماقلىرى، كەسپىي تەربىيىلەش ئورۇنلىرى قاتارلىق جايلاردا ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ. پسىخىكىلىق داۋالاشنى بولسا، ئاساسەن دوختۇرخانا مۇھىتى ياكى خۇسۇسىي ئامبۇلاتورىيىلەردىلا ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ.

(12) كېلىپ چىقىش مەنبەسى ئوخشاش ئەمەس، ئادەتتە پسىخىكىلىق مەسلىھەتنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى كەسىپكە يېتەكچىلىك قىلىش ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىسى، ئامېرىكىلىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بىرس① (C. W. Beers) قوزغىغان پسىخىك ساغلاملىق ھەرىكىتى؛ پسىخىكىلىق ئۆلچەش ۋە پسىخىك ئىندىۋىدۇئال پەرقى توغرىسىدا تەتقىقات؛ ك. روجېرس② (Rogers, Carl Ramson;1902～) ۋەكىللىكىدىكى غەيرىي مېدىتسىنا، غەيرىي پسىخىكا، غەيرىي يېتەكچىلىك خاراكتېرىدىكى مەسلىھەت ۋە داۋالاش قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما، پسىخىكىلىق داۋالاشنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا فرويت③ (Freud, Sigmund;1856～1939) كەشپ قىلغان پسىخىك ئانالىز ئارقىلىق داۋالاش ئۇسۇلى، ھەتتا 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەۋج ئالغان گىپنوزلۇقتىن④ (hypnosis) باشلانغان دېيىشكە بولىدۇ.

### 3. پسىخىكىلىق مەسلىھەت ۋە پسىخىكىلىق داۋالاشنىڭ ئەھمىيىتى

پسىخىكىلىق مەسلىھەت ۋە پسىخىكىلىق داۋالاشنىڭ مەنىسىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى، مەسلىھەت سورىغۇچىنى پسىخىكىلىق مەسىلە ۋە پسىخىكىلىق توسالغۇ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇنىڭ جىسمانىي ۋە پسىخىك ساغلاملىقىنى ئاسراپ، يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىندىۋىدۇئاللىقنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. بىراق ئۇلارنىڭ ئەھمىيىتى يۇقارقىلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. باشقا تەرەپلەردىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

(1) پسىخىكىلىق مەسلىھەت بىلەن پسىخىكىلىق داۋالاش بولسا، كىشىلەرنىڭ پسىخىكىسى ۋە ھەرىكىتىگە بولغان تەتقىقاتنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئېلىپ بېرىشقا ياردەمچى بولىدۇ.

پسىخىكىلىق مەسلىھەت ۋە پسىخىكىلىق داۋالاش جەريانىدا، مەسلىھەت بەرگۈچى مەسلىھەت سورىغۇچىنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى، پسىخىك پائالىيىتى، بولۇپمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق پسىخىك پائالىيىتىنىڭ مەزمۇنى، مەسىلىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى قاتارلىقلار ئارقىلىق، ئۇنى قانداق، قايسى ئۇسۇلدا ھەل قىلىش، شەخسنىڭ قايسى ئۇسۇلدا ماسلىشىدىغانلىقىنى ئىگىلەيدۇ. پسىخولوگىيىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن قارىغاندا، پسىخولوگىيىگە ئائىت نۇرغۇن بىلىملەر، مەسىلەن، خاراكتېر قۇرۇلمىسى، يوشۇرۇن

ئاڭنىڭ مەۋجۇتلىقى، پسىخكىلىق جەھەتتە ئالدىنى ئېلىش مېخانىزمى، شۇنداقلا ھەر خىل پسىخكىلىق كېسەللىكلەرنىڭ ھەممىسى پسىخكىلىق مەسلىھەت ۋە پسىخكىلىق داۋالاش جەريانىدا بايقالغان ھەمدە ئۇنىڭدىن تاللىۋېلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا، مەدەنىيەت ھالقىغان پسىخكىلىق مەسلىھەت ۋە پسىخكىلىق داۋالاش ئارقىلىق، جەمئىيەت، مەدەنىيەتنىڭ كىشىلەرنىڭ پسىخكىسى ۋە ھەرىكىتىگە بولغان تەسىرىنى تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ. شۇڭلاشقا، پسىخكىلىق مەسلىھەت بىلەن پسىخكىلىق داۋالاشنى قانات يايدۇرۇش، كىشىلەرنىڭ پسىخكىسى ۋە ھەرىكىتىگە بولغان تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ياردىمى بولۇپلا قالماي، ئىنسانلارنىڭ پسىخك پائالىيىتىنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى تېخىمۇ ئەتراپلىق، چوڭقۇر چۈشىنىشكە پايدىلىق.

(2) پسىخكا گىگىيىنىسى خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتا مۇھىم ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ.

پسىخكىلىق مەسلىھەت ۋە پسىخكىلىق داۋالاش ئارقىلىق ئېرىشكەن ماتېرىياللار، مەسىلەن، قانداق ئامىللار ئاسانلا پسىخك مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى، مەسلىھەت سورىغۇچىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش، مەسلىھەت سورىغۇچىغا قانداق ياردەم قىلغاندا، ئۇلاردىكى ماسلىشالماسلىق ياكى بەزى ئالامەتلىرىنى تۈگىتىشكە ياردەم بەرگىلى بولىدىغانلىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى پسىخك گىگىيىنىسى خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتىكى مۇھىم ئاساس قىلىشقا، شۇ ئارقىلىق پۈتكۈل جەمئىيەت، ھەتتا بارلىق ئىنسانلارنىڭ پسىخك ساغلاملىق سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تۆھپە قوشقىلى بولىدۇ.

ھەر قانداق بىر پسىخك مەسلىھەتچى ياكى داۋالىغۇچى ئۆزىنىڭ كەسپىي ھاياتىدا كونكرېت ياردەم بەرگەنلەرنىڭ سانى چەكلىك بولىدۇ. شۇڭلاشقا، چەكلىك بولغان يەككە مەسلىھەت ياكى داۋالاش ئارقىلىق ئېرىشكەن ماتېرىياللارنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدىكى پسىخك گىگىيىنىسى خىزمىتىگە مۇلازىمەت قىلدۇرغاندىلا، ئاندىن پسىخك مەسلىھەت ۋە داۋالاشنىڭ ئەڭ چوڭ قىممىتىنى ياراتقىلى بولىدۇ.

(3) پسىخكىلىق مەسلىھەتچى بىلەن پسىخكىلىق داۋالىغۇچىنىڭ ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىگە پايدىلىق.

پسىخكىلىق مەسلىھەت ۋە پسىخكىلىق داۋالاش خىزمىتى جاپالىق خىزمەت بولۇپ، دائىم دېگۈدەك مەسلىھەت سورىغۇچىنىڭ ناچار كەيپىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلار كۆپ باش قاتۇرۇپ، سەۋرچانلىق بىلەن بارلىق ئەقىل-پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە تىرىشىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بەدىلىگە نۇرغۇن خۇشاللىق ۋە ئۈنۈمگىمۇ ئېرىشىدۇ. ئەڭ مۇھىمى مەسلىھەت سورىغۇچىنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىدىن بەزى ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ئۆزىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى، ئائىلە تۇرمۇشى ۋە كەسپىي ئىقتىدارى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ پسىخك گىگىيىنىسى ئۈستىدە ئويلىنىپ، ئۆزىنىڭ خاراكتېرىنى ياخشىلاشقا تىرىشىپ، ھەر خىل پسىخك مەسىلىلەرگە تاقابىل تۇرۇش شەكلى، ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدىنىپ ۋە تاكتىكىسىنى ئۆستۈرۈپ، تېخىمۇ مۇكەممەللىشىشكە قاراپ يۈزلىنىدۇ. ناۋادا بۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرالىسا، چوقۇم مول ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

**ئىزاھلار:**

① بېرىس (C. W̃. Beers) : 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پسىخك ساغلاملىق ھەرىكىتىنى قوزغىغان ئامېرىكىلىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ؛

② ك. روجېست (1902~ Rogers, Carl Ramson) : ئامېرىكا پسىخلوگى،ھازىرقى زامان گۇمانىزم پسىخلوگىيەسىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى .

③ فرويىت (Freud, Sigmund 1856~1939) : چېخسلوۋاكىيىلىك روھىي كېسەل دوختۇرى، روھىي ئانالىزىم مەزھىپىنىڭ قۇرغۇچىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

④ گىپنوز (hypnosis) : بۇ سۆزنىڭ يىلتىزى گىرىكچە سۆزدىكى hypnos بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى " ئۇخلاش "تىن ئىبارەت،خەنزۇچىدىكى《催眠》 سۆزى بىلەن ئوخشاش. ئەمەلىيەتتە ئۇخلىتىش بىلەن ئۇخلاش بىر ئۇقۇم ئەمەس. بەلكى گىپنوز- دىققەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلىشىشىدۇر، ئۇ بىر خىل ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا كىرىشنى ، ئاڭنى تارايتىش ئارقىلىق ئىلىپ بېرىلىدىغان داۋالاش ئۇسۇلى.

## پايدىلانمىلار

[1] چيەن مىڭيى: «پسىخىكىلىق مەسلىھەت ۋە پسىخىكىلىق داۋالاش»[M]، بېيجىڭ: بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى.

[2] Gerald corey (ئامېرىكا) (شى لىن، چېڭ جۇنلىڭ تەرجىمىسى): «پسىخىكىلىق مەسلىھەت ۋە پسىخىكىلىق داۋالاش»[M]، جۇڭگو يېنىك سانائەت نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى.

[3] يۆ گوئەن: «مەسلىھەت پسىخولوگىيىسى»[M]، تيەنجىن: نەنكەي ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى نەشرى.

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل كىچىككىئاخۇن

ماقالە نومۇرى:06_125_03 (2009) 5878_1005

# چەتئەل تىلىنى ئۆگىنىشتە دەرسلىكنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا*

روشەن ئىمىن

(شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى چەتئەل تىلى ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى، 830054)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** دەرسلىك مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى داۋاملاشتۇرۇش، ئۇنىڭدا يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ھۆججەتلىك قوراللىمىسى، شۇنداقلا دەرسلىك ئالدىنقىلار ياراتقان مەدەنىيەت تارىخىنى كېيىنكىلەرگە ئۆز پېتى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئۆلۈك ۋاستە ئەمەس، بەلكى بۇ مەدەنىيەتنى قانداق ئىگىلەش، ئۇنى قانداق جانلاندۇرۇشنى كېيىنكىلەرگە ئۆگىتىدىغان قوللانما. بۈگۈنكى زامان مائارىپىدا ھەرقانداق ئوقۇتۇش ئورۇنلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلار دەرسلىكتىن ئايرىلالمايدۇ. ھالبۇكى، مەيلى ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى ياكى بىرەر مىللەتنىڭ تىلىنى ۋە ياكى چەتئەل تىلىنى ئۆگىنىشتە دەرسلىك تېخىمۇ مۇھىم. تىلنى ئائىلىۋى تۇرمۇش ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئالاقە ئارقىلىق ئۆزى شۇغۇللانماقچى بولغان كەسپىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە ئۆگەنگىلى بولىدۇ. لېكىن دەرسلىك ئارقىلىق ئۇنى تېخىمۇ مۇكەممەل، سىستېمىلىق، قانۇنىيەتلىك ھالدا ئىگىلىگىلى بولىدۇ. مەزكۇر ماقالىدە، ئانا تىلدىن باشقا تىل ئۆگىنىشتە دەرسلىكنىڭ مۇھىملىقى ۋە شۇ دەرسلىكتە بولۇشقا تېگىشلىك ئالاھىدىلىك مۇلاھىزە قىلىنىدۇ.

**摘要:** 语言是文化的载体和外车形式，而教材则传承和创造的文明的文体载体。教材不是把前人创造的文明史原原本本地传达给后人的死扳手段，而是教后人如何掌握和发扬 这一文明的必读手册。当代教育中的任何教学单位都离不开教材。无论是学母语或学一门外语，教材是非常重要的。当然，学一门外语，通过家庭或通过找会实线也可以学。但有了教材才能够学得更为系统，更加完整，更有规律。本文强调除母语外学外语时教材的重要性。并对编写外语教材时注意的有关门题提出意见。

**Abstract:** Language is a carrier and external form of culture while teaching material is a carrier of inheriting and creating civilization. Teaching material is not a rigid means of conveying the civilization history created by previous generationsto later generations word for word but a isdispensable manual of teaching later generations how to master and develop this civilization. Any teaching organization under contemporary education cannot leave without teaching materials, which are very important for teaching either a mother language or a foreign language through family or society. However a more systematic, integral and regular study can only be accomplished with teaching materials during studying foreign languages and gives suggestions on the relevant problems need attention during compiling foreign language teaching materials.

كىتابلارنى جۈڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G40    ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 30 يىل مابەينىدە، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشى ۋە چەتئەللەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئالاقىسىنىڭ جانلىنىشى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ كۈنسايىن كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەت كىشىلىرىدە، جۈملىدىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىمۇ خەنزۇ تىلىنى

* بۇ ماقالە 2008 - يىلى 20 - ئاۋغۇست تاپشۇرۇپ ئېلىندى.
ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى: روشەن ئىمىن(1978 - يىلى 10 - ئايدا تۇغۇلغان)، لېكتور، ياپون تىلى ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



پېششىق ئىگىلەشنى ئاساس قىلغان ھالدا چەتئەل تىلىنى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ئەۋجىگە چىقتى. ئېلىمىز WTO غا كىرگەندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن دۇنيا سودا ئالاقىسى، چېگرا ئېغىزلىرىدىكى كۆندىلىك سودا، ئىقتىسادنىڭ يەرشارىلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىشى، ئۇچۇرنىڭ خەلقئارالىشىشى، ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىلىم ـ پەندىكى تەتقىقاتنىڭ دۆلەتلەر ئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇشقا، ئۆز ـ ئارا ئۆگىنىشكە موھتاج بولۇشى قاتارلىقلار ھەر ساھەدىكى مەلۇم بىر كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارغا، ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرگە، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا، ساياھەت نۇقتىلىرى دائىرىسىدە ئولتۇرۇشلۇق دېھقانلارغا ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى پىششىق بىلگەندىن باشقا خەنزۇ تىلىنى، شۇنداقلا مۇناسىۋەتلىك چەتئەل تىلىنى ئىگىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇتتى. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، چەتئەل تىلى ئالايلۇق ئىنگلىز تىلى، ياپون تىلى، رۇس تىلى، فرانسۇز تىلى مۇنداقچە ئېيتقاندا پەن ـ تېخنىكىدا ۋە ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتىدا ئىلغار دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى ئۆز دۆلىتىنىڭ ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش شۇ دۆلەت ۋە شۇ مىللەتنىڭ كۈچ قۇدرىتىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. شەخس ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، بىرەر چەتئەل تىلىنى ياخشى ئۆگىنىش ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە تەتقىقات خادىملىرى ئۈچۈن ئۆزىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ كۈن تەرتىپىگە قويۇلدى. ئەمەلىيەتتىمۇ، يېقىنقى بىر ئەسىردىن بۇيان، بولۇپمۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئۇيغۇرلاردىكى ھەر ساھە كىشىلىرى ئىچىدە خەنزۇ تىلى ۋە چەتئەل تىلىنى ئۆگىنىشتە قىبتىرقىنىپ ئىزدىنىپ، قان ـ تەر سىرىپ قىلىپ، جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ، ئىلىم ـ پەننىڭ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ، مائارىپنىڭ، مەدەنىيەتنىڭ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ھەر قايسى كەسىپ تۈرلىرى بويىچە زور نەتىجىنى قولغا كەلتۈرگەنلەر ئاز بولمىدى. 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن بىرى، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش، ياكى مەخسۇس بىلىم يۇرتلىرىدا تەربىيىلىنىش ئارقىلىق خەنزۇ تىلى ۋە چەتئەل تىلىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن ئۆز خىزمىتىدە نەتىجە ياراتقان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشقان. شۇنداقلا ھېلىمۇ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەردە ياكى چەتئەللەردە تىل ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ بىلىم ئىگىلەپ، ئېلىمىزنىڭ شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا تەييارلىنىۋاتقانلار خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

شۇنداقتىمۇ، بىز ھەرقايسى ساھە، ھەر قايسى كەسىپلەر بويىچە چەتئەل تىلىنى ئىگىلىگەنلەرنىڭ يەنىلا ئاز ئىكەنلىكىنى چەتئەل تىلىنى بىۋاسىتە ئاڭلاش، بىۋاسىتە سۆزلەش، يېزىشنىڭ ئادەتتىكى كۈندىلىك تۇرمۇش ئالاقىلىرى ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى، بۇ دەرىجىگە يېتىشتىكى قىيىنچىلىقنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. دەرۋەقە، نۆۋەتتە مەسىلىنى دەل ھەل قىلىشتا قولايلىق بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەر قايسى نەشرىياتلاردىن دائىملىق ئىشلىنىدىغان سۆزلەر، كۈندىلىك ئالاقىدە ئىشلىتىدىغان سۆزلەر، ساياھەت ياكى سودا ئىشلىرىدا كۆپرەك ئۇچرايدىغان سۆزلەر توغرىسىدا نەشر قىلىنغان پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى خېلى بار بولدى. ئۇيغۇر تىلى بىلەن چەتئەل تىللىرى بىرلىكتە چۈشەندۈرۈلگەن لۇغەتلەرمۇ ئاز ئەمەس. لېكىن، ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، خەنزۇچە ئوقۇغان ياكى خەنزۇ تىلى بىلەن ئوقۇۋاتقان قوش تىللىق ئوقۇغۇچىلار چەتئەل تىلىنى ئۆگىنىش بويىچە تۈزۈپ، نەشر قىلىنغان رەسمىي دەرسلىك ئارقىلىق چەتئەل تىلىنى ئۆگەنگەندىن باشقا تېخى خەنزۇ تىلىنى ئىگىلىمىگەن ياكى پىششىق ئىگىلىمىگەنلەر ئۈچۈن، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كېتىپ ھەر قايسى ساھەلەردە چەتئەل كىشىلىرى بىلەن ياكى چەتئەل بىلەن ئالاقە قىلىۋاتقانلار ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلى بىلەن چەتئەل تىلى

بىرلىكتە ئىپادىلىنىدىغان رەسمىي دەرسلىكلەر تۈزۈلمىدى.

تىل مەدەنىيەتنى ئىپادىلەشنىڭ ۋاستىسى، شۇنداقلا ماددىي مەدەنىيەت ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەتنىڭ ھەممە ئاغزاكىي مەدەنىيەتنىڭ تاشقى شەكلى. دەرسلىك شۇ مەدەنىيەتكە ئىلمىي يوسۇندا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى داۋاملاشتۇرۇش، ئۇنىڭدا يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ھۆججەتلىك قورۇلمىسى. دەرسلىكنىڭ بىرەر تىلنى جۇملىدىن ئوقۇغۇچىنىڭ ئانا تىلىنى ياكى بولمىسا ئۇ ئۆگەنمەكچى بولغان بىرەر چەتئەل تىلىنى ئۆگىنىشتىكى مۇھىملىقى شۇ يەردىكى، دەرسلىكتە يالغۇز ئانا تىل ياكى چەتئەل تىلى توغرىسىدىكى فونېتىكا، گراماتىكا، ئىستىلىستىكا بىلىملىرىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭدا شۇ تىل ئارقىلىق بىزگە يېتىپ كېلىۋاتقان ئۆز مىللىتىنىڭ ياكى باشقا مىللەتنىڭ ۋە ياكى چەتئەلنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، مەدەنىيەت تارىخى، ئىجتىمائىي-سىياسىي تارىخى، مەدەنىيەت تارىخى، پەن-تېخنىكا يېڭىلىقلىرى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ھەتتا جۇغراپىيىلىك كۆرىنىشى قاتارلىقلارمۇ بولىدۇ. چەتئەل تىلى ھەققىدىكى دەرسلىك بىزنى يېڭى بىر دۇنياغا باشلاپ كىرىدۇ. نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىدۇ. ئەلۋەتتە بىز چەتئەل تىلى ھەققىدىكى دەرسلىك ئارقىلىق ئالدى بىلەن ئۇنىڭ قانداق تىل ئىكەنلىكىدىن خەۋەردار بولىمىز. جۈملىلەرنى، تېكىستلەرنى ئىچىمىزدە ئوقۇش، يادلاش، ئاۋازلىق مەشىق قىلىش، ئاڭلاش، كۆرۈش، يېزىش ئارقىلىق بۇ تىلنىڭ قانۇنىيەتلىرى، جۈملە قۇرۇلمىلىرى، ئۇنىڭدىكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى ئۆگىنىمىز. تېخىمۇ مۇھىمى، بىز چەتئەل تىلى ھەققىدىكى دەرسلىك ئارقىلىق تىل ئۆگىنىش بىلەن بىرلا ۋاقىتتا، شۇ تىلنى قوللىنىۋاتقان مىللەت ياكى دۆلەتنىڭ مەدەنىيىتى ھەققىدە مۇئەييەن بىلىمگە ئىگە بولىمىز. ئەقەللىسى، شۇ مىللەت ياكى شۇ دۆلەتنىڭ ئورتاق مەدەنىيىتى، پسىخىكىسى، روھىي ھالىتى، تۇرمۇش ئادىتى، پىكىر قىلىش ئۇسۇلى، ئىپادىلەش ماھارىتى قاتارلىقلار بىلەن ئۇچرىشىمىز. ئۇلارنىڭ تارىخى، ئەدەبىياتى، سەنئىتى، ئۆرپ-ئادىتى بىلەن تونۇشىمىز. شۇ چاغدىلا بىز چەتئەل تىلىنى مۇكەممەل ئىگىلەشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى ئۇتۇملۇق باسقان بولىمىز.

چەتئەل تىلىنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە مۇنداق بىر مىسالنى تىلغا ئېلىشنى لايىق تاپتىم. 2005-يىلى 25-نويابىردا، «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى» ب د ت نىڭ مائارىپ، پەن مەدەنىيەت تەشكىلاتى تەرىپىدىن «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى» دەپ ئېلان قىلىندى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن، «6-نۆۋەتلىك خەلقئارا مۇقام تەتقىقات يىغىنى» 2006-يىلى 25-سېنتەبىردىن 29-سېنتەبىرگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىنغا گېرمانىيە، فرانسىيە، ئامېرىكا، ئىتالىيە، تۇنىس، ئەزەربەيجان، ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەت، دۆلىتىمىزدىن بېيجىڭ، شاڭخەي، خەينەن، جېجياڭ، خۇبېي، خېنەن، تەيۋەن، شىنجاڭ قاتارلىق ئۆلكە، شەھەر، رايون، ئاپتونوم رايونلاردىن مۇقامنى تەتقىقات نىشانى قىلغان 75 نەپەر ئالىم قاتناشتى، ئاپتونوم رايونىمىزدىن يىغىنغا قاتناشقان ئۇيغۇر ئالىملار، تەتقىقاتچىلار ئېلىمىزدىكى ئالىملارنىڭ يىغىندا خەنزۇ تىلىدا ئوقۇغان ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تولۇق چۈشەنگەندىن باشقا، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن ئالىملارنىڭ ئۆز تىلىدا ياكى ئىنگلىز تىلىدا ئوقۇپ ئۆتكەن ئىلمىي ماقالىلىرىنى بىۋاستە ئاڭلىيالمىغاچقا، بەكمۇ ئەپسۇسلاندى. تېخىمۇ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى، ئەزەربەيجان، ئۆزبېكىستان، قازاقىستاندىن كەلگەن ئالىملار ئۆز ماقالىسىنى رۇسچە ياكى ئىنگلىزچە ئوقۇغان ئەھۋال ئۇيغۇر ئالىملىرىنى تېخىمۇ ئويلاندۇرۇپ قويدى. شۇ قېتىمقى يىغىن مۇقام تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئالىم-مۇتەخەسسىسلەرگە چەتئەل تىلىنى بىۋاستە ئاڭلاشنىڭ، مۇمكىن بولسا بىۋاستە

سۆزلەش ۋە شۇ تىلدا يېزىلغان ئەسەرلەرنى بىۋاسىتە كۆرۈشنىڭ نەقەدەر تەخىرسىزلىكىنى تولۇق ھېس قىلدۇردى.

مەن ياپون تىلى ئوقۇتۇشى بويىچە تۈزۈلگەن دەرسلىكلەر ۋە بۇ دەرسلىكلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە ئازراق توختىلىمەن:

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا جىلىن مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «يېڭىدىن تۈزۈلگەن ياپون تىلى دەرسلىكى» توكيو چەتئەل تىلى ئۇنىۋېرستېتىنىڭ ياپون تىلى شۆبە مەكتىپى تۈزگەن «ياپون تىلى» دەرسلىكىنىڭ 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ قىسمىدىن پايدىلىنىپ تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ۋە تەكىتلىگەن تەرەپلەرنىڭ ھەممىسى ئەكس ئېتىدۇ. تىپىك مىساللار ئىنتايىن كۆپ. بۇ دەرسلىك ئەلۋەتتە ياپون تىلىنى ئۆگىنىدىغان خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن تۈزۈلگەن بولۇپ، شۇ چاغدىكى شارائىتتا ئارقا ـ ئارقىدىن 53 مىڭ تىراژ بېسىپ تارقىتىلدى. خەلق مائارىپ نەشرىياتىمۇ جۇڭگو ـ ياپونىيە ئىككى دۆلەت مۇتەخەسسىسلىرى بىرلىكتە تۈزگەن «ئۆلچەملىك ياپون تىلى» ناملىق دەرسلىكنى نەشر قىلدى. بۇ دەرسلىك ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 6 قېتىم بېسىلدى. ياپون تىلىدا سۆزلىشىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان قوشۇمچە ماتېرىياللار ئۆزىدىكى پەۋقۇلئاددە خاسلىقى ئاساسەن، ياپون تىلى ئۆگەنمەكچى بولغان خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا ناھايىتى ياخشى ماتېرىيال بولۇپ قالدى. يولداش جاۋ پىڭ بىلەن لى لىڭ تۈزگەن «ئاغزاكى ياپون تىلى» ناملىق دەرسلىك ئۆزىنىڭ ئىلمىيلىكى، سىستېمىلىقلىقى، ئىلمىي مەزمۇن ۋە مەدەنىيەت ـ تارىخ بىلىملىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ياپون تىلىنى ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

يۇقىرىدىكى «ئاغزاكى ياپون تىلى» ناملىق دەرسلىكتە تۆۋەندىكىچە ئالاھىدىلىك بار.

بىرىنچى، دەرسلىكتە ياپونىيە كىنو فىلىملىرى خام ماتېرىيال قىلىنىپ، دەرسلىك تۈزۈشتىكى پەۋقۇلئاددە ئالاھىدىلىك نامايان قىلىنغان. دىئالوگ بىلەن مونولوگ تىلى ئىنتايىن جانلىق، رەڭدار ئىپادىلەنگەن. تۇرمۇش پۇرىقى قويۇق، مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى روشەن بولغاندىن سىرت، دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن دىئالوگ بىلەن مونولوگ دەرسخانىدىكى ئوقۇتۇش جەريانىدا ئەمەلىي ئېكران ئارقىلىق كۆرسىتىلىدىغان بولغاچقا، بۇ ئەھۋال ياپون تىلى ئۆگەنگۈچىلەرنى بىۋاسىتە تىل مۇھىتى بىلەن ئۇچراشتۇرغان. ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىلىنى راۋان، توغرا، دەل ئىگىلىشىگە قولايلىق شارائىت يارىتىپ بەرگەن.

ئىككىنچى، دەرسلىككە تاللاپ كىرگۈزۈلگەن خام ماتېرىياللار ياپونىيە كىنو فىلىملىرىدىن باشقا، ئامېرىكا ۋە جۇڭگو كىنو فىلىملىرىدىنمۇ ئېلىنغان بولغاچقا، تېما دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ۋە دىئالوگ ـ مونولوگلارنىڭ مەزمۇن قۇرۇلمىسى جەھەتتە ئاغزاكى ياپون تىلىنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكىنى تولۇق ئىپادىلەپ بەرگەن. دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن دىئالوگ بىلەن مونولوگ ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان چۈشەندۈرۈش تىپىك تىل ھادىسىسى بىلەن گراماتىكا ۋە جۈملە تۈزۈش قاتارلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرگەندىن باشقا، تىل ئىلمىي، ئەدەبىيات ۋە سىېلىشتۇرما ئەدەبىيات جەھەتتە ھەرخىل تىل ھادىسىلىرىنى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق تەھلىل قىلغان. نەتىجىدە ياپون تىلى ئۆگەنمەكچى بولغان ئوقۇغۇچىلارنى ياپون تىلىنى ئۆگەنگەندىن باشقا، ياپونىيىنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئەھۋالى بىلەن تەمىنلىگەن. ئۇلارغا ياپونىيىنىڭ تۇرمۇش رېئاللىقىنى تونۇشتۇرغان. بۇ ئەھۋال دەرسلىكنىڭ مەدەنىيەت سالمىقىنى ئاشۇرغان.

ئۈچىنچى، دەرسلىكنىڭ ئاخىرىغا بېرىلگەن ئۆز ئارا سۆزلىشىش بۆلىكى تېكىستنىڭ مەزمۇنى بىلەن گراماتىكىلىق قۇرۇلمىنى چۆرىدەپ قانات يايدۇرۇلغان بولغاچقا، دەرسلىككە نىسبەتەن كېڭەيتىش ۋە تولۇقلاش رولىنى ئوينىغان. ئېلىنغان مىساللار تۇرمۇشقا ۋە رېئاللىققا يېقىن بولغاچقا، بۇ ئەھۋال ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېكىستكە بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرغان. ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىل ئىشلىتىش ئىقتىدارىنى

ئۆستۈرگەن. تېكىستلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئىلمىي، قۇرۇلمىسى زىچ، رەت تەرتىپى بويىچە داۋاملاشقان بولغاچقا، قوبۇل قىلغۇچىلارنىڭ بىلىش جەريانىغا ياخشى ماسلاشقان ۋە ياخشى ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

بۇ دەرسلىكنىڭ ئاخىرىغا تەرجىمە مىساللىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىككى تىلدىن قانداق پايدىلىنىش جەھەتتىكى قابىلىيىتىنى ۋە تەرجىمە ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشتە قوزغىتىش، يېتەكلەش رولىنى ئوينىغان. ھەممىمىزگە مەلۇم، مۇئەييەن بىر تىلنى ئۆگىنىپ، مەلۇم باسقۇچقا بارغاندا، بىزدىكى تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن تەپەككۇر شەكلىدىمۇ مەلۇم يېڭىلىق، مەلۇم ئۆزگىرىش، مەلۇم ئىلگىرلەش بارلىققا كېلىدۇ. مۇنداق ئەھۋالدا، چەتئەل تىلىنى ئۆگىنىۋاتقان ئادەم ئۇ تىلنى ئالدى بىلەن ئۆز مېڭىسىدە ئانا تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئارقىلىقلا ئەمەس، بەلكى بىۋاسىتە قوبۇل قىلىش، بىۋاسىتە چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ.

يۇقىرىدىكىلەرگە ئاساسەن بىز شۇنى ئېيتالايمىزكى، ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدىكى چەتئەل تىلىنى ئۆگەنمەكچى بولغان ئۇيغۇر ھەۋەسكارلار ۋە ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىپ چەتئەل تىلىنى ئۆگەنمەكچى بولغان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن، بولۇپمۇ خەنزۇ تىلىنى پىششىق ئىگىلەپ بولالمىغان ياكى خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىش ئىمكانىيىتى بولمىغان چوڭ ياشتىكى كىشىلەر ئۈچۈن رەسمىي دەرسلىك تۈزۈش توغرا كەلگەندە، گەرچە بۇ دەرسلىككە ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىش ياساۋاتقان بارلىق تىل ھادىسىلىرىنى كىرگۈزۈش مۇمكىنچىلىكى بولمىسىمۇ، لېكىن مۇنداق دەرسلىك ھېچبولمىغاندا تۆۋەندىكى ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى كېرەك.

1. چەتئەل تىلىنى ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن تۈزۈلىدىغان دەرسلىكتە يېتەكچى ئىدىيە ئېنىق بولۇشى لازىم. بىز نېمىشقا بۇ دەرسلىكنى تۈزىمىز، زادى قانداق دەرسلىك تۈزۈش كېرەك. بۇ بىر ياقتىن ئۆگەنگۈچىنىڭ شەخسىي ئىستىقبالى بىلەن، يەنە بىر ياقتىن جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. شۇنداقلا تۈزۈلمەكچى بولغان دەرسلىكنىڭ سۈپىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىش. مۇشۇنداق قىلغاندا بۇ دەرسلىك ھەم خېلى يىللارغىچە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ ۋە ئۆز قىممىتىنى يوقاتمايدۇ، ھەم ھەر يىلى دەرسلىك تۈزىدىغان ئىسراپچىلىقنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

2. ئاساسىي مۇددىئا ئېنىق بولۇشى كېرەك. مۇنداقچە ئېيتقاندا، مەلۇم بىر چەتئەل تىلىنى ئۆگىنىشنىڭ ئىلمىي نىشانى، شۇنداقلا بۇ تىلنى ئۆگىنىشنىڭ ئاخىرقى ۋەزىپىسى توغرا شەرھلەنگەن بولۇشى لازىم. قانداق دەرسلىك تۈزگەندە، ياكى دەرسلىكنى قانداق تۈزگەندە ئالدىن مۇشۇ تىلنىڭ ۋە ئۇ ئارقىلىق ئورۇندىماقچى بولغان ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولىدۇ، ئۆگەنگۈچىلەرنى ياراملىق، مۇكەممەل كىشىلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ دېگەنلەر ئۈستىدە ئالدىنئالا باش قاتۇرۇش كېرەك.

3. دەرسلىك تۈزگەندە بىر مەركىزىي دائىرە بولۇش تېخىمۇ مۇھىم. بولۇپمۇ چەتئەل تىلى دەرسلىكىنى تۈزگەندە، بۇ نۇقتىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ جەھەتتە، دەرسلىك ئادەم بىلەن (ئۆگەنگۈچى بىلەن) ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىتنى، ئادەم بىلەن ئۇ كىرمەكچى ۋە بىلمەكچى بولغان يېڭى دۇنيانى، ئۆگەنگۈچىنىڭ ئۆگىنىش ۋە تونۇش نۇقتىسىنى دەرسلىك تۈزۈش ئەمەلىيىتى بىلەن ئۆگەنگۈچىنىڭ ئۆگىنىش ئەمەلىيىتى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى نەزەرگە ئېلىش ۋە ئۇنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش لازىم. خۇددى ۋاڭ مېڭ ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىش جەريانىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك،بىر تىل بىر دۇنيا، يېڭى بىر روجەك، بىر تىلنى ئۆگەنگەندە،ئۆگەنگۈچىنىڭ ئالدىدا بىر دۇنيا كۆپەيگەن بولىدۇ. مۇشۇ ئەھۋالدىلا ئۆگەنگۈچى ئۆزى ئۆگەنمەكچى بولغان چەتئەل تىلىنىڭ ماھىيىتىنى، بۇ مىللەتنىڭ ياكى دۆلەتنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىق بىلگەن، ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش نىشانىنى توغرا بىلگەن بولىدۇ. دەرسلىك مۇشۇلاردىن خالىي ھالدا پەقەت تىلنىڭ

www.uyghurkitap.com



ئۆزىنىلا تەكىتلەيدىغان ماتېرىيال دۆۋىسى بولۇپ قالسا، ئۆگەنگۈچىنىڭ قىزغىنلىقى سۇسلاپ، كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلمەيدۇ.

4. چەتئەل تىلى دەرسلىكىدە مۇكەممەل مەنتىقە سىستېمىسى بولغان بولۇشى كېرەك. يەنى دەرسلىك قوبۇل قىلغۇچىنىڭ يەنى ئۆگەنگۈچىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشى لازىم. بۇ ئۆگەنگۈچىنىڭ يېشى، تۇرمۇش بىلىمى، ئائىلە مۇھىتى، جەمئىيەتكە ۋە ئەتراپىتىكى كىشىلەرگە، شۇنداقلا ئۆزىگە تۇتىدىغان پوزىتسىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم تەرەپ. شۇڭا، ئۇلارغا دەرسلىكنىڭ مەزمۇنىنى ئىلمىي يوسۇندا رەت تەرتىپى بويىچە ئېرىنمەي ئىزاھلاپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

5. دەرسلىكتە چوقۇم ئۆگەنمەكچى بولغان تىلنى راۋان، توغرا، دەل ئىپادىلەشكە، بايان قىلىشقا پايدىلىق شەكىل، ئۇسۇل ۋە ئىمكانىيەت ھازىرلىنىشى كېرەك. يەنى دەرسلىك تىل ئۆگىتىشنى ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسخانىسىدا ئۆگەتكىنىدىنمۇ باشقا ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ، تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ ئەمەلىي ھالدا يولغا قويالايدىغان مۇھىتنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقى، ئۆگەنگۈچىلەرنى جەمئىيەت ۋە تەبىئەت بىلەن، زاۋۇت، كان، كارخانا، مەكتەپلەر بىلەن ئۇچرىشالايدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلغان بولۇشى لازىم.

6. چەتئەل تىلى دەرسلىكىنىڭ خېلى بىر مەزگىل داۋاملىق ئىشلەتكىلى بولىدىغان مۇقىملىقىغا دىققەت قىلىنىشى، مۇقىملىق بىلەن ئىلىم - پەننىڭ يېڭى ئۇچۇرلىرىنى بىرلەشتۈرۈشكە دىققەت قىلىنىشى، يېڭىلىق يارىتىشنى، ئىجادىيلىقنى دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشكە ماسلاشتۇرالايدىغان بولۇشى، دەرسلىكنىڭ نوپۇزى بىلەن ئەمەلىي ئىشلىتىلىشى زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە مەدەنىيەتتىكى گۈللىنىشى خەنزۇ تىلىنى شۇنداقلا چەتئەل تىلىنى ياخشى ئۆگەنگەن، نىشانى ئېنىق، ئىجادىي روھقا باي زور بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق خادىملارغا ئېھتىياجلىق. ھالبۇكى، خەنزۇ تىلىنى ياكى چەتئەل تىلىنى ئۆگىنىشتە ئائىلە تۇرمۇشى ياكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئىچىدىلا ئۆگىنىش بىلەن بولدى قىلغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدا مۇكەممەل، سىستېمىلىق دەرسلىكنىڭ بولۇشى ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكى، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۈچۈن ئوخشاشلا ئىنتايىن مۇھىم. بىز ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ مۇشۇ ئېھتىياجنى كۆزدە تۇتۇپ، مۇناسىۋەتلىك چەتئەل تىللىرىنى ئۆگىنىشتە دەرسلىك تۈزۈپ چىقىشقا ئەھمىيەت بېرىلىشى لازىم دەپ قارايمىز.

## پايدىلانمىلار


[1] 冯景朝.大学の初级日本语の教育に合う教授法の研究[A]. 日本学论文集Ⅶ[C]. 北京:外语教学与研究出版社,1995年9月, 227~236

[2] 卢植.介绍《认知与第二语言教学》[J]. 外语教学与研究, 2004,36(6): 474~476.

[3] 王立非,立秋芳. 母语水平对二语写作的迁移: 跨语言的理解与路径[J]. 外语教学与研究,2004,36(3):205~212

[4] 马箭飞. 汉语教学的模式化研究初论[J]. 语言教学与研究, 2004年第1期, 17~22.


جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

30 ـ يىللىق 3 ـ سان　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　第 30 卷第 3 期
2009 ـ يىلى سېنتەبىر　新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)　2009 年 9 月

ماقالە نومۇرى: 06 ـ 131 ـ 03 (2009) 5878 ـ 1005

# ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىدىكى كاتالوگ تۈزگۈچى خادىملارنىڭ كەسىپتىن زېرىكىش ئامىللىرى توغرىسىدا*

سالامەت سەمەت

(خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى كۇتۇپخانىسى، خوتەن، 848000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ئۇزاق يىللىق كاتالوگ خىزمىتىنى ئىشلەش جەريانىدىكى تەجرىبە ساۋاقلارغا بىرلەشتۈرۈپ، ئوبيېكتىپ ھالدا كۇتۇپخانا خادىملىرىنىڭ كەسىپتىن زېرىكىش ئامىللىرى ئاساسى مەزمۇن قىلىنىپ، بۇندىن كېيىنكى ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

**摘要：**本文结合多年图书馆编目二作过程中积累的经验教训，客观地分析了高校图书馆编目人员职业厌倦的因素，提出了今后预防的措施。

**Abstract:** This article collects the lessons learned in long years of experience working with library catalogs, objectively considers the boredom many library employees working with catalogues feel toward their profession, and offers some measures for preventing this problem in the future.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G25　ماتېرىيال بەلگىسى: A

كاتالوگ تۈزگۈچى خادىملار ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىنىڭ تايانچ كۈچلىرى بولۇپ، كۇتۇپخانىدا ئوينايدىغان رولى ئىنتايىن مۇھىم، كۇتۇپخانىنىڭ رەقەملىشىشكە ئەگىشىپ، ئەنئەنىۋى كاتالوگ تۈزۈش شەكلىمۇ ھازىرقى زامان زامانىۋى كاتالوگ تۈزۈش شەكلىگە ئۆزگەردى، تورلاشقان بىرلەشمە كاتالوگ سىستېمىسىنىڭ ئومۇملىشىشى بىلەن مۇكەممەللىشىشى كۇتۇپخانىنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىيات يۆرىلىشىگە ئىگە قىلىپ، كاتالوگ تۈزۈشنى ھۆددىگە بېرىش ئۇسۇلى ئومۇملاشتى.

يۇقىرىقىدەك تېز سۈرئەتتە زامانىۋىلىشىش كاتالوگ تۈزگۈچى خادىملارنىڭ رولى ۋە ئىدىيىسىگە مۇئەييەن دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ، شۇڭلاشقا نۇرغۇنلىغان كاتالوگ تۈزگۈچى خادىملاردا ئۆزىنىڭ خىزمەت ئىقتىدارى، ئىستىقبالى، ئۆز قىممىتى قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا ئەندىشە قىلىش، قايغۇرۇش، ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك، ھەتتا ئۈمىدسىزلىنىشتەك ئەھۋاللار كۆرۈلمەكتە، خىزمەت مىقدارى ۋە خىزمەت بېسىمىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، كەسىپتىن زېرىكىش ھادىسىلىرى بارغانسېرى گەۋدىلىك بولماقتا. شۇڭلاشقا، ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان يېڭى ئۇچۇر دەۋرىدىكى يېڭى خىزمەت مۇھىتىدا، كەسىپتىن زېرىكىشنىڭ ئالدىنى قانداق ئېلىش ۋە تۈزىتىش، كۇتۇپخانا خىزمەت ئۈنۈمىگە كەلتۈرگەن زىيىنىنىڭ، ئالدىنى قانداق ئېلىش ۋە تۈزىتىش، كۇتۇپخانا خادىملىرىنىڭ ئەستايىدىل ئويلىنىشىغا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالدى.

## 1. كۇتۇپخانىلاردىكى كاتالوگ تۈزگۈچى خادىملارنىڭ كەسىپتىن زېرىكىشنىڭ سەۋەبلىرى ۋە كەلتۈرگەن زىيىنى

(1) كەسىپتىن زېرىكىشنىڭ سەۋەبى

ئادەتتە كەسىپتىن زېرىكىش بىلەن خىزمەت بېسىمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىچ باغلىنىشلىق مۇناسىۋەت

---

* بۇ ماقالە 2009 ـ يىلى 11 ـ مارت تاپشۇرۇپ ئېلىندى.

ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى: سالامەت سەمەت (1971 ـ يىلى 5 ـ ئايدا خوتەندە تۇغۇلغان)، كىتاب باشقۇرغۇچى، كاتالوگ تۈزۈش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولۇپ، كەسىپتىن زېرىكىش خىزمەت بېسىمىنىڭ ئالاھىدە بىر خىل ئىپادىلىنىش شەكلى. باشقا مۇلازىمەت كەسىپلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانا خادىملىرى دۇچ كەلگەن بېسىم چوڭ، رىقابەت تېخىمۇ كۈچلۈك بولۇپ، كەسىپتىن زېرىكىش ھادىسىلىرى روشەن ئىپادىسىنى كۆرسىتىپ، رەقەملىك كۇتۇپخانا دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىنىڭ كاتالوگ خىزمىتىدە ماس ھالدا ئۆزگىرىش بولدى. بۇ ئۆزگىرىشلەر تەرەققىيات پۇرسىتى ئېلىپ كېلىش بىلەن بىرگە، ماس ھالدا رىقابەت ۋە قىيىنچىلىق ئېلىپ كەلدى.

(2) ئىجتىمائىي ئامىللار

كاتالوگ تۈزگۈچى خادىملار — كۇتۇپخانا قوشۇنىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە «كۇتۇپخانا خىزمىتى نىسبەتەن يەڭگىل، بوش ۋاقىت كۆپ، كۇتۇپخانا خادىملىرىنىڭ ۋەزىپىسى — كىتاب ئارىيەت بېرىش، قايتۇرۇۋېلىش ۋە ئوقۇرمەنلەرگە مۇلازىمەت قىلىش» دەپ قارايدۇ، نۇرغۇن كىشىلەر يۈزەكى ھالدا كۇتۇپخانا كىتابلارنى ساقلاپ، تامغا بېسىپ، نومۇر بېرىپ، كىتاب ماركىسى چاپلىسىلا بولىدۇ، ـ دەپ قاراپ، تۈپ ماھىيەتتىن كاتالوگ خىزمىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا سەل قارايدۇ. شۇڭلاشقا كاتالوگ تۈزگۈچى خادىملار، كىشىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىيالمايدۇ، بۇنىڭدىن كاتالوگ تۈزگۈچى خادىملارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە قىممىتىنىڭ تولۇق تونۇلمىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

كۇتۇپخانا — ئاخبارات ئۇچۇر ئورگىنى بولۇپ، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرى ۋە پەن ـ تېخنىكا تەتقىقاتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان، كىشىلەر ھازىرقى زامان كۇتۇپخانا خىزمىتىگە يەنىلا بۇرۇنقى كونا كۆز قارىشى بويىچە قاراپ، كۇتۇپخانا خىزمىتىنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش پەن تەتقىقات خىزمىتىدىكى رولى چوڭ ئەمەس، خادىملارنىڭ ساپاسى تۆۋەن، ـ دەپ قارايدۇ. كاتالوگ تۈزگۈچى خادىملار بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىۋاسىتە ئۇچرىشىش پۇرسىتى ناھايىتى ئاز بولغاچقا، كاتالوگ تۈزگۈچى خادىملارنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ۋە سىڭدۈرگەن ئەجرىگە سەل قارايدۇ، بۇنىڭ بىلەن كاتالوگ تۈزگۈچى خادىملارنىڭ ئىناۋىتى تۆۋەن بولۇش، جاپالىق ئەمگىكى لايىق باھاغا ئېرىشەلمەسلىكتەك ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇزۇن مۇددەت جاپالىق كاتالوگ تۈزۈش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان خادىملار، ئېتىراپ قىلىنىش ۋە ئادىل باھاغا ئېرىشەلمەي ئۆز خىزمىتىدىن ئىپتىخارلىنىش ھېسسىياتى تۆۋەنلەپ، كەيپىياتى تۇراقسىزلىشىپ، زېرىكىش، روھسىزلىق كەيپىياتى شەكىللىنىپ، تەدرىجىي ھالدا كاتالوگ كەسپىدىن زېرىكىشكە قاراپ يۈزلىنىدۇ.

(3) خىزمەت ئامىلى

كاتالوگ خىزمىتى — ئەقلىي ۋە جىسمانىي ئەمگەك بىرلەشتۈرۈلگەن تېخنىكىلىق خىزمەت بولۇپ، خىزمەت سىجىللىقى كۈچلۈك، ۋەزىپىسى ئېغىر بولغاچقا كاتالوگ تۈزگۈچى خادىملاردىن سەۋرچانلىق ۋە ئىنچىكىلىكنى تەلەپ قىلىپلا قالماي، يەنە تەن ساپاسى ياخشى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، كاتالوگ تۈزگۈچى خادىملار ئۆز خىزمەت ئورنىدا ئۇزۇن تۇنىسىز پۈتۈن دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، كومپيۇتېر ئالدىدا ئىزچىل ئولتۇرغاچقا، ھارغىنلىق يېتىپ، خىزمەتتە بوشىشىش، پاسسىپلىشىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ. كاتالوگ تۈزۈش خىزمىتىدىكى كىتابلارغا تامغا بېسىش، نومۇر چاپلاش، كىتاب ماركىسى چاپلاش قاتارلىق مەشغۇلاتلارنىڭ خىزمەت تەرتىپى ئېنىق، قېلىپلاشقان، ئۆزگىرىشى ئاز بولسىمۇ، ئەمما كىتابلار پىششىقلىنىپ، ئىشلىنىپ بولغاندىن كېيىنكى، كىتابلارغا تۈر نومۇرى ئىزدەپ تېپىش، نومۇر بېسىش ھەم كىتابلاردىكى بارلىق ئۇچۇرلارنى كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈش قاتارلىق مەشغۇلاتلار ناھايىتى ئىنچىكىلىكنى ۋە يۇقىرى ساپاغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىپلا قالماي، پۈتۈن دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىشلەش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كۇتۇپخانىنىڭ باشقا ئورۇنلىرىدىكى خادىملارغا قارىغاندا كاتالوگ تۈزگۈچى خادىملارنىڭ خىزمەت ۋاقتى

ناھايىتى زىچ، ۋەزىپە مىقدارى ئېغىر، ئۆگىنىش پۇرسىتى ئاز بولغاچقا، ئۇنۋانغا ئېرىشىش پۇرسىتى تۆۋەن بولىدۇ، يۇقىرىقى ئامىللار سەۋەبىدىن كاتالوگ تۈزگۈچى خادىملاردا جىسمانىي جەھەتتە ھارغىنلىق، پسىخىك جەھەتتە تۇراقسىزلىق كېلىپ چىقىپ، كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويىدۇ. ئۇزاق مۇددەت مۇشۇنداق داۋاملىشىۋەرسە كەسىپتىن زېرىكىش كەيپىياتى شەكىللىنىدۇ.

(4) شەخسى ئامىللار

شەخسى ئامىللار-پسىخىك ئامىللار بىلەن بىرگە ، ساپا ئامىلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، پسىخىك ئامىل ئاساسەن كاتالوگ تۈزگۈچى خادىملارنىڭ پسىخىك ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئەنئەنىۋى كۇتۇپخانا خىزمىتىدىن رەقەملەشكەن كۇتۇپخانا خىزمىتىگە ئۆتۈش جەريانىدا، كاتالوگ تۈزگۈچى خادىملارنىڭ كۇتۇپخانىدا كۆرسەتكەن تەسىرى ۋە ئوينايدىغان رولىدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولۇپ، بىر قىسىم خادىملار يېڭى، زامانىۋىلاشقان خىزمەت مۇھىتىغا ۋە يېڭى خىزمەت تەلىپىگە ماسلىشالمايدۇ. ھازىرقى زامان كاتالوگ تۈزگۈچى خادىملارنىڭ مەسئۇلىيىتى، ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىگە نىسبەتەن تونۇشى يېتەرلىك بولمىغاچقا، ئۆز رولىغا نىسبەتەن مۇجمەل ۋە غەم ئەندىشە قىلىش پسىخىكىسى گەۋدىلىك بولىدۇ. كاتالوگ تۈزگۈچى خادىملار ئىچىدە قىسمەن خادىملاردا جاپاغا چىداش، سەۋرچانلىق بىلەن خىزمەت قىلىش روھى كەمچىل بولغاچقا، ھەمىشە غايە بىلەن رېئاللىقنى بىرلەشتۇرەلمەي ئۇمىدسىزلىك كەيپىياتىدا بولۇپ، خىزمەتتىكى قىزغىنلىقى ۋە جۇشقۇن كەيپىياتىنى يوقىتىپ خىزمەت ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كېتىشتەك ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ.

پسىخىك ئامىل بىلەن بىرگە ساپا ئامىلىمۇ كىشىنىڭ ئىقتىدارى ۋە قابىلىيىتىنى سىنايدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. ئۇچۇر تېخنىكىسى مۇھىتىدا، كاتالوگ تۈزۈش خىزمىتى—كاتالوگ تۈزگۈچى خادىملارنىڭ مول كەسپى بىلىمىگە ئىگە بولۇشى بىلەن بىرگە ، بەلگىلىك چەتئەل تىلى سەۋىيىسىگە ئىگە بولۇشىنى، كومپيۇتېر مەشغۇلاتىغا پىششىق بولۇشىنى، يېڭى ئۇچۇرلارنى ۋاقتىدا كۆزىتىپ بىر تەرەپ قىلالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشىنى، ئۆزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىش، ئۆگىنىش روھىغا باي بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

كۇتۇپخانا ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كۇتۇپخانا كەسپى بىلىملىرى ئۆزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرۇۋاتقاچقا، خادىملارنىڭ ئەسلىدىكى بىلىم سەۋىيىسى ماسلىشالماي، خىزمەتتە بېسىم ھېس قىلىپ، ئۆزىنى بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغاندەك تۇيغۇدا بولۇپ، خىزمەتتە ئىزدەنمەسلىك، ئۆزىنى قاچۇرۇشتەك ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ.

### 2. كاتالوگ تۈزگۈچى خادىملارنىڭ كەسپتىن زېرىكىشى سەۋەبلىك كۇتۇپخانا خىزمىتىگە بولغان زىيىنى ۋە تەسىرى

كەسىپتىن زېرىكىش — كاتالوگ تۈزگۈچى خادىملارنىڭ خىزمەت قىزغىنلىقى ۋە جۇشقۇنلۇقىنى يوقىتىپ، خىزمەت ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ، كەيپىيات جەھەتتە كاتالوگ تۈزگۈچى خادىملار ھەمىشە پەرىشان، مەيۇس كۆرۈنۈپ، خىزمەت جەريانىدا دۇچ كەلگەن تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارنى يېڭىش ئىرادىسى ئاجىزلاپ، داۋاملىق جىددىيلىشىش، بېسىم ھېس قىلىش، مەيۇسلىنىش كەيپىياتىنىڭ تەسىرى بىلەن، پسىخىكىسىدا ئۆزگىرىش بولۇپ، روھى ھارغىنلىق، باش ئاغرىش، ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. ئۇزۇن مەزگىل كومپيۇتېر ئالدىدا پۈتۈن زېھنى بىلەن مەشغۇلات قىلىش داۋامىدا، ئۇزاق مۇددەت ئولتۇرۇۋېرىپ سۆڭەك ئۇسۇپ قېلىش، كۆز ئاجىزلىشىشتەك ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ، سالامەتلىككە تەسىر يېتىدۇ. خىزمەت جەھەتتە كەسىپتىن زېرىكىش سەۋەبىدىن، كاتالوگ تۈزۈش خىزمەت مىقدارى ۋە سۈپىتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ ھەم ئۆزىنىڭ كوندىلىك خىزمىتىنى ئالۋاڭ دەپ قاراپ بىر تەرەپ قىلغان سانلىق مەلۇماتلارنىڭ توغرا-خاتا

uyghurkitap.com



بولۇشىغا دىققەت قىلمايدۇ. كىتاب ئۆچۈرۈشنى كومپيۇتېردا بىر تەرەپ قىلىش داۋامىدا ئىنچىكە بولۇش، سەۋرچان بولۇش، تەكلىپ پىكىرلەرگە ئېتىبار بېرىش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلمايدۇ، خىزمەت جەريانىدا دىققەتنى چېچىلىپ، كەيپىياتى تۇراقسىز بولۇپ، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شۇ بۆلۈمنىڭ خىزمىتىگىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن كۈتۈپخانىنىڭ خىزمەت ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

### 3. كەسپىتىن زېرىكىش ئەھۋالىنى تۈگىتىش ۋە ئۆزگەرتىشنىڭ ئۇسۇل ـ چارىلىرى

(1) ئىدىيىۋى تونۇشنى ئۆستۈرۈش لازىم.

ئۇچۇر تېخنىكىسى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، كاتالوگ تۈزگۈچى خادىملارنىڭ ئەمگەك سىجىللىقى ۋە ئەمگەك قىيىنلىق دەرىجىسى ھەرگىزمۇ باشقا كەسىپلەردىكى پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنىڭ سىجىللىق دەرىجىسىدىن تۆۋەن ئەمەس، جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسىمۇ ئاز ئەمەس. شۇڭا بىز ئىدىيىۋى تونۇشنى ئۆستۈرۈشنى چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن كۈتۈپخانىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئوقۇرمەنلەرگە ئالىي مەكتەپ كۈتۈپخانىلىرىنىڭ رولى ۋە خىزمەت فۇنكسىيىسىنى تولۇق تونۇتۇپ، كۈتۈپخانىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئورنىنى ئۆستۈرۈشىمىز، ئوقۇرمەنلەرنى كاتالوگ تۈزۈش خىزمىتىنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتىنى چۈشىنىشكە يېتەكلىشىمىز، كاتالوگ تۈزگۈچى خادىملارنىڭ ئىززەت ئابرۇيىنى ئۆستۈرۈپ، كۈتۈپخانا خادىملىرى ۋە كاتالوگ تۈزگۈچى خادىملارغا قارىتا كىشىلەرنىڭ دىققىتى ۋە ھۆرمىتىنى قوزغىشىمىز لازىم، بۇ ئارقىلىق كاتالوگ تۈزگۈچى خادىملاردا تەبىئىي ھالدا ئۆز خىزمىتىدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈپ، خىزمەت قىزغىنلىقىنى ئۆستۈرۈشىمىز لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا كەسپىتىن زېرىكىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

ئۇندىن باشقا كاتالوگ تۈزگۈچى خادىملار ئۆزىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە دۇنيا قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، كۈچلۈك كەسىپچانلىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق ئىدىيىسى بىلەن ئۆز كەسپىنى قىزغىن سۆيۈشى، كەسىپتە ئۈزلۈكسىز تىرىشىپ ئىزدىنىشى يېڭى دەۋردىكى كاتالوگ تۈزۈش خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىشى لازىم.

بۇ خىزمەت گەرچە ئۈن ـ تىنسىز ئىشلەيدىغان خىزمەت بولسىمۇ، بىر كىشىلىك بەدەل تۆلىسىلا ئاددىي خىزمەت ئورنىدىمۇ، ئوخشاشلا نەتىجە ياراتقىلى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

(2) باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى مۇۋاپىق تەڭشەش كېرەك.

مەكتەپ كۈتۈپخانىنىڭ رولى ۋە ئىقتىدارىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشى، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشقىلا كۆڭۈل بۆلۈپ، كۈتۈپخانىغا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان ئەھۋاللارنى تۈگىتىشى، سىياسەت جەھەتتە قوللاپ، ھوقۇق دائىرىسىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە كېڭەيتىپ، كۈتۈپخانا خادىملىرىنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى لازىم. مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق كاتالوگ تۈزگۈچى خادىملارنى ئۆزلىرىنى كۈتۈپخانا خادىملىرى ئىچىدىكى مۇھىم بىر تەشكىلى قىسىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش ھەم ئۆزلىرىنى مەكتەپنىڭ بىر خىزمەتچىسى بولغانلىقىدىن شەرەپلىك ھېس قىلىدىغان بولۇشى كېرەك. ئىلمىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىپ، ئادەمنى ئاساس قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، كۈتۈپخانا رەھبەرلىكىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە تەڭشەش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن كاتالوگ تۈزگۈچى خادىملارنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى ھەقىقىي بىلىم ئۇچۇرلارنى توپلىغۇچى ھەم تەمىنلىگۈچى خادىملاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش كېرەك. ئۇندىن باشقا مۇكاپاتلاش مېخانىزمىنى كۈچەيتىپ، خىزمەت نەتىجىسى ياخشى بولغانلارنى مۇكاپاتلاپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق قوزغىتىپ، خىزمەتتىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ،

ئۆزىنىڭ خىزمەت ئورنىدىن رازى بولۇش ئىدىيىسىنى تىكلەش كېرەك، شۇنداقلا ئاكتىپلارنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ناچارلارنى شاللايدىغان، تاللىشىپ خىزمەت ئورنىغا چىقىدىغان تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇپ، ھەر بىر خادىم ئۆز خىزمىتىنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئىشلەيدىغان كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

(3) ياخشى خىزمەت مۇھىتى يارىتىش كېرەك.

ياخشى خىزمەت مۇھىتىغا ئىگە بولۇش — خىزمەتچى خادىملارنىڭ تەن ساغلاملىقىنى ياخشىلاپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە زور پايدىسى بار، كاتالوگ تۈزگۈچى خادىملار ئادەتتە كۇتۇپخانا ئىچىدىكى سەبداشلىرى، كۇتۇپخانا سىرتىدىكى كەسپداشلىرى ۋە ئوقۇرمەنلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئۆز ئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىش ئارقىلىق تىرىشىپ، كىشىلىك ئالاقە مۇھىتىنى يارىتىشى كېرەك، ئۇندىن باشقا ئېكىسكۇرسىيە قىلىش، ئۆز ئارا ئۆگىنىش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش جەريانىدا ئۆزىنىڭ بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئىناق-ئىتتىپاق بولۇپ، ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىپ ئىشلەپ، ئۆزىدىكى چۈشكۈنلۈكنى تۈگىتىپ، ئۆز خىزمىتىدىن رازى بولىدىغان قىلىش لازىم.

(4) كاتالوگ تۈزگۈچى خادىملارنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

ئەنئەنىۋى مەشغۇلات قىلىدىغان دەۋر بىلەن خوشلىشىپ، ئۇچۇر-كومپيۇتېر بىلەن مەشغۇلات قىلىدىغان دەۋرگە قەدەم قويغاندىن باشلاپ، كاتالوگ تۈزۈش خىزمىتى ئەسلىدىكى بېكىنمە يېپىق ھالەتتىن ھازىرقى كومپيۇتېر بىلەن مەشغۇلات قىلىدىغان ئاپتوماتلاشقان، تورلاشقان، ئۇچۇر دەۋرگە قەدەم قويدى، كاتالوگ مەزمۇنى بۇرۇنقى بىر ۋاراق قەغەز ھالىتىدىن ھازىر كومپيۇتېردا ئوقۇلىدىغان، سېپىرلىق ئۇچۇر شەكلىگە ئايلاندى، يۇقىرىقى ئۆزگىرىشلەر كاتالوگ تۈزۈش خىزمىتىنىڭ ئۆلچىمىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىنى، خىزمەتنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنىڭ ئاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، شۇڭا كاتالوگ تۈزگۈچى خادىملارغا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇلماقتا. بۇنىڭ ئۈچۈن: بىرىنچىدىن، كەسپى ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. ئۇچۇر دەۋرىدىكى كاتالوگ تۈزۈش خىزمىتى، بىرگە ماھىر كۆپكە قادىر بولغان ئىختىساسلىق خادىملارغا ئېھتىياجلىق، يارامىلىق بىر كاتالوگ تۈزۈش خادىمى بولۇش ئۈچۈن، مۇقەررەر ھالدا پىشقان كەسپى نەزەرىيىۋى ساپا ۋە كەسپى پەن-تېخنىكا ساپاسى بولۇش لازىم. جۇڭگو كۇتۇپخانىلىرىنىڭ كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى، MARC شەكلىدە كىتابلارنى خاتىرىگە ئېلىش قائىدىلىرى، ئاساسى تېما مۇھىم سۆزنى تاللاش قائىدىسى قاتارلىقلار، كاتالوگ تۈزۈش خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئاساسى بولۇپ، كاتالوگ تۈزگۈچى خادىملار ئۆز كەسپى بىلىملىرىنى چوقۇم پىششىق ئىگىلىشى لازىم. ھازىر كۆپ ساندىكى ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى كومپيۇتېر ئارقىلىق كاتالوگ تۈزۈشنى يولغا قويغان بولۇپ، بىرلەشمە كاتالوگ ئارقىلىق سانلىق مەلۇماتلار، ئۇچۇرلار، دائىرە ئاتلاپ ئورتاق پايدىلىنىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. مۇشۇنداق شارائىتتا كاتالوگ تۈزگۈچى خادىملار كومپيۇتېر مەشغۇلاتىغا پىششىق بولۇشى، خىزمەتتە ئىنچىكە بولۇشى، ئەستايىدىل سەۋرچانلىق بىلەن مەشغۇلات قىلىدىغان خىزمەت ئىستىلىنى تۇرغۇزۇپ، سانلىق مەلۇماتلارنىڭ تولۇق، توغرا، ئۆلچەملىك، سۈپەتلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، خىزمەت ۋەزىپىسىنى يۇقىرى ئۈنۈم، تېز سۈرئەت بىلەن ئورۇنلىشى لازىم. كاتالوگ تۈزگۈچى خادىملارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۇلاردىكى يوشۇرۇن كۈچنى قېزىپ چىقىشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. مەسىلەن: كاتالوگ تۈزۈش داۋامىدا خادىملار كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتابلارنىڭ قۇرۇلمىسى، تۈرلەرگە ئايرىلىشى، مەزمۇنى قاتارلىقلارنى پىششىق ئىگىلەپ ئالالايدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكتىن پايدىلىنىپ، ئوقۇرمەنلەرگە مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەكلىپ قىلىسا بولىدۇ. ئومۇمەن كاتالوگ تۈزگۈچى خادىملار ئۆز ئالاھىدىلىكلىرىدىن پايدىلىنىپ،

www.uyghurkitap.com



ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىپ، خىزمەت مەزمۇنىنى موللاشتۇرۇپ، ئۆز قىممىتىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق، ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتىنى تۈگىتىپ، كۈتۈپخانا خىزمىتىدىكى تۈرلۈك ئاجىز ھالقىلاردىن ساقلىنىپ، ئۆز خىزمىتىگە سادىق بولۇش روھىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، تەن ساغلاملىق ساپاسى ۋە پىسخىك ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. تەن ساغلاملىق ـ ئادەم بەدىنىنىڭ سالامەتلىكىنى، پىسخىكا ـ ئادەمنىڭ پىسخىك ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ. بىر ئادەمنىڭ پىسخىكىسى ۋە تەن سالامەتلىكى ساغلام بولغاندىلا، ھەقىقى ساغلام بولغان بولىدۇ. شۇنداقلا خىزمەتنى ياخشى ئىشلىيەلەيدۇ. جاپالىق خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئۈز ئۈستىگە ئالغان، ھەر بىر كاتالوگ تۈزگۈچى خادىم مۇستەھكەم ئىرادە تىكلەپ، ئاكتىپ پوزىتسىيە بىلەن خىزمەتتىكى تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا تاقابىل تۇرۇشى، ئۆز ـ ئۆزىنى تەڭشەشكە ماھىر بولۇپ، خىزمەتتىكى بېسىمنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۆزىنى چېنىقتۇرۇشى لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن، جىسمانىي جەھەتتىن چېنىقىشقا ئەھمىيەت بېرىشى، خىزمەت ئارىلىقىدا قەرەللىك ھالدا ساغلاملىق گىمناستىكىسى ئوينىاش، كۆزنى دەم ئالدۇرۇش ئارقىلىق، نورمال بولغان روھى ساغلاملىق ۋە تەن ساغلاملىقىنى ساقلاپ، تولۇپ تاشقان جۇشقۇن روھ يېتىلدۈرۈشى كېرەك.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئالىي مەكتەپ كۈتۈپخانىلىرىدىكى كاتالوگ تۈزگۈچى خادىملارنىڭ كەسپتىن زېرىكىش ھادىسىسى — جەمئىيەت، مەكتەپ ۋە خىزمەتداشلارنىڭ ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېرىشىشى لازىم. مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىپ، ئۈزلۈكسىز تىرىشىپ، كاتالوگ تۈزگۈچى خادىملارنىڭ كەسپتىن زېرىكىش پەيدا قىلىدىغان ئامىللارنى تۈگەتكەندىلا، ئۇلارنىڭ خىزمەت ئاكتىپچانلىقى قوزغىلىپ، كاتالوگ تۈزۈش خىزمىتىنىڭ سۈپىتىنى ۋە ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى، كۈتۈپخانا ئىچىدىكى باشقا بۆلۈملەر بىلەن ياخشى ماسلاشتۇرغىلى، كۈتۈپخانىنىڭ ئىقتىدارىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ئەلا مۇلازىمەت قىلغىلى بولىدۇ.

## پايدىلانمىلار

[1] 张謇. 高校图书馆员工职业倦怠问题解析[J]. 图书情报知识, 2006(3).

[2] 杨秀玉. 西方教师职业倦怠研究述评[J]. 外国教育研究, 2005, 32(11).

[3] 高博. 工作压力与工作倦怠的联系与区别[J]. 图书馆工作与研究, 2008. 8.

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل كىچىككئاخۇن

ماقالە نومۇرى:04-137-03 (2009) 1005-5878

# كۇتۇپخانىنىڭ ساپا مائارىپىدا تۇتقان ئورنى ۋە رولى توغرىسىدا*

رەنا ئالىم

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى، ئۈرۈمچى، 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئومۇمىي خەلق ساپا مائارىپىنى كۈچەيتىش دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم ھالقا. ماقالىدە كۇتۇپخانىلارنىڭ ئومۇمىي خەلق ساپا مائارىپىنى كۈچەيتىشتىكى ئەۋزەل شەرت-شارائىتلىرى شەرھلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كۇتۇپخانىلارنىڭ ئومۇمىي خەلق ساپا مائارىپىدا تۇتقان ئورنى، بولۇپمۇ چوڭلار مائارىپى ۋە ئۈزلۈكسىز مائارىپنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى مۇھىم رولى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**摘要：** 加强全民素质教育是增强国家综合能力的主要关键，校主要论述了图书馆加强全民素质教育的优越条件，于此同时提出了图书馆在全民素质教育的地位特别是贯彻成人教育和继续教育主要作用。

**Abstract:** Strengthening the people's level education is an important part of improving the nation's overall ability; this article explicates the superior requirements and environment of libraries in strengthening the people's overall level education. Along with this, the role of libraries in the people's overall level education, especially its important role in sustaining adult education and continution education, is put forward for consideration.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G25 ماتېرىيال بەلگىسى: A

پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى، ھەتتا پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا ئەمگەكچىلەر ساپاسىنىڭ يۈكسىلىشى ھەمدە زور مىقداردىكى لاياقەتلىك خادىملارنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا باغلىق. ئومۇمىي خەلقنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش دۆلەتنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشتىكى ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى، شۇنداقلا دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم تەدبىرى.

ئۇنىۋېرسال ساپانى ئۆستۈرۈش، دۆلەت ئومۇمىي خەلققە نىسبەتەن يۈرگۈزگەن ئۇزاق مۇددەتلىك تەربىيىلەش يۆنىلىشى ۋە نىشانى شۇنداقلا دۆلەت پۇقرالارغا بەلگىلىگەن مەجبۇرىيەت ۋە ئۆلچەم. كىشىلەر مۇشۇ ئاساستا سىياسىي، ئىجتىمائىي ئېڭىنى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمدارلىقى ۋە ئىقتىساد ئېڭىنى، بازار رىقابىتى ۋە ئۈزلۈكسىز تەرەققىيات قارىشىنى، ئىجتىمائىي ۋە كەسپىي ئەخلاق چۈشەنچىسىنى، تىل-يېزىق تۈرلۈك ئۇچۇر، ئۇچۇرلاردىن پايدىلىنىش ۋە باشقا كۆپ قاتلاملىق ئىقتىدارلىرىنى يېتىلدۈرەلەيدۇ ۋە يۇقىرى كۆتۈرەلەيدۇ.

ئومۇمىي خەلق ساپا مائارىپى كۆپ قىرلىق، كۆپ قاتلاملىق ئىجتىمائىي مائارىپ ۋە تەربىيىلەش پائالىيىتى بولۇپ، بۇ بەلگىلىك

* بۇ ماقالە 2008-يىلى 10-مارت تاپشۇرۇپ ئېلىندى.

ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى: رەنا ئالىم (1971-يىلى 11-ئايدا تۇغۇلغان). كىتاب باشقۇرغۇچى، كۇتۇپخانا باشقۇرۇش تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

دەرىجىدىكى مۇقىم تەربىيىلەش ۋە نىشانلىق يېتىشتۈرۈش خاراكتېرىگە ئىگە. شۇڭا ئۇ دۆلەتنىڭ تۈرلۈك مائارىپ ۋە مەدەنىيەت سىستېمىلىرىنىڭ ئورتاق كۈچ چىقىرىشى ۋە قوللىشىدىن ئايرىلالمايدۇ.

كۈتۈپخانا بىر خىل مەدەنىيەت ئاپپاراتى بولۇپ، ئۇ ئومۇمىي خاراكتېر ۋە فۇنكسىيە جەھەتتە مائارىپ بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان تەربىيىلەش مۇئەسسەسەسىدۇر. بۇنداق بولۇشىنى كۈتۈپخانىنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە خاراكتېرى ۋە خۇسۇسىيىتى بەلگىلىگەن.

1) كۈتۈپخانا مەدەنىيەت ۋە ئۇچۇر مەركىزى

كۈتۈپخانا ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ سەمەرىسى بولۇپ، ئۇ ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىياتىغا ماس ھالدا پەيدا بولۇپ ۋە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ كەلدى. ئۇ ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەپ، پۈتكۈل ئىنسانلار مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ يۈكسەك ۋەكىلى سۈپىتىدە ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەرنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ بەلگىسى ۋە ئۆلچىمى بولۇپ كەلدى.

كۈتۈپخانا پەيدا بولغاندىن تا بۈگۈنگە قەدەر، ئىنسانلار بىلىمىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنى تۈرلۈك ۋاسىتىلەر، بولۇپمۇ نەشرى بۇيۇملار ئارقىلىق توپلاپ ۋە يىغىپ، ئۇنى ئىنسانلارنىڭ ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە ئاساس سالدى ھەم خىزمەت قىلدۇردى. ئىنسانلار كۈتۈپخانىدىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە مەدەنىيەت يۇرتىدا ئۆزىنىڭ قىزىقىشى ۋە تاللىشى ئاساسىدا تۈرلۈك ئۇچۇر ۋە بىلىملەردىن بەھرىمان بولدى ھەم بولماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كىشىلەر يەنە بۇ يەردە بىلىم ـ ئۇچۇر ئىگىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى كېڭەيتىپ ھەم چوڭقۇرلاشتۇرۇپ دۇنيانى، تەبىئەتنى، ئىنسانلار جەمئىيىتىنى ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلەپ، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلاندى. كۈتۈپخانىدىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە سورۇندا كىشىلەر ئۆزئارا ئۇچرىشىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش، تەجرىبە توپلاشتەك بىر يۈرۈش پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈپ كەلدى. دېمەك، كۈتۈپخانا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن ئالاھىدە ئورۇن تۇتۇپ كەلدى.

2) كۈتۈپخانا ئۆزگىچە شەكىلدىكى دەرسخانا

كۈتۈپخانا پەيدا بولغاندىن تا ھازىرغا قەدەر كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشتىكى ئالاھىدە دەرسخانا بولۇپ كەلدى. كۈتۈپخانىدا تۈرلۈك ئۇچۇر، ھۆججەت ماتېرىياللار توپلانغان ھەم ساقلانغان بولۇپ، ئۇلار بەلگىلىك قائىدە ـ قانۇنىيەتلەر ئاساسىدا تەرتىپلىك ئورۇنلاشقان بولۇپ، جەمئىيەتتىكى كەڭ پەن ـ تېخنىكا تەتقىقات خادىملىرى ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىپ قالماي، بەلكى ھەر ساھە ـ ھەر كەسىپتىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆز بىلىملىرىنى ئۆستۈرۈش، مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى ئەڭ مۇۋاپىق جايى ھېسابلىنىدۇ. كۈتۈپخانا كەڭ جەمئىيەت ئەزالىرىغا ئېچىۋېتىلگەن بولۇپ، بۇ يەردە ئوقۇرمەنلەر ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. كۈتۈپخانىدىكى پۈتكۈل ئۇچۇر ماتېرىياللار تۈر جەھەتتە ھەم سان جەھەتتە چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. ھەر قانداق بىر كەسىپ ھەر قانداق بىر ساھەدىكى، بىلىم قۇرۇلمىسى ھەم بىلىم قاتلىمىغا ئىگە بىر ئادەم زامان، ماكانىنىڭ چەكلىمىسىدىن مۇستەسنا ھالدا بىمالال ئولتۇرۇپ، ئۆزىگە ئېھتىياجلىق ئۇچۇر ھۆججەتلەرگە ئېرىشەلەيدۇ. بۇ يەردە ئوقۇتقۇچىنىڭ بولۇشى شەرت قىلىنمايدۇ. پەقەت كۈتۈپخانا ئۆزىنىڭ ئەتراپلىق

مۇلازىمىتى ۋە ئەلا مۇھىتى بىلەن ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان مۇلازىمەتلەر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بۇ جەھەتتە كۇتۇپخانا ھېچقانداق مەدەنىيەت مۇئەسسەسى ئورۇندىيالمايدىغان ئالاھىدە خاراكتېر ۋە ئىمتىيازغا ئىگە.

3) كۇتۇپخانا ئەلا مۇھىتلىق ئۈچۈر كۆزنىكى

كۇتۇپخانا مۇھىت جەھەتتە پۈتۈنلەي ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلغان بولۇپ، مەيلى ئىچكى جەھەتتىكى ھەر قايسى كەسپىي ھالقىلاردا بولسۇن ياكى تېخنىكا جەھەتتىكى ئۆتكەللەردە بولسۇن ۋە ياكى تاشقى مۇھىت جەھەتتىكى ئورۇنلاشتۇرۇشلاردا بولسۇن، ھەممىدە ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتەك تۈپ نىشان ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

كۇتۇپخانا ماتېرىيال كىرگۈزۈش، رەتلەش، توپلاش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش جەھەتتە پۈتۈنلەي ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىدۇ. گېزىت-ژۇرنال قاتارلىق دەۋرلىكى بىر قەدەر يۇقىرى ھۆججەت-ماتېرىياللار تولۇق ھەم تېز كىرگۈزۈلگەندىن سىرت، ھەرخىل تىل-يېزىقتىكى، ھەرخىل مەزمۇندىكى كىتاب-ماتېرىياللارمۇ كەڭ كۆلەمدە كىرگۈزۈلىدۇ، ھەم قانۇنىيەتلىك ھالدا تەرتىپلىك ساقلىنىدۇ. ھەر قانداق بىر ئوقۇرمەن ئۆزىگە ئېھتىياجلىق بولغان كىتاب-ماتېرىياللارنى ئەركىن تاللاش پۇرسىتىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

كۇتۇپخانا يەنە تەرەققىيات جەھەتتە پۈتكۈل جەمئىيەت تەرەققىياتى بىلەن بولغان ماس قەدەملىكنى ئىشقا ئاشۇرغان بولۇپ، ئۈچۈر تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈش ۋە ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇشتا ئىزچىل تۈردە ئاۋانگارت بولۇپ كەلدى. بۈگۈنكى كۇتۇپخانىلار تورلاشقان، ئېچىۋېتىلگەن، سىفىرلىق كۇتۇپخانىلارغا ئايلىنىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ كەلمەكتە.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا كۇتۇپخانىلارغا نۇرغۇن ئەسلىھەلەر سەپلەنگەن بولۇپ، پاكىزە، ئازادە، راھەت، كۆڭۈللۈك بولغان بىرخىل ئىلمىي پۇراققا ئىگە ئالاھىدە مۇھىت يارىتىلغان. يۈزلىگەن، مىڭلىغان ئوقۇرمەنلەر بىرلا ۋاقىتتا بەھرىمەن بولىدىغان قىرائەتخانىلار، ئېلېكترونلۇق قىرائەتخانىلار ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇنىڭدىن سىرت كۇتۇپخانا يەنە يېشىل ھايات قۇرۇلۇشىنى يولغا قويغان بولۇپ، ئىچكى جەھەتتە چاڭ-توزاندىن خالىي، ئىس-تۈتەكتىن خالىي، شاۋقۇن-سۈرەندىن خالىي كۆڭۈلدىكىدەك بىلىم يۇرتىغا ئايلىنىپلا قالماستىن، بەلكى تاشقى مۇھىت جەھەتتىكى سېلىنمىغىمۇ نۇرغۇن كۈچ چىقارغان. ھازىرقى كۇتۇپخانىلار دەل-دەرەخ، گۈل-گىياھلارغا پۈركەنگەن يېشىللىق ئالىمىگە مەنسۇپ بولغان يىپ-يېڭى ئارامگاھلارغا ئايلاندى. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، كۇتۇپخانىلار ئۆزىدىكى تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي شەرت-شارائىتلارنىڭ مۇمكىنچىلىكى دائىرىسىدە ئۆز فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىجتىمائىي تەرەققىيات، جۈملىدىن مەدەنىيەت-مائارىپ ۋە ئومۇمىي خەلق مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كۇتۇپخانا جەمئىيەتتىكى مۇھىم بىر مەدەنىيەت ئاپپاراتى بولۇپ، مەيلى ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە بولسۇن مەيلى تەبىئىي پەن ساھەسىدە بولسۇن، بەلگىلىك دەرىجىدە تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، ئومۇمىي خەلق ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىدە تەربىيىلەش، يېتەكلەش ۋە تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم رول ئويناپ كەلدى. بۇنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

(1) بىلىش ۋە ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولدى. كۇتۇپخانىلار ئۆزىدىكى مول

www.uyghurkitap.com



بىلىم ۋە ئۇچۇر زاپىسى، جۇغلانمىنىڭ ياردىمىدە كەڭ خەلقنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك ۋە ئەڭ قۇلايلىق بىلىم ئىگىلەش سورۇنى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە كېرەكلىك بىلىملىرىنى ئىگىلىشى، بىلىم قۇرۇلمىسىنى مۇستەھكەملەپ ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە، جۈملىدىن ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ ئۆسۈشىگە غايەت زور ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىپ، ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولدى.

(2) ماس قەدەملىك تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈردى. كۇتۇپخانىلار ئۆزىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تەرەققىيات تارىخىدا كىشىلەرنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆسۈۋاتقان مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك بىلىم ئۇچۇر ۋاستىلىرى، جۈملىدىن نەشرى بۇيۇملارغا بولغان ئېھتىياجى بىلەن نەشرىيات ئورۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا ماسلاشتۇرۇش ۋە تەڭشەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ ۋاستىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى.

(3) ئىلىم ـ پەننىڭ ئومۇملىشىشى ۋە مائارىپنىڭ تەرەققىياتىغا ياخشى ئىمكانىيەت ياراتتى. كۇتۇپخانا ئۆزىنىڭ ئەلا مۇلازىمىتى ۋە ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىتى بىلەن ئاساسىي مائارىپ ئۈستىگە ئالالمىغان ئالاھىدە بىر مائارىپنى يەنى چوڭلار مائارىپى بىلەن ئۆزلۈكسىز مائارىپنى ئۈستىگە ئالدى.

ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەردىن بويان كۇتۇپخانا ئۆزىدىكى بىلىم ـ ئۇچۇر جۇغلانمىسى بايلىقىغا تايىنىپ، تۈركۈم ـ تۈركۈم ئىختىساسلىقلار قوشۇنىنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئاساس سالدى. بولۇپمۇ چوڭلار مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش، پۈتكۈل خەلق ئومۇمىي ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئىجابىي تەسىر كۆرسەتتى. بۈگۈنكى بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە كۇتۇپخانىلار يەنە داۋاملىق تەربىيىدىن ئىبارەت يېڭى تارىخىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالدى.

ئومۇملاشتۇرغاندا، كۇتۇپخانىلار ئۆزىدىكى تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئەۋزەللىكلەر ئارقىلىق ئۆز فۇنكسىيىسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە پۈتكۈل خەلقنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسىنى ۋە ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناپ، ئومۇمىي خەلق ساپا مائارىپىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ۋە تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

## پايدىلانمىلار

[1]孔燕. 论图书馆与全民素质教育[J]. 科技情报开发与经济,2007(4.)
[2]孙治钢. 论强化县公共图书馆在全民素质教育中的作用[J]. 中国成人教育, 2007(14).
[3]姜冬云. 论图书馆在全民素质教育中的作用[J]. 边疆经济与文化, 2007(2).

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن

# Journal of Xinjiang University

(Philosophy and Social Sciences, Uygur Edition)

Vol.30, Iss.3(Total:119) September 2009

## Contents

Historical Comparative Method and Comparative Method in Divanu Lugahat-it Turk ........ *Omar Davut* (1)

On the Category of Aspect in Modern Uyghur ........ *Abduréhim Rakhman* (13)

An Exposition on Innovation in the Structure of Our School's Political Leader Students Group ........ *Erkin Muhemmettursun* (20)

Thoughts on the Dolan Uyghurs' Song and Dance from the Perspective of Ecological Culture ........ *Chimen Nejmidin* (27)

The Condition of the Development of Service Trades in Xinjiang, and Measures for Dealing with Some Persistent Problems ........ *Élyas Jalalidin and Ablimit Kérem* (33)

On Some Problems which Exist in the Teaching Work of Young Teachers Currently Working at Colleges and Measures for Alleviating Them ........ *Zulhayat Isma'il* (41)

Reduplicating Words in the Modern Uyghur Language ........ *Reshide Hémit* (46)

On Other Languages' Influence on the Phonetics of the Uyghur Language ........ *Ruqiye Osman* (49)

A Re-examination of the Usage of Grapes in Ancient Uyghur Medicine ........ *Abliz Muhemmet Sayrami* (53)

On Color in the Uyghurs' Culture, and on the Symbolic Meanings Expressed in It ........ *Ablimit Muhemmet Yiltizliq* (64)

On How Creative Works Written on Productive Themes Ought to Be ........ *Muhemmet Abliq Böreyar* (71)

On the Myth-like Character of Recent Uyghur Prose Works ........ *Batur Mekhsut* (76)

On the Portrayal of Women in the Novellas of Zordun Sabir ........ Sheripe Ghopur (88)

On Rules Governing the Correct Receipt of Goods ........ *Gheyret Nurekhmet* (97)

On the Necessity of Maintaining a Scholarly Attitude when Learning the History of Chinese Law ........ *Erkin Tokhti* (105)

On the Necessity of Extending Adult Education to the Villages ........ *Mukhter Ebeydulla* (111)

On Problems Remaining in Teaching the Textbook "Selections from Modern Chinese Literature" in Chinese, and on Methods for Resolving Those Problems ........ *Güljamal Abit* (115)

A Short Exposition on Psychological Advice and Psychological Treatment ........ *Asiye Hékim*(119)

On the Importance of Teaching Materials in Learning Foreign Languages ........ *Roshan Imin* (125)

On Factors in the Boredom which Cataloguers in College Libraries Feel Toward Their Profession ........ *Salamet Semet* (131)

On the Place and Role of the Library in Level Education ........ *Rena Alim* (137)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ВЕСТНИК СИНЬЦЗЯНСКОГО УНИВЕРСИТЕТА
(Трёхмесячный журнал философи и общественной науки на уйгурсом языке)
№.3.2009г (Общий: № 119)

# СОДЕРЖАНИЕ

Историческое сравнение и способы сравнения в《словаре тюрских наречий》 ········ Умар Давут (1)

Вид глаголов в современном уйгурском языке ········ Абдурехим Рохман (13)

О воспитании преподавателей – политруков в нашем университете ········ Аркин Маматтурсун (20)

Взгляд на доланское танцевальное искусство с точки зрения экологической культуры ········ Чимэн Наджмидин (27)

Развитие отрасли бытового обслуживания суар и способы решения существующих в ней проблем ········ Ильяс Джалалидин, Аблимит Керэм (33)

Существующие вопросы в преподавательской работе вузов и способы их решения ········ Зульхаят Исмаил (41)

Повторы в современном уйгурском языке ········ Рэщида Хемит (46)

Влияние других языков на фонетику уйгурского языка ········ рукия усман (49)

Повторное изучение роли винограда в древней уйгурской медицине ········ Аблиз Мухаммад Сайрами (53)

Культура и символическое значение красок среди уйгуров ········ Аблимит Мухаммат Йилтизлик (64)

Особенности произведений на переходные темы ········ Мухаммад Аблиз Борэяр (71)

Мифический стиль в современной уйгурской прозе ········ Батур Махсут (76)

Женские образы в повестях зурдуна сабира ········ Щарифа Абдугопур (88)

О доброжелательном получении имущественных прав ········ Гайрат Нурьэхмат (97)

Необходимость научного отношения к изучению истории законодательства китая ········ Аркин Тохти (105)

Необходимость обучения взрослых в деревнях ········ Мухтар Абайдулла (111)

Существующие вопросы в преподавании «хрестоматии современной китайской литературы» и способы их решения ········ Гульджамал Абит (115)

Краткое рассуждение психологического запроса и психологического лечения ········ Асия Хеким (119)

Роль учебника в изучении иностранных языков ········ Рощан Иминь (125)

Факторы апатии работников, составляющих каталог в библиотеках вузов ········ Саламэт Сэмэт (131)

Место и роль библиотеки в качественном образовании ········ Рэна Алим (137)

# پروفېسسور ئۈمىد خالىق
# 玉米提．哈力克教授



ئۈمىد خالىق، ئۇيغۇر، پروفېسسور، ئېكولوگىيە ئىلمى بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن دوكتور، ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى. ئۈمىد خالىق 1966-يىلى 2-ئاينىڭ 16-كۈنى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاۋات ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1982-يىلى 7-ئايدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. 1982-يىلى 9-ئايدىن 1987-يىلى 7-ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇغراپىيە كەسپىدە ئوقۇغان. 1990-يىلى 7-ئايدا «قۇرغاق رايونلارنىڭ بىئولوگىيىلىك بايلىقلىرىنى قوغداش» كەسپى بويىچە ئاسپىرانتلىق ئوقۇشىنى تاماملاپ، ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1990-يىلىدىن 1996-يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇغراپىيە فاكۇلتېتىدا ئاسسىستېنت، لېكتور بولۇپ ئىشلىگەن. 1996-يىلى شاڭخەي تۇڭجى ئۇنىۋېرسىتېتىدا گېرمان تىلى بويىچە بىر يىل بىلىم ئاشۇرغان. 1997-يىلى 5-ئايدىن 2002-يىلى 11-ئايغىچە گېرمانىيە بېرلىن پەن-تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇھىت پىلانلاش ۋە باشقۇرۇش ئىنستىتۇتىدا دوكتورلۇق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان.

پروفېسسور ئۈمىد خالىق تاماملىغان «شىنجاڭنىڭ ھەسەل مەنبەلىك ئۆسۈملۈكلىرى بايلىقى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش» ناملىق ئاسپىرانتلىق ماقالىسى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن خەنزۇچە (1993-يىلى) ۋە ئۇيغۇرچە (1995-يىلى) ئىككى خىل تىلدا نەشر قىلىنغان ھەم 1993-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پەن-تەتقىقات نەتىجىلىرىنى باھالاشتا 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇ تاماملىغان « قۇرغاق رايونلاردا شەھەر كۆكەرتىشنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئاساسلىرى — تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىق شەھەرلىرى مىسالىدا» ناملىق چوڭ ھەجىملىك دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى 2003-يىلى 5-ئايدا گېرمانىيىدە گېرمان تىلىدا نەشر قىلىنغان. 450 مىڭ خەتلىك بۇ ئەسەر تا بۈگۈنگىچە گېرمانىيىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان شىنجاڭ ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردا ئاساسلىق قورال كىتاب بولۇپ كەلمەكتە.

پروفېسسور ئۈمىد خالىق تولۇق كۇرس ۋە ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىلارغا «مۇھىت ئىلمى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «ئېكولوگىيىلىك پىلانلاش ۋە باشقۇرۇش»، «لاندشافت ئېكولوگىيىسى»، «مۇھىت ئېكولوگىيىسى ئىلمى»، «شەھەر ئېكولوگىيىسى ئىلمى»، «ئايلانما ئىقتىساد ۋە ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى» قاتارلىق 10 نەچچە خىل دەرس ئۆتكەن. ئۇ ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن بىرگە، كۆپ تەرەپلىمە ئىلمىي تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئېكولوگىيىسى تەتقىقات ساھەسىدە، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا بەلگىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن.

2002-يىلىدىن بېرى، ئۇ «تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىغا جىددىي سۇ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈمىگە مىقدارلىق باھا بېرىش» ئاساسلىق تېما قىلىنغان يەتتە تەتقىقات تۈرىگە مەسئۇل بولۇپ، تەتقىقات ئۇسۇلى ۋە تەتقىقات نەتىجىسى جەھەتتە بەلگىلىك يېڭىلىق ياراتقان. 2004-يىلىدىن بېرى، ئۇ يەنە جۇڭگو-گېرمانىيە ھەمكارلىقىدىكى «شىمالىي جۇڭگو رايونلىرىدا كۆمۈر قاتلاملىرىغا ئۆزلۈكىدىن ئوت كېتىش ئاپىتىنىڭ سەۋەبلىرى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش»، «توغراق ئورمىنىنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە ئەسلىگە كېلىش ئىمكانىيىتىنى مىقدارلىق دەلىللەش» قاتارلىق تەتقىقات تۈرلىرىگە جۇڭگو تەرەپتىن باشچىلىق قىلىپ، ئىلمىي نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇ ھازىرغىچە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مەتبۇئات ۋە نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرناللاردا تۆت پارچە ئىلمىي كىتاب، 30 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان.

ئۇ ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بايلىق ۋە مۇھىت ئىلمى ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، گېرمانىيە بېرلىن پەن-تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپلىك تەتقىقاتچىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق بوستانلىق ئېكولوگىيىسى نۇقتىلىق تەجرىبىخانىسىنىڭ تەتقىقات تايانچىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ياش پەن-تېخنىكا خادىملىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى، گېرمانىيە خەلقئارا ئىلىم-پەن ئالماشتۇرۇش مەركىزى (DAAD) نىڭ شىنجاڭدىكى ئالاھىدە ۋەكىلى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

www.uyghurkitap.com


主　　编：乌斯曼·斯马义·塔里木
副　主　编：阿布都肉苏力·克其克阿洪
副　主　编：康巴尔尼沙　·买买提阿吉
本期执行编辑：阿布都肉苏力·克其克阿洪
封　面　设　计：亚森江·木沙

باش مۇھەررىر:  ئوسمان ئىسمايىل تارىم
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:  ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:  قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى
بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:  ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى:  ياسىنجان مۇسا





# 新疆大学学报

（哲学社会科学维文版）

（季刊）

（1980 年创刊）

2009 年 9 月 1 日（第 30 卷第 3 期）

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

(پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

(پەسىللىك ژۇرنال)

نەشر قىلىنغان يىلى: 1980 - يىلى

2009 - يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى (30 - يىللىق 3 - سان)

主管单位：新疆大学
主办单位：新疆大学
出版单位：新疆大学学报编辑部
地　　址：乌鲁木齐市胜利路 14 号
邮　　编：830046；电话：0991—8582927
电子信箱：xuebao@xju. edu. cn
印刷单位：新疆大学印刷厂
国内发行：全国各地邮政局
国外发行：中国国际图书贸易总公司
（北京 399 信箱）
国际标准刊号：ISSN 1005—5878
国内统一刊号：CN 65—1034/G4—W
国外代号：5798(QR)
国内代号：58—13

باشقۇرغۇچى ئورۇن:  شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى
مەسئۇل ئورۇن:  شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى
نەشرقىلغۇچى ئورۇن:  «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېسى:  ئۈرۈمچى شەھرى غالىبىيەت يولى 14 - قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830046؛  تېلېفون نومۇرى: 0991—8582927
ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: xuebao@xju. edu. cn
باسقۇچى ئورۇن:  شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتى
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتا ئىدارىلىرى تارقىتىدۇ
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى خەلقئاراغا تارقىتىدۇ
(بېيجىڭ 399 - نومۇرلۇق خەت ساندۇقى)
خەلقئارالىق ئۆلچەم نومۇرى:  ISSN 1005—5878
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:  CN 65—1034/G4—W
خەلقئارالىق ۋاكالەت نومۇرى:  5798(QR)
مەملىكەت ئىچىدىكى ۋاكالەت نومۇرى:  58—13

定价：6.00 元

باھاسى: 6.00 يۈەن